


مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تورىدىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ژۇرنال

3 - ۋە 4 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ژۇرنال

شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تورىدىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ژۇرنال

中国期刊方阵 双效期刊 中华人民共和国新闻出版总署

ISSN 1005-5878


# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

## ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

# 新疆大学学报

# JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY


2011.4

ISSN 1005-5878

13>

9 771005 587001

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال

باش مۇھەررىر
**ئابلىكىم ياسىن**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر
**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**
**قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى**

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى
**ئابدىلىم ئابدۇرېهىم**

**مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى**

«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى»نىڭ مەسئۇلى
**ئابلىكىم ياسىن**

«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**مۇسا روزى**

«تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

«ئەدەبىيات تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**

«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
**قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى**

**2011 ـ يىللىق 4 ـ سان**
**(ئومۇمىي 128 ـ سان)**

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى
ئىنگىلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: جوش
رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: خاسىيەت غازى
بەت لايىھەلىگۈچى: ئەخمەتجان ئۆمەر

**تەھرىر ھەيئەتلەر**

ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى
ئابلىكىم ياسىن
ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان
ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر
ئابدۇقادىر جالالىدىن
ئابلىكىم ھەسەن
ئابدۇشۈكۈر موللاھ يۇرچى
ئابدۇۋەلى ھامۇت
ئادىل مۇھەممەت تۇران
ئابدۇبەسىر شۈكۈرى
ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن
ئاسىمە نىياز
پەخرىدىن ھىسامىدىن
چىمەن نەجمىدىن
دىلمۇرات ئۆمەر
راززاق تۆمۈر
راھىلە داۋۇت ئەلچىن
شىرىن قۇربان
غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر
قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى
كۈرەش مەھمۇتجان رەئىسى
مۇختەر مەخسۇت
مۇھەببەت قاسىم
ئوسمان ئىسمايىل تارىم
ئۆمەر مەھمۇت

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
32 ـ يىللىق 4 ـ سان(ئومۇمىي 128 ـ سان) 2011 ـ يىلى 12 ـ ئاي

# بۇ ساندا

## غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى .................. ئوسمان ئىسمايىل تارىم (1)
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ بايقىلىشى ......................... ئابلىكىم ياسىن (9)
يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسىي ئىدىيەسى توغرىسىدا ............تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا (17)
ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر ئاساسىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە
........................................چىمەن نەجمىدىن (27)

## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى

ئاھالىلەر كىرىم تەقسىماتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ۋە زىيادە كىرىم پەرقىنى تەڭشەشنىڭ تەدبىرلىرى
توغرىسىدا..........................................ھۆرنىسا قاسىم (33)
شىنجاڭنىڭ رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ
ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى توغرىسىدا .......................... خەلچەم ئەمەت (40)

## تىل ـ ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

ئۇيغۇر پەنجگاھ مۇقامى تېكىستى ئۈستىدە تەتقىقات ......... ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانى (45)
كاشغەردىكى نەۋايىشۇناسلىق ھەققىدە ......... كېرىمجان ئابدۇرېھىم (61)
ئۇيغۇرلارنىڭ داستىخان مەدەنىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش.......گۈلزەپەر مۇھەممەت (70)
ئۇيغۇر باللار خەلق قوشىقى ۋە ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن قۇشلار توغرىسىدا ...... ئەركىن داۋۇت ئوغۇز (75)
بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى تىراگېدىيە ئېڭى ۋە «كومۇرچى بالا» رومانى.........رىشات قاسىم (82)
تېيىپجان ئېلىيوف شېئىرلىرىدىكى فولكلورلۇق خۇسۇسىيەتلەر توغرىسىدا .........مۇختەر سۈپۈرگى (92)
باسىن غىجەك ماھارەت مەشىقى ۋە ئۇقۇم توغرىسىدا ئىزدىنىش ..........مۇھەممەت ئەلى ئابدۇكېرىم (103)

## قانۇن تەتقىقاتى

دۆلەتىمىز ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدىكى گۇۋاھلىق تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا ..........
........................................نۇرۇنگۈل توختى (110)
ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ھەققىدە..........
........................................خالىدە ئەنۋەر (121)

## ژۇرنالچىلىق تەتقىقاتى

ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئېڭى توغرىسىدا ............ دىلنۇر رەخمىتۇللا جارى (126)
دۆلەت ھالقىغان كۇتۇپخانىلارنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا ..............رەيھانگۈل تۇراخۇن (131)
زامانىۋى كۇتۇپخانىلار كىتاب ـ ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىشتا دەۋر تەلىپىگە ماسلىشىشى كېرەك..........
........................................نازۇكئاي ئابلىمىت (136)

ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېتىرى: CN65-1034/G4-W*1980*Q*A4*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2011-12

www.uyghurkitap.com

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）

第 32 卷第 4 期（总 128 期）　2011 年 12 月

# 目　录

## 西域文化研究

维吾尔民间达斯坦的分类 …………………… 乌斯曼·斯马义（1）

维吾尔文古代遗存的发现 …………………… 阿布里克木·亚森（9）

论玉素甫·哈斯·哈吉甫的政治思想 …………… 吐尔逊托合提.阿塔吾拉（17）

论改革开放 30 年来维吾尔族教育发展研究 ………… 奇曼·乃吉米丁（27）

## 政治、经济与管理学研究

浅析我国公民收入分配现状及调整收入差距的若干措施 … 约热尼沙·卡斯木（33）

新疆高区域经济增长与大学毕业生就业问题研究 …… 海丽且木·艾买提（40）

## 语言文学与文化研究

维吾尔潘吉尕木卡姆的歌词研究 ………… 阿布都鲁甫. 甫拉提（45）

论在喀什噶尔的纳瓦依研究 ………… 克力木江·阿布都热依木（61）

维吾尔族达斯提汗（食台布）文化的初探 ……… 古丽扎帕尔. 买买提（70）

初探维吾尔童谣及其所描述的鸟禽 …………… 艾尔肯·达吾提（75）

论当代维吾尔文学作品中的悲剧与《卖煤的孩子》…… 热夏提·阿斯木（82）

论铁依甫江·艾里尤夫诗歌创作中的维吾尔民俗因素 …… 木合塔尔·素皮克（92）

浅谈低音艾捷克演奏中的方式方法 ……… 买买提艾力·阿布都克力木（103）

## 法学研究

论我国民事诉讼法证人制度的完善 …………… 努荣古丽.托合提（110）

论维吾尔医药知识产权的保护 …………… 哈丽旦·安尼瓦尔（121）

## 期刊研究

论学报编辑的群体意识 ………… 迪丽努尔·热和木吐拉·加里（126）

论跨国图书馆及其发展状况 …………… 热依汗古丽·吐拉洪（131）

现代图书分类要适应时代的要求 …………… 娜祖克·阿不里米提（136）

〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2011-12

ماقالە نومۇرى: 08 ـ 001 ـ 04 (2011) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى*

ئوسمان ئىسمايىل تارىم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى نەسرىي ۋە نەزمىي تىل ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋەقەلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، ھەرخىل چالغۇلارنىڭ تەڭكىشىدە ناخشا، سۆز ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق ئورۇندىلىدىغان ئالاھىدە بىر خىل سەنئەتتۇر. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، ھازىرغىچە يۈزدىن ئارتۇق داستان توپلاپ رەتلەندى. مەزكۇر ماقالىدە ئەنە شۇ داستانلار مەزمۇن جەھەتتىن قەھرىمانلىق داستانلىرى، مۇھەببەت داستانلىرى، دىنىي داستانلار، دىداكتىك داستانلار، تارىخىي داستانلار دەپ بەش تۈرگە، ئىپادىلىنىش شەكلى جەھەتتىن نەزمىي داستانلار، نەسرىي داستانلار، نەسرىي- نەزمىي داستانلار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنگەن ۋە ھەربىر تۈرنىڭ ئالاھىدىلىكى قىسقىچە شەرھلەنگەن. ماقالىنىڭ مەقسىتى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تۈرگە بۆلۈپ چىقىپ، ئۇنى ئوگۇشلۇق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىشنىڭ يولىنى تېپىشتىن ئىبارەت.

**摘要:** 维吾尔民间达斯坦是通过诗歌和散文语言来叙述社会生活事件的、在各种乐器的伴奏下边说、边唱、边表演的一种特殊的艺术形式。维吾尔民间达斯坦丰富多彩，至今已搜集整理出一百多部达斯坦。本论文将维吾尔民间达斯坦依内容分为英雄达斯坦、爱情达斯坦、宗教达斯坦、劝喻达斯坦、历史达斯坦等五大类，依表现形式分为诗体达斯坦、散文体达斯坦、散诗体达斯坦等三大类，同时简介其各类特点。论文旨在通过比较科学的分类法，找出便利且深层研究民间达斯坦的途径。

**Abstract:** The Uygur folk dastan is a special kind of artistic form which is existed through poetry and prose that describe the events of social life, musically accompanied by a variety of musical instruments, preformed by telling and singing. The types of Uygur folk dastan are rich and varied, till now, more than 100 dastan have been collected and sorted. In this paper, the author classifies the Uyghur folk dastan into hero dastan, love dastan, religion dastan, advisory dastan and history dastan according to the contents; according to form of expressions, he classifies into poetic dastan, prose dastan and scattered verse dastan; and briefly introduces their features. The author aims at using comparatively scientific taxonomy to find out convenient and profound ways to study dastan.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I27 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇر تىلىدىكى «داستان» مەلۇم ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋەقەلىرىنى شېئىرىي شەكىلدە بايان قىلىپ بېرىدىغان ئەدەبىي ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات ئۆلگىلىرىدىن بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «پەرھاد-شىرىن»، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە-سەئىدىن» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئەنە شۇنداق ئەسەرلەردۇر. ئەمما، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولغان «داستان» يازما ئەدەبىياتتىكى «داستان» ژانىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. يازما داستانلار پۈتۈنلەي

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 6- ئاينىڭ 20-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** ئوسمان ئىسمايىل تارىم (1958ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، پروفېسسور، دوكتور، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



شېئىرىي شەكىلدە ئىجاد قىلىنسا، خەلق داستانلىرى نەسرىي تىل بىلەن نەزمىي تىلنىڭ بىرلەشمىسىدىن تۈزۈلىدۇ، يازما داستانلار يېزىق ئارقىلىق ئىجاد قىلىنىپ، يېزىق ئارقىلىق تارقىتىلسا، خەلق داستانلىرى ئاغزاكى تىلدا ئىجاد قىلىنىپ، ئاغزاكى تىل بىلەن تارقىتىلىدۇ، يازما داستانلارنىڭ مۇزىكىسى بولمايدۇ، ئەمما خەلق داستانلىرىنىڭ شېئىرىي قىسمى مۇزىكا ئارقىلىق ناخشا قىلىپ ئېيتىلىدۇ، يازما داستانلار كىتاب ئارقىلىق ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشسە، خەلق داستانلىرى مەشھۇر داستانچىلارنىڭ ئورۇنداپ بېرىشى بىلەن ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ... ۋاھاكازا. دېمەك، خەلق داستانلىرى دېگىنىمىز- نەسرىي ۋە نەزمىي تىل ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋەقەلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، ھەرخىل چالغۇلارنىڭ تەڭكىشىدە ناخشا، سۆز ۋە ھەرىكەت ئارقىلىق ئورۇندىلىدىغان ئالاھىدە بىر خىل سەنئەتتۇر.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ تاكى 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە توختىماي ئىجاد قىلىنىپ ۋە ئورۇندىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى بىلەن ئىنتايىن زىچ باغلىنىپ كەتكەن، بىر قىسىم شائىرلار خەلق داستانلىرىنىڭ ۋەقەلىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئىجادىي ھالدا يازما داستانلارنى ئىجاد قىلسا، يەنە بىر تۈركۈم خەلق سەنئەتكارلىرى شائىرلار يازغان داستانلارنى خەلق داستانلىرى شەكلىگە ئايلاندۇرغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ شېئىرىي قىسمىغا مۇزىكا ئىشلەپ، ھەر خىل سورۇنلاردا ئورۇندىغان.

تۆۋەندە بىز ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدە كلاسسىفىكاتسىيەلىك مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمىز.

## 1. ئالدىنقى ئالىملارنىڭ خەلق داستانلىرىنى تۈرگە بۆلۈشى

داستانلارنى تۈرگە بۆلۈش بىر قەدەر مۇرەككەپ مەسىلە. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملار ئۇنى خىلمۇخىل نۇقتىدىن خىلمۇخىل تۈرلەرگە بۆلۈپ كۆرسەتتى. بۇلاردىن گەۋدىلىكرەكلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: پروفېسسور مۇھەممەت زۇنۇن بىلەن پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان يازغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»[1] ناملىق كىتابتا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى «ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى داستانلار)، «ئوتتۇرا ئەسىردە ياكى ئىسلامىيەتتىن كېيىن پەيدا بولغان خەلق داستانلىرى» ۋە «يېقىنقى زامان تارىخىدا پەيدا بولغان خەلق داستانلىرى» دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلىدۇ. پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان يەنە ئۆزىنىڭ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى»[2] ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى «قەھرىمانلىق داستانلىرى»، «مۇھەببەت داستانلىرى ( رومانتىك داستانلار)»، «تارىخىي داستانلار»، «جەڭنامە داستانلىرى»، «كىتابىي داستانلار» دەپ بەش تۈرگە بۆلىدۇ. بۇ يەردىكى «تارىخىي داستانلار» دېگەن ئاتالغۇ ئالدىنقى كىتابتىكى «يېقىنقى زامان تارىخىدا پەيدا بولغان خەلق داستانلىرى» نى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىلەن مىللەتلەر نەشرىياتى بىرلىشىپ نەشر قىلغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»[3] ناملىق كىتابتىكى داستانلارنىمۇ ئابدۇكېرىم راخمان نەشرگە تەييارلىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا داستانلار «قەھرىمانلىق داستانلىرى»، «ئىشقىي-مۇھەببەت داستانلىرى»، «تارىخىي داستانلار» ۋە «تۇرمۇش- مەئىشەت داستانلىرى» دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنگەن.

پروفېسسور مۇھەممەتجان سادىق ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە»[4] ناملىق كىتابىدا پروفېسسور مۇھەممەت زۇنۇن بىلەن پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمان يازغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» ناملىق كىتابتىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۆلۈش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلىدۇ: بىرىنچىسى، «قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»؛ ئىككىنچىسى، «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى»؛ ئۈچىنچىسى، «يېقىنقى زامان ئۇيغۇر

خەلق داستانلىرى».

قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئىلمىي خادىمى ئەرشىدىنوف ئۆزىنىڭ «داستانلار دۇنياسىغا ساياھەت»[5] ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى «قەھرىمانلىق داستانلىرى» ۋە «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ، شۇنداقلا قەھرىمانلىق داستانلىرىنى يەنە ئۆز ئىچىدىن «مىفولوگىيەلىك قەھرىمانلىق رىۋايەتلەر»، «ئەپسانىۋى قەھرىمانلىق داستانلىرى» ۋە «تارىخىي قەھرىمانلىق داستانلىرى»دېگەن ئۈچ تۈرگە، مۇھەببەت داستانلىرىنى بولسا «ئىشقىي سەرگۈزەشتىلىك داستانلار» ۋە «ئىشقىي قەھرىمانلىق داستانلار» دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلىدۇ. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن كوللېكتىپ ھالدا يېزىلغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى»[6] ناملىق ئىلمىي ئەسەرنىڭ داستانلار قىسمىنى ئەرشىدىنوف يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ داستانلار يۇقىرىقىدەك بۆلۈنگەن.

تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە ئۆزبېكلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق داستانلىرىدا ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەت بار. بۇ ئىككى مىللەت داستانلىرىنىڭ ۋەقەلىكى ۋە شەكلى زور دەرىجىدە ئوخشايدۇ، يەنە كېلىپ ئەنئەنىۋى داستانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەر ئىككىلا مىللەتتە ئوخشاش تارقالغان. شۇڭا، بىز ئۆزبېك ئالىملىرىنىڭ خەلق داستانلىرىنى تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلىغىمۇ نەزەرىمىزنى ئاغدۇرۇپ كۆردۇق. «ئۆزبېك خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادى» [7] ناملىق ئىلمىي ئەسەردە خەلق داستانلىرى «قەھرىمانلىق داستانلىرى »، «رومانىك داستانلار» ۋە «تارىخىي داستانلار » دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن. رومانىك داستانلار يەنە «جەڭنامە داستانلىرى»، «قەھرىمانلىق رومانىك داستانلار»، «ئىشقىي رومانىك داستانلار»، «مەئىشەت رومانىك داستانلار» ۋە « كىتابىي داستانلار» دېگەن بەش كىچىك تۈرگە، تارىخىي داستانلار بولسا «تارىخىي قەھرىمانلىق داستانلىرى»، «تارىخىي فانتاستىك داستانلار»، «تارىخىي كونكرېت ياكى يېڭى داستانلار» ۋە «ئاۋتوبىيوگرافىك داستانلار» دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنگەن.

يۇقىرىقى ئالىملار خەلق داستانلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە تۈرگە بۆلۈپ، ئۇنىڭ دائىرىسى ۋە مەزمۇنىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ بۇ ئەمگىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. بىراق، بۇ خىل تۈرگە بۆلۈشتە بەزى نۇقسانلارمۇ ساقلانغان. ئاساسلىق نۇقسان تۈرگە بۆلۈش ئۆلچىمىنىڭ ئېنىق بولماسلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «كىتابىي داستان» دېگەن ئاتالغۇغا كەلسەك، ئۇنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، بۇ خىلدىكى داستانلارنىڭ ۋەقەلىكى يازما ئەدەبىياتتىن كەلگەن ئىكەن، شۇڭا ئۇنى «كىتابىي داستانلار» دەپ ئاتاش كېرەك ئىكەن. بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئەگەر ئەھۋال شۇنداق بولسا، داستانلارنى « كىتابقا ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان داستانلار» ۋە «ئاغزاكى ۋەقەلەرگە ئاساسەن ئىجاد قىلىنغان داستانلار» دەپ كېلىش مەنبەسى جەھەتتە ئىككىگە ئايرىپ، ئۇنى داستان كلاسسىفىكاتسىيەسىنىڭ بىر ئۆلچىمى قىلىش كېرەك. ھالبۇكى «قەھرىمانلىق داستانلىرى»، «مۇھەببەت داستانلىرى» دېگەن تۈرلەر داستانلارنىڭ مەزمۇنىنى ئاساس قىلىپ بۆلۈنگەن تۈرلەر بولغاچقا، « كىتابىي داستانلار»نى ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. « ئۆزبېك خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادى» دېگەن كىتابتىكى تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلىدا بۇ خىل ئېنىقسىزلىق كۆپ سادىر بولغان. مەسىلەن، ئۇلار «كىتابىي داستانلار» دېگەن ئاتالغۇدىن باشقا يەنە « رومانىك داستانلار» دېگەن تۈرنى ئوتتۇرىغا قويغان. «رومانىك» ئاتالغۇسى ئىپادىلەش شەكلىگە قارىتىلغان بولغاچقا، ئۇنى ئوخشاشلا «قەھرىمانلىق داستانلىرى» ۋە «مۇھەببەت داستانلىرى» بىلەن بىر قاتاردا قويۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلىنسا « پەرھاد-شىرىن» داستانىنى بىرلا ۋاقىتتا ھەم « كىتابىي داستان» ھەم «مۇھەببەت داستانى» ھەم «رومانىك داستان» غا كىرگۈزگىلى بولىدۇ. «جەڭنامە» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىمۇ ئېنىق ئەمەس، ئەگەر ئۇ جەڭ- ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن داستانلارغا قارىتىلغان بولسا، ئۇنداقتا «قەھرىمانلىق داستانلىرى» مۇ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com



ئەرشىدىنوفقا كەلسەك، ئۇ داستانلارنى «قەھرىمانلىق داستانلىرى» ۋە «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلگەن. بۇنداق بۆلۈش مۇۋاپىقتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما، ئۇ «قەھرىمانلىق داستانلىرى» نى تۈرگە بۆلگەندە «مىفولوگىيەلىك قەھرىمانلىق رىۋايەتلەر» دېگەن بىر تۈرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە ئۇنىڭغا «ئاۋېستا» «خىۋاستانىفت» قاتارلىق ئەسەرلەرنى كىرگۈزىدۇ. ئۇ يەنە «تۇمارىس»، «شىراق» رىۋايەتلىرىنى «ئەپسانىۋى قەھرىمانلىق داستانلىرى»غا كىرگۈزىدۇ. بىرچە مىف (ئەپسانە)، رىۋايەت ۋە داستان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچ ژانىرى بولۇپ، ئۇلارنى بىر نەرسە دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

بىز يۇقىرىقى ئالىملارنىڭ تۈرگە بۆلۈش ئۇسۇلىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئاساسىدا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى مەزمۇن جەھەتتىن بەش تۈرگە ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ كۆرسەتتىمىز.

## 2. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ مەزمۇن تۈرلىرى

بىرچە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەزمۇنغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

**1) قەھرىمانلىق داستانلىرى.** قەھرىمانلىق داستانلىرى-چەت ئەل باسقۇنچىلىرى ۋە تەبىئەتتىكى يىرتقۇچ كۈچلەرگە قارشى كۈرەشلەرنى، شۇنداقلا ئىچكى توپىلاڭلارنى بېسىقتۇرۇش ئۇرۇشلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان داستانلاردۇر. « ئوغۇزنامە»، «چىن تۆمۈر باتۇر»، « ئالىپ ئەرتۇڭا»، «گۆر ئوغلى»، «دەدەقۇرقۇت»، « چىستانى ئېلىكبەگ»، «يۇسۇپ-ئەخمەت»، «مىنكۇن باتۇر»،«رۇستەمى داستان» قاتارلىقلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ.

بۇنداق داستانلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا يات ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تالان-تاراج ئۇرۇشلىرىغا قارشى كۈرەشلەر تەسۋىرلەنگەن. «ئالىپ ئەرتۇڭا» داستانىدا كەيخىسراۋ قوشۇنلىرىنىڭ تۇران زېمىنىگە باستۇرۇپ كېلىشى ۋە ئەرتۇڭانىڭ ئۇنىڭغا قارشى باتۇرلارچە كۈرەش قىلغانلىقى تەسۋىرلەنسە، «گۆر ئوغلى» داستانىدىمۇ گۆر ئوغلىنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى دانىيات خانىنىڭ ھۇجۇملىرىدىن قوغداش يولىدىكى قەھرىمانلىقى بايان قىلىنىدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدىكى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ قالماق باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشلىرى، «دەدە قۇرقۇت» داستانىدىكى ئوغۇز باتۇرلىرىنىڭ قىزىلباشلارغا ۋە قاراقچىلارغا قارشى كۈرەشلىرى، «يۇسۇپ ـ ئەخمەت» داستانىدىكى يۇسۇپ بىلەن ئەخمەتنىڭ مىسىر پادىشاھىغا قارشى كۈرەشلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىنى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش يولىدا قىلغان ھەققانىي كۈرەشلەردۇر. شۇ سەۋەبتىن بۇنداق داستانلارنىڭ قەھرىمانلىرى مىللىي قەھرىمان سۈپىتىدە مەدھىيەلىنىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى ئىلاھلاشتۇرۇلىدۇ.

قەھرىمانلىق داستانلىرىدا يەنە تەبىئەتتىكى يىرتقۇچ كۈچلەرگە قارشى كۈرەشلەرمۇ بايان قىلىپ بېرىلگەن. «چىستانى ئېلىكبەگ» ئەنە شۇنداق مەزمۇندىكى داستاندۇر. ئۇنىڭدا ۋابا كېسىلى تارقىتىپ، شەھەردىكى نۇرغۇن كىشىلەرنى ھالاك قىلغان جىن-ئالۋاستىلارغا قارشى كۈرەش تەسۋىرلىنىدۇ. ئېلىكبەگ خەلقنى قۇتقۇزۇپ قېلىش يولىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، جىن ـ ئالۋاستىلارنى مەغلۇپ قىلىدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدىكى چىن تۆمۈرنىڭ يالماۋۇزنى يوقىتىشى، «دەدە قۇرقۇت» داستانىدىكى باتۇرلارنىڭ تۆپە كۆزگە ئوخشاش يىرتقۇچلارنى يوقىتىشى، «مىنكۇن باتۇر» داستانىدىكى باتۇرلارنىڭ ئەجدىھا، دىۋە، ئالۋاستى، جادۇگەر، يالماۋۇز ۋە كەلكۈن ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش كۈرەشلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

قەھرىمانلىق داستانلىرى بىر قەدەر قەدىمىي دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ توتېملىق، سېھىرگەرلىك ۋە تەبىئەتكە چوقۇنۇش كۆز قاراشلىرى روشەن ئەكس ئەتكەن، شۇنداقلا قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش-نىزالار، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ بارلىققا كېلىپ،

مىللەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىلىشىغا ئوخشاش مەزمۇنلارمۇ ئىپادىلەنگەن. «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى ئىلاھىي بۆرە، ئىلاھىي دەرەخ، ئىلاھىي نۇر تەسۋىرلىرى ۋە ئوغۇزخاننىڭ قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش يولىدىكى ئۇرۇشلىرى ئەنە شۇنداق مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ.«گۆر ئوغلى»، «دەدە قورقۇت» داستانلىرىدىمۇ بۇنداق قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت-توقۇنۇشلار روشەن ئەكس ئېتىدۇ.

**2) مۇھەببەت داستانلىرى.** بۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ۋىسالغا يېتىش يولىدىكى جاپالىق سەرگۈزەشتىلىرى ياكى پاجىئەلىك تەقدىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان داستانلاردۇر. مۇھەببەت داستانلىرىنى ئىپادىلەش شەكلىدىكى پەرقلەرگە ئاساسەن «سېھىرلىك مۇھەببەت داستانلىرى» ۋە «رېئالىستىك مۇھەببەت داستانلىرى»دىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

سېھىرلىك مۇھەببەت داستانلىرىدا مۇھەببەتداشلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى پەرىزات، جادۇگەر، دىۋە قاتارلىق ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلار ۋە سېھىرلىك، تىلسىملىق ۋەقەلەر ئاساسىدا بايان قىلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ سېھىرلىك چۆچەكلەرنىڭ ئىپادىلەش شەكلىنى قوبۇل قىلغان. «هۆرلىقا- هەمراجان»، «قەمەرشاھ-شەمسجانان»، «بوز يىگىت»، «سەنۇبەر»، «شاھزادە پەرۇخ ۋە مەلىكە گۈلرۇخ»، «شاھزادە رەنائى جاھان ۋە مەلىكە ئاپتائى تاجىزەر»، «شەھرىزات ۋە گۈلشات» قاتارلىق داستانلار ئەنە شۇنداق داستانلاردۇر. سېھىرلىك مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا، ئىنسان بىلەن پەرىزات ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت بايان قىلىپ بېرىلىدۇ. هەمراجان، قەمەرشاھ، سەنۇبەر قاتارلىقلار رېئال دۇنيادىكى يىگىتلەر بولۇپ، ئۇلار دىۋە-پەرىلەر ماكانىدىكى هۆرلىقا ۋە شەمسجانانغا ئوخشاش ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرىدىغان پەرىزاتلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدۇ، شۇڭا، بۇ خىل داستانلاردا سېھىرلىك ۋەقەلەر قويۇق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل داستانلاردا مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئەڭ ئاساسىي تېما قىلىنغان. ئۇنىڭ بەزىلىرىدە ئاتا-ئانىلار

پەرزەنتلىرىنىڭ ئەركىن مۇھەببەتلىشىشىنى چەكلەيدۇ. بولۇپمۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزىغا قاتتىق چەك قويىدۇ، ئۇلار هەتتا قىزى ياخشى كۆرۈپ قالغان يىگىتكە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. يەنە بىر قىسىم داستانلاردا ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ۋىسال تېپىشىغا ئەتراپىدىكى يامان نىيەتلىك كىشىلەر توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ داستانلاردىكى ئاشىق يىگىتلەر مۇھەببەت دۈشمەنلىرى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. كۈرەشنىڭ نەتىجىسى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرى، ئاشىق-مەشۇقلار بارلىق توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ ۋىسال تاپىدۇ. ئىككىنچىسى، ئاشىق-مەشۇقلار دۈشمەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلىدۇ ياكى مەقسىتىگە يېتەلمەي هەسرەت بىلەن جان ئۈزىدۇ.

سېھىرلىك مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە باش قەھرىمان بولغان يىگىت چۈشىدە يىراق جايدىكى پەرىزات ياكى مەلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدۇ، ئۇ‌ڭدا ئەنە شۇ قىزنى ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. سەپەر جەريانىدا ئاجايىپ خېيىم-خەتەرلەرگە يولۇقىدۇ، كەينى-كەينىدىن جادۇگەر، زەڭگى، ئىلاھىي مايمۇن، رودۇپاي، دىۋە قاتارلىقلارنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرايدۇ، دېڭىز ۋە دەريا سەپىرىدە بورانغا دۇچ كېلىپ، كېمىسى پاچاقلىنىپ كېتىدۇ، ئەمما، مەيلى قانداق خېيىم-خەتەر ۋە جاپا- مۇشەققەت بولسۇن، ئۇ هەرگىز ئىرادىسىدىن يانمايدۇ. ئەڭ ئاخىرى بارچە توسقۇنلۇقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، مەشۇقىنىڭ ماكانىغا يېتىپ بارىدۇ.

رېئالىستىك مۇھەببەت داستانلىرى بولسا، تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولغان ۋەقەلەر ئىچىدە ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان داستانلاردۇر. بۇنداق داستانلاردا سېھىرلىك ۋەقەلەر ۋە ئىلاھىي خاراكتېرلىك ئوبرازلار بولمايدۇ، ئۇنىڭدا رېئال تۇرمۇشتا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ، پېرسوناژلىرىمۇ رېئال ئادىمىي خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ. «غېرىب-سەنەم»، «تاھىر-زوھرا»، «لەيلى-مەجنۇن»، «بوز كۆرپەس-قارا ساچ ئايىم»، «شاھزادە قاسىم -مەلىكە گۈلچېھرى»، «گۈلشاھ - ۋەرەقە» قاتارلىق داستانلار ئەنە شۇنداق داستانلاردۇر. بۇ خىل داستانلاردىمۇ مۇھەببەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىدۇ، ئەمما، ئۇنىڭدىكى كۈرەش سېھىرلىك مۇھەببەت داستانلىرىدىنمۇ كەسكىن تۈس ئالىدۇ.

مۇھەببەت داستانلىرى ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ رىئاللىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا گۈللەنگەن شەھەر مەدەنىيىتى ۋە ئوردا تۇرمۇشى روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

**3) دىنىي داستانلار.** دىنىي داستانلار دىنىي داھىيلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە دىنىي ئۇرۇشلارنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، شۇنداقلا دىنىي تەلىمات ۋە قائىدىلەرنى تەرغىپ قىلىدىغان داستانلاردۇر. ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىخدا بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئومۇميۈزلۈك ئېتىقاد قىلغان. شۇڭا ئۇلار ئارىسىدا بۇ ئىككى دىن مەزمۇن قىلىنغان داستانلار ئىجاد قىلىنغان. ئۇزۇن ۋاقىتتا بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك خېلى كۆپ داستانلار ئىجاد قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق، ئۇلار دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. بىز ھازىر پەقەت «شاھزادە ۋە شىر» ناملىق بىرلا داستاننى بىلىمىز، بۇ داستاندا ماغاستۇى ئىسىملىك بىر شاھزادىنىڭ بۇددا دىنىنىڭ بارلىق جان-جانىۋارلارغا شەپقەت يەتكۈزۈش، ھەتتا جېنىنى قۇربان قىلىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئىدىيەسى بويىچە ئاچ قېلىپ ئۆلەر ھالغا يەتكەن بىر شىرغا يەم بولۇپ بەرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ داستاندىن باشقا، ھازىر بىز بىلىدىغان داستانلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنى مەزمۇن قىلغان داستانلاردۇر. ئۇلار «ئىبراھىم ئەدھەم ھەققىدە قىسسە»، «مەلىكە دىلئارام»، «تەۋەللۇتنامە»، «ۋاپاتنامە»، «كەربالا قىسسىسى»، «ئىمام مەھدى ئاخىر زامان»، «پاتىمەنىڭ نىكاھنامىسى»، «ئىپتانامە»، «قۇربان‌نامە»، «قىيامەتنامە» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ داستانلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، بۈۋى پاتىمە، ھەزرىتى ئەلى، ئىمام ھۈسەن قاتارلىقلارنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ، ئىسلام دىنىدىكى قۇربانلىق قىلىش، نىكاھ ئوقۇش، كىشلەرنى ئىپتارلىق چاقىرىش قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى چۈشەندۈرۈلىدۇ، شۇنداقلا قىيامەت قايىم ھادىسىسى ۋە ئۇ ئالەمنىڭ ئەھۋالى تەسۋىرلەپ بېرىلىدۇ.

**4) دىداكتىك داستانلار.** بۇ جەمئىيەتتىكى بولمىغۇر قىلىق-ئادەتلەرنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتنى تەرغىپ قىلىدىغان داستانلاردۇر. داستانىنىڭ بۇ تۈرىگە «شەكەرىستان»، «پادىشاھى ئادىلخان»، «ياپلۇزخان»، «زىۋىدە قارا كۆز»، «سۇلتانخان ۋە شاھ ياقۇپ»، «ئات بىلەن تۆگىنىڭ ئېيتىشىشى»، «رۇستەم چاقان»، «بىناماز چوق»، «سالامنامە» قاتارلىقلار كىرىدۇ. بۇ داستانلاردا كىشلەرنىڭ مىجەز-خاراكتېرىدىكى ھاكاۋۇرلۇق، ساددىلىق، ئەخمەقلىك، زىناخورلۇق، ھورۇنلۇق، ئاچكۆزلۈك، زومىگەرلىك، ساداقەتسىزلىك قاتارلىق ئىللەتلەر ئېچىپ تاشلىنىدۇ ۋە مۇشۇ ئارقىلىق كىشلەرگە ئەخلاق تەربىيەسى بېرىلىدۇ. بۇ خىل داستانلار كۈچلۈك ھەجۋى خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ.

**5) تارىخىي داستانلار.** بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ھەقىقىي يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىدىغان داستانلاردۇر. بۇ داستانلارنىڭ ئۆبيېكتى — تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانلىرىدا جۇڭغار باسمىچىلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرى ۋە گومىنداڭ دەۋرىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ كۆلپەتلىك كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان، شۇنداقلا ئەمگەكچى خەلقنىڭ باسقۇنچىلار، مۇشتۇمزورلار ۋە زالىم ئەمەلدارلارغا قارشى كۈرەشلىرى تەسۋىرلەپ بېرىلگەن. «نوزۇگۇم»، «ئابدۇراخمان پاشا»، «سېيىت نوچى»، «مايىمخان»، «ھەۋزىخان»، «ئەبەيدۇللاخان»، «شىرىپ بوجاڭ»، «ئەيسا بەگ»، «ياچىبەگ»، «ئۆمەر باتۇر»، «ئىسلام بېگىم»، «تۆمۈر خەلپە»، «غوجانىياز ھاجى»، «ئابلا موللا» قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق داستانلاردۇر.

تارىخىي داستانلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ۋە قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ ھەممىسىدە باتۇرلۇق پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. مانا بۇ ھال بۇ ئىككى خىل داستاننى ئۇزۇن ئارا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئەمما، يەنە بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بار:

(1) قەھرىمانلىق داستانلىرىدا شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ كەچۈرمىشلىرى

ئەكس ئېتىدۇ. ئۇنىڭدا بىر مىللەتنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن ۋەقەلەر بىرەر شەخسنىڭ ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ بايان قىلىنىدۇ. تارىخىي داستانلاردا بولسا، مەلۇم رېئال شەخسنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرى نۇقتىلىق بايان قىلىنىپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدا زامان ۋە ماكان ئېنىق ئىپادىلىنىپ، مەلۇم تارىخىي شارائىت ۋە ئورۇندىكى ئىشلار ئاساس قىلىنىدۇ.

(2) تارىخىي داستانلارنىڭ ھەممىسىدە بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور ئىشلار ياكى كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان قەھرىمانلىق پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىشى ناتايىن. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم ئادەتتىكى شەخسلەرنىڭ سەرگۈزەشتلىرى بايان قىلىنغان داستانلارمۇ بار. ئۇلاردا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر شەخسنىڭ تەرجىمھال خاراكتېرىنى ئالغان. شۇڭا، بۇنداق داستانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيتى قەھرىمانلىق داستانلىرىدىكىدەك يۇقىرى بولمايدۇ. بىز بايلارنىڭ ئۆز ئارا زىددىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان «شىرىپ بوجاڭ» ۋە «ئەيسابەگ»كە ئوخشاش تارىخىي داستانلارنى ھەرگىزمۇ «ئوغۇزنامە»، «گۆر ئوغلى» قاتارلىق قەھرىمانلىق داستانلىرىغا تەڭ قىلالمايمىز.

(3) قەھرىمانلىق داستانلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭدا قەدىمكى جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئەپسانە-رىۋايەتلىرى ۋە ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى روشەن ئەكس ئېتىدۇ. ئەمما، تارىخىي داستانلار فېئودالىزم تۈزۈمى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، ئەمگەكچى خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرەشلىرى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن دەۋرنىڭ مەھسۇلى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي داستانلىرى17 ـ ئەسىردىن كېيىنكى بوران-چاپقۇنلۇق يىللاردا مەيدانغا كەلگەن.

## 3. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ شەكىل تۈرلىرى

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى ئىپادىلىنىش شەكلىگە ئاساسەن يەنە مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلەلەيمىز.

**1) نەزمىي داستانلار.** بۇنداق داستانلار ساپ شېئىرىي شەكىلدىكى داستانلار بولۇپ، ئۇنىڭدا نەسرىي بايان بولمايدۇ. تارىخىي داستانلار ۋە دىداكتىك داستانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەنە شۇنداق شېئىرىي شەكىلدە ئىجاد قىلىنغان. بۇ داستانلار خەلق ئىچىدىكى ۋەقەلەرگە ئاساسەن بىۋاسىتە ئاغزاكى تىلدا يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى شېئىرلار ئاددىي-ساددا قوشاق شەكلىدە توقۇلغان. «ياچىبەگ»، «تۆمۈر خەلىپە»، «ئەبەيدۇللاخان»، «يالپۇزخان»، «ئابلا موللا»، «ئات بىلەن تۆگىنىڭ ئېيتىشىشى»، «سۇلتانخان ۋە شاھ ياقۇپ»، « ھەۋزىخان»، «شىرىپ بوجاڭ»، «ئۆمەر باتۇر»، «ئەيسا بەگ»، «بەنش تالىپ»، «شەكەر ئايلا بىلەن نەبات غوجا» قاتارلىق داستانلار ئەنە شۇنداق داستانلاردۇر.

**2) نەسرىي-نەزمىي داستانلار.** نەسر بىلەن نەزىم ئارىلاش تۈزۈلگەن داستانلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، قەھرىمانلىق داستانلىرى ۋە مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ ئۇسۇلدا ئىجاد قىلىنغان. بۇ خىل ئىجاد قىلىش ئۇسۇلى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خەلق داستانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىسى بولۇپ قالغان. «گۆر ئوغلى»، «ئىبراھىم ئەدھەم ھەققىدە قىسسە»، «غېرىب-سەنەم»، «تاھىر-زوھرا»، «يۈسۈپ-زىلەيخا»، «ھۆرلىقا-ھەمراجان»، «قەمەرشاھ-شەمسىجانان»، «نۇزۇگۇم»، «ئابدۇراخمان پاشا»، «سېيىت نوچى»، «چىن تۆمۈر باتۇر» قاتارلىق ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ھەممىسى نەسرىي-نەزمىي شەكىلدە ئىجاد قىلىنغان.

**3) نەسرىي داستانلار.** بۇ خىلدىكى داستانلار ئۇنىڭدىكى ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم شېئىرلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈنلەي دېگۈدەك نەسرىي تىل بىلەن ئىجاد قىلىنغان. بىزنىڭ بۇرۇنقى چۈشەنچىمىز بويىچە، ئەگەر بىر پارچە ئەسەردە شېئىرىي شەكىل قوللىنىلماي، نەسرىي تىل قوللىنىلسا، ئۇنداقتا ئۇ ئەسەرنى داستان دېيىشكە بولمايتتى. بىز ھازىرغىچە تارىخىي سەرگۈزەشتلىك ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان خەلق ئىچىدىكى نەسرىي ئەسەرلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«قىسسە» ياكى «رىۋايەت» دەپ ئاتاپ كەلگەن ئىدۇق. ئەمما، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدا ساپ نەسرىي تىل بىلەن ئىجاد قىلىنغان بىر قىسىم داستانلارنىڭمۇ بارلىقىنى ھېس قىلدۇق. «ئوغۇزنامە»، «ئىسكەندەرنامە»، «رۇستەمى داستان»، «چىستانى ئېلىكبەگ»، «لەيلى ـ مەجنۇن» قاتارلىق داستانلار ئەنە شۇنداق نەسرىي داستانلار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن رايونىدا ھازىرمۇ داستانچىلىق پائالىيىتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بارلىق داستانچىلارنىڭ «كىيىكنامە»، «زىيدالى»، «پادىشاھى ھۆججاز»، «مالىكئەجدەر»، «تەۋەللۇدنامە»، «ئىپتانامە»، «ئىمام مەھدى ئاخىر زامان» قاتارلىق نەسرىي ئەسەرلەرنى «داستان» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى، بۇنىڭدا ھېچقانداق شەك-شۈبھىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز نەسرىي تىل بىلەن ئىجاد قىلىنغان داستانلارنىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇق.

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تۈرلەرگە بۆلۈپ كۆرسەتتۇق. مەقسىتىمىز ــ ئىلمىي بولغان بۆلۈش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىپ، خەلق داستانلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى ئۇچۇشلۇق ئىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. چۈنكى خۇددى تومپسون ئېيتقاندەك «بىلىمنىڭ ھەربىر تارمىقىنى ئەستايىدىل ۋە پۇختا تەتقىق قىلىنىدىغان ئوبيېكتقا ئايلاندۇرۇشتىن بۇرۇن، ئۇنى تۈرلەرگە بۆلۈپ چىقىش ئىنتايىن مۇھىم»، «ئەگەر كلاسسىفىكاتسىيە ۋە رەتلەش بولمىسا، ئوبيېكتنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس».

## ئىزاھلار

[1] مۇھەممەت زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 306 ــ بەت، 288-، 296- بەت.
[2] ئابدۇكېرىم راخمان: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيەسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي باشقارمىسى 1983- يىلى باسمىسى.
[3] «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بىلەن مىللەتلەر نەشرىياتى بىرلىشىپ 2005- يىلى 9- ئايدا نەشر قىلغان.
[4] مۇھەممەتجان سادىق: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995- يىلى نەشرى.
[5] ئەرشىدىنوف: «داستانلار دۇنياسىغا ساياھەت»، قازاقىستان ئالمۇتا ئىلىم نەشرىياتى، 2003-يىل نەشرى.
[6] «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى»، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، ئالمۇتا ناۋكا نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.
[7] ئىمانوف قاتارلىقلار: «ئۆزبېك خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادى»، ئۆزبېكىستان ئوقۇتقۇچى نەشرىياتى، تاشكەنت، 1990-يىلى نەشرى.
[8]斯蒂·汤普森（美）：《世界民间故事分类学》，上海文艺出版社，1991 年版，497-页。

## پايدىلانمىلار

2. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پېداگوگى، پسىخولوگىيە ئەمەلىيەتچىسى سۇخوملىنسكىنىڭ بالىلارنى تەربىيەلەش ھەققىدىكى كىتابى، 1958 ـ يىلى تاشكەنت باسمىسى، 159-، 205 -، 206 ـ بەتلەر.
3. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى سانى 3 ـ بەت.
4. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى سانى 2 ـ بەت.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ماقالە نومۇرى: 08-009-04 (2011) 5878-1005

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ بايقىلىشى*

ئابلىكىم ياسىن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپى ۋە خېشى كارىدورىدىكى قەدىمكى يىپەك يولىدا ئېلىپ بېرىلغان ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيەلىك ئېكسپېدىتسىيە ۋە تەكشۈرۈپ قېزىش تەخمىنەن يۈز يىلدەك تارىخقا ئىگە. نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر بەس-بەستە مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ ئايرىم ياكى توپلىشىپ شىنجاڭ ۋە گەنسۇ قاتارلىق جايلاردا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەم بۇ يەردىكى ھەر خىل قەدىمكى يادىكارلىقلارنى قازدى، ئوچۇق - ئاشكارە ھالدا نۇرغۇنلىغان دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ۋە تارىخىي ۋەسىقىلەرنى بۇلاپ كەتتى. ھازىرغا قەدەر، خېلى كۆپ ساندىكى قىممەتلىك بۇيۇملار ئارقا-ئارقىدىن دۇنياغا ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ ئارىسىدىكى ئاز بىر قىسمى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان.

**摘要:** 对于塔里木盆地的周围和河西走廊的古代丝绸之路所进行的现代探索考古发掘已经有一百多年左右的历史。许多国家都争先恐后的派遣考古专家，单独或结队地来到新疆，甘肃等地考察，并发掘这里的各种古代遗存，公开掠夺大批稀世的珍贵文物和罕有的历史文献。至今为止，已有相当一部分珍品被陆续公诸于世，其中有数量可观的一批是用会回鹘文写的。

**Abstract:** Modern exploration and archaeological excavations carried out around the Tarim Basin and the Hosi Corridor of the ancient Silk Road has been about a hundred years of history. Many countries are scrambling to send experts alone or forming partners to explore Xinjiang, Gansu and other places. They dug out various ancient remains and public plundered a large number of precious cultural relics and rare historical documents. Up to now, a considerable part of the treasures have been made public successively, including a significant number of historical relic written in ancient Uighur script.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K852　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

يۈز يىلدىن بۇيان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە تارىخىي ۋەسىقىلەر ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ كەلدى. بۇ ماقالىدە ھەرقايسى دۆلەت ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرىنىڭ شىنجاڭدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى قانداق بايقىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. بېرلىندا ساقلانغان ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر

بېرلىندا ساقلانغان ۋەسىقىلەر ئاساسەن گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى شىنجاڭدا تۆت قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا قولغا چۈشۈرگەن ۋەسىقىلەر بولۇپ، بۇ تۆت قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى تۆۋەندىكىچە:

(1) بىرىنچى قېتىملىق گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە (1902-يىل 12-ئاي—1903-يىل 4-ئايغىچە) ئالبېرت گرۇنۋېدېل

---

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 12- ئاينىڭ 3-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: ئابلىكىم ياسىن (1966-يىلى 10-ئايدا تۇغۇلغان)، دوكتور، پروفېسسور، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

(AlbertGrünwedel) باشچىلىق قىلغان.

(2) ئىككىنچى قېتىملىق گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە (1904- يىل 11-ئايدىن 1905- يىل 8- ئايغىچە) ئالبېرت فون لېكوك ( Albert. Von.lecoq) باشچىلىق قىلغان.

(3) ئۈچىنچى قېتىملىق گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە ( 1905- يىل 12- ئايدىن1907- يىل 4-ئايغىچە) ئالدى بىلەن لېكوك باشچىلىق قىلغان، 1906- يىلى 6- ئايدا لېكوك كېسەل سەۋەبىدىن بېرلىنغا قايتىپ كەتكەنلىكتىن گرۈنۋېدېل ۋە ئەترەتنىڭ باشقا ئەزالىرى داۋاملىق غەربكە يۈرۈش قىلىپ، تۇرپان ۋە قومۇل قاتارلىق جايلارغا بارغان.

(4) تۆتىنچى قېتىملىق گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىگە ( 1913-يىل 6-ئايدىن 1914-يىل 2-ئايغىچە) لېكوك باشچىلىق قىلغان.

تۆت قېتىملىق گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن، ھازىرغا قەدەر بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان ھەر خىل قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ ئارىسىدا، بىر قىسىم قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر ساقلانغان، ئۇلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋەسىقىلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تەتقىقاتچىلار ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئەسلىي تېكىستكە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇرۇشتىن بۇرۇن ئېلان قىلىنغان، لېكىن ئۇرۇشتىن كېيىن يوقىلىپ كەتكەن ئەسەرلەرنى قايتىدىن ئىزدەش، ئېلان قىلىنمىغان ئەسەرلەرنى قايتىدىن توپلاش، مۇندەرىجە تۈزۈش، ئېلان قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلدى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى ياماداي نوبۇۋو باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ياپونىيەلىك تەتقىقاتچىلار ۋە ئامېرىكىلىق تەتقىقاتچى كىلارك (Clark LarryVernom) قاتارلىقلارنىڭ خىزمىتى بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك بولغان.

ياماداي ئەپەندى ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى توپلىغان ماتېرىياللارنى رەتلەپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، 1957- يىلى رىيوكوكو ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەسىس قىلىنغان غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تەتقىقات يىغىنىغا قاتناشتى، خانىدا ئاكىرا ئەپەندىگە ياردەملىشىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ۋەسىقىلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ 1960-يىلىدىن 1967-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ گېرمانىيە، فىرانسىيە، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئىلمىي زىيارەتكە باردى، شەرقىي – غەربىي بېرلىن، مىيۇنخېن، پارىژ، لوندون، لېنىنگراد قاتارلىق شەھەرلەردە ساقلانغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى بىلەن بىۋاسىتە ئۇچراشتى ۋە يۇقىرىقى شەھەرلەردە ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋالى توغرىسىدا مەخسۇس ئەسەر ئېلان قىلدى[1]. كېيىن ياپونىيەلىك پىروفېسسور مىسۇتا ۋە دوكتور مورىياسۇ تاكائو قاتارلىقلار ياماداي نوبۇۋو ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى توختام ھۆججەتلىرى توپلىمى» دېگەن تەتقىقات ئەسىرىنى بىرلىكتە نەشر قىلدۇردى (ئۇلارنىڭ بۇ ئەسىرى «توپلام» دەپ قىسقارتىپ ئېلىنىدى).

1975- يىلى كىلارك ئامېرىكا ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىدا يازغان دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر ئۈستىدىكى يېتەكچى نەزەرىيە» (ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى قىسقارتىلىپ «يېتەكچى نەزەرىيە» دەپ ئېلىنىدى) دېگەن كىتابىنىڭ بەزى پاراگرافلىرىدا ھەر قايسى ئەللەردە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەرنىڭ ئەھۋالى كونكرېت قىلىپ چۈشەندۈرۈلگەن. ياماداي ئەپەندى ۋە كىلاركنىڭ تەتقىقات دوكلاتىدا تونۇشتۇرۇلغان بېرلىندا ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي

ۋەسىقىلەرنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە:

| رەت نومۇرى | ئەسەرنىڭ ئەسلى نومۇرى | Clark نومۇرى | توپلام نومۇرى |
|---|---|---|---|
| 1 | TI (M)68 | 111 | |
| 2 | T I (M78) | 31 | Mi28 |
| 3 | T I D181(M95) | 50 | Sa27 |
| 4 | T I D135(M205) | 74 | Mi19 |
| 5 | T I D187(M206) | 52 | Sa28 |
| 6 | T I D176(M207) | 129 | |
| 7 | T I (M211) | 28 | RH07 |
| 8 | T I (M212) | 13 | Lo15 |
| 9 | T I (M215) | 7 | Lo27 |
| 10 | T I (M220) | 86 | Mi20 |
| 11 | T I (M211) | 97 | |
| 12 | T I D51(M222) | 1 | Lo07 |
| 13 | T I D200(M223) | 102 | |
| 14 | T I (M224) | 94 | |
| 15 | T I D168(M224) | 41 | Sa10 |
| 16 | T I (M225) | 82 | Mi17 |
| 17 | T I D176(M226) | 3Lo09 | |
| 18 | T I (M227) | 73 | Mi21 |
| 19 | T I (M228) | 122 | |
| 20 | T I D176(M230) | 9 | Lo30 |
| 21 | T I D176(M232) | 30 | RH04 |
| 22 | T I (M233) | 8 | Lo26 |
| 23 | T I (M234) | 12 | Lo14 |
| 24 | T I (M235) | 24 | RH13 |
| 25 | T I D176(M236) | 10 | Lo26 |
| 26 | T I (M237) | 26 | RH05 |
| 27 | T I D176(M238) | 45 | Mi28 |
| 28 | T II Nr3 | 32 | RH03 |
| 29 | T II 035 | 98 | |
| 30 | T II Bulayiq21 | 124 | |
| 31 | T II Ciqtim1 | 101 | |
| 32 | T II Ciqtim2 | 18 | Lo06 |
| 33 | T II Ciqtim5 | 70 | Wp01 |
| 34 | T II Ciqtim6 | 75 | |
| 35 | T II Ciqtim7 | 62 | Mi03 |
| 36 | T II Ciqtim6 | 14 | Lo29 |
| 37 | T II D68 | 115 | |
| 38 | T II D147a | 123 | |
| 39 | T II D148a | 113 | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 40 | T II D149a | 16 | |
| 41 | T II D149b | 29 | RH01 |
| 42 | T II D173 | 54 | Sa21 |
| 43 | T II D205a | 121 | |
| 44 | T II D238a | 114 | |
| 45 | T II D238b | 118 | |
| 46 | T II D321 | 117 | |
| 47 | T II D36 | 125 | |
| 48 | T II D373a | 90 | Mi11 |
| 49 | T II D373b | 91 | Mi12 |
| 50 | T II D388 | 77 | Mi26 |
| 51 | T II Murtuq11a | 27 | RH06 |
| 52 | T II Sengim18 | 110 | |
| 53 | T II Toyoq | 15 | Lo01 |
| 54 | T II Murtuq205 | 33 | Sa03 |

## 2. سانكت پېتېربۇرگدا ساقلانغان ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر

19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا رۇسىيەلىك سەيياھلار، ئارخېئولوگلار، تىلشۇناسلار تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ شىمال تەرىپىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى يىغىشقا باشلىغان ھەمدە ئۇلارنى تەتقىق قىلغان. 1892 ـ يىلى رۇسىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى پېترووۋىسكى (N.R.Petrovesky) جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا قولىيازما ۋە ھەرخىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىپ سانكت پېتېربۇرگقا يۆتكىگەن. بۇلار رۇسىيەدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغىغان.

سانكت پېتېربۇرگدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر تۆۋەندىكى بىر قانچە يوللار ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن:

(1) 1894 ـ 1895 ـ يىللىرى كوسلوف (P.K.koclov) ۋە روبوۋسكى (V.I.Robovskiy) ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپان بوستانلىقىدىن يىغقان ۋە سېتىۋالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر.

(2) 1898 ـ يىلى رۇسىيە ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن كلېمېنتىز (D.Klementz) باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى گەرچە تۇرپان بوستانلىقىدا ئۈچ ئايلا تۇرغان بولسىمۇ، نۇرغۇن ماتېرىيال يىغىۋالغان. رادلوفنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر توپلىمى» (Sprachdenkmaller Uighuische) ناملىق كىتابىدا 47 ـ دىن 57 ـ نومۇرغىچە بولغان ۋەسىقىلەر يۇقىرىقى ئىككى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىنغان.

(3) س. ف. ئولدېنبۇرگ باشچىلىق قىلغان 1909 ـ يىلىدىن 1910 ـ يىلىغىچە ۋە 1914 ـ يىلىدىن 1915 ـ يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىككى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەدە ئەترەت كۇچا، قاراشەھەر ۋە تۇرپان قاتارلىق ئۈچ بوستانلىقتىن نۇرغۇن ماتېرىيالنى يىغىۋالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى خېلى كۆپ قىسىم ماتېرىياللار ئىجتىمائىي ۋەسىقىگە تەۋە.

(4) س. ي. مالوف (C.E.Malov) ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، 1903 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ھەمدە ھەرخىل ۋەسىقىلەرنى يىغقان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ۋەسىقىگە تەۋە.

(5) سانكت پېتېربۇرگدا ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەرنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بولغان بىر قىسمى ئاۋۋال رۇسىيەنىڭ دەسلەپ ئىلىدا، كېيىن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان ن. ن كروتكوف (N.N.Krotkov) تەرىپىدىن يىغىۋېلىنغان. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپىنچىسى شەخسلەردىن سېتىۋېلىنغان.

تۆۋەندىكىلەر كىلاركنىڭ «يېتەكچى نەزەرىيە» ۋە «توپلام» ناملىق ئەسەرلىرىدىكى تەتقىقات دوكلاتىدا

تونۇشتۇرۇلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەرنىڭ قىسقىچە تىزىملىكى (بۇ تىزىملىكتىكى Kr=Krotov، M=Malov، O=Oldenburg لارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ).

| توپلام نومۇرى | Clark نومۇرى | ئەسەرنىڭ ئەسلى نومۇرى | رەت نومۇرى |
|---|---|---|---|
| | 119 | 3Kr 29a | 1 |
| | 112 | 3Kr 29b | 2 |
| | 136 | 3Kr 30a | 3 |
| | 139 | 3Kr 30b | 4 |
| | 140 | 3Kr 30c | 5 |
| Mi07 | 72 | 3Kr 31a | 6 |
| Mi13 | 89 | 3Kr 31b | 7 |
| Mi14 | 88 | 3Kr 31c | 8 |
| Mi16 | 93 | 3Kr 32a | 9 |
| Mi08 | 84 | 3Kr 32b | 10 |
| Mi04 | 79 | 3Kr 33a | 11 |
| Lo16 | 4 | 3Kr 33b | 12 |
| Sa22 | 56 | 3Kr 34 | 13 |
| Mi01 | 63 | 3Kr 35 | 14 |
| Sa05 | 40 | 3Kr 36 | 15 |
| Mi15 | 92 | 3Kr 37a | 16 |
| Mi03 | 61 | 3Kr 37b | 17 |
| Sa23 | 55 | 3Kr 38 | 18 |
| Sa06 | 39 | 3Kr 39 | 19 |
| Wp05 | 76 | 3Kr 40 | 20 |
| Sa27 | 38 | 3Kr 41 | 21 |
| Mi24 | 78 | Kr Iv618 | 22 |
| | 120 | SJ/ Kr4/638 | 23 |
| Sa29 | 57 | SJM.6 | 24 |
| LO23 | 21 | SJM.7 | 25 |
| Ad03 | 64 | 01 | 26 |
| PI01 | 68 | 06(SJO/45) | 27 |
| Ad01 | 65 | 0.7(SJO/45) | 28 |
| Ad02 | 66 | 0.7(SJO/55) | 29 |
| | 141 | 0.9 | 30 |

## 3. توكيودا ساقلانغان ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر

ياپونىيە ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى توكيو غەربىي خونگانجى ئىبادەتخانىسىدىكى ئوتانى كوزۇي تەشكىللىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسى 1902-يىلىدىن 1903-يىلىغىچە بولغان. ئۇلارنىڭ ئەترىتى بەش ئادەمدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ ئەترەتكە ئوتانى باشچىلىق قىلغان، بۇ ئەترەت تۇرپان ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. كېيىن تاچىبانا زۇئىچو ئەپەندى باشچىلىق قىلغان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 1908-يىلىدىن 1909-يىلىغىچە شىنجاڭ رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، بۇ ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق

www.uyghurkitap.com



ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىدۇر. بۇ ئەترەت شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدە ئاۋۋال تۇرپانغا، كېيىن كورلا ئارقىلىق كىرورەنگە بارغان، ئاخىرىدا شىمالغا قاراپ مېڭىپ لوپنۇر چۆللۈكىگە كىرگەن. 1910 ـ يىلى ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى يەنە ئۈچىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، تۇرپان ئۇلارنىڭ شىنجاڭ چېگراسى ئىچىدىكى نۇقتىلىق پائالىيەت ئورنى بولغان. بۇ ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى 1914-يىلى ئاياغلاشقان.

ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى توپلىغان بىر قىسىم قەدىمكى يازما يادىكارلىقلار ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا يوقىلىپ كەتكەن، بىراق، بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا توكيودىكى غەربىي خونگانجى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئامبىرىدا ئۇستاز ئوتانىنىڭ مىراس بويۇملىرى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان. ياپونىيەلىك تەتقىقاتچىلاردىن خانىدا ئاكىرا ۋە يامادا نوبۇۋو قاتارلىقلار «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تەتقىقاتى»نىڭ 4-قىسمىدا ئېلان قىلغان «ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ماتېرىياللارنىڭ مۇندەرىجىسى»[2] ناملىق ئەسىرىدە توكيودا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە پارچىلىرىنى تەسۋىرلىگەن، ئۇلارغا رەت نومۇرى قويغان ۋە ئۇلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. تۆۋەندىكىسى ئىجتىمائىي ۋەسىقە تۈرىگە تەۋە بولغان ماتېرىياللار تىزىملىكى: (بۇ تىزىملىكتىكى Ot=Otani ،Ry=Ryukoko لارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ).

| توپلام نومۇرى | Clarkنومۇرى | ساقلىنىش نومۇرى | رەت نومۇرى |
|---|---|---|---|
| Sa16 | 43 | OtRy543 | 1 |
| Sa13 | 36 | OtRy1097a | 2 |
| Lo05 | 22 | OtRy1108 | 3 |
| Sa02 | 34 | OtRy1414a | 4 |
| Wp03 | 71 | OtRy1414b | 5 |
| | 127 | OtRy1415 | 6 |
| ? | 48 | OtRy1792 | 7 |
| | 22 | OtRy2149a | 8 |
| Lo03 | 23 | OtRy2150a | 9 |
| Lo19 | 126 | OtRy2718b | 10 |
| | b17 | OtRy2733a | 11 |
| | b20 | OtRy2734a | 12 |
| | 128 | OtRy2782 | 13 |

## 3. لوندوندا ساقلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر

ئەنگلىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى ستەيىن (Marc Aurel Stein) 1900-يىلىدىن 1901-يىلىغىچە ۋە 1913-يىلىدىن 1915-يىلىغىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ۋە گەنسۇ رايونىدا ئۈچ قېتىم ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىدە بولغان. ستەيىن يازغان «غەربىي يۇرت» ناملىق ئېكسپېدىتسىيە دوكلاتىدا بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىدىن باشقا قالغان ئىككى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى بايقىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ستەيىن يىغقان يازما مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھازىر بۈيۈك بىرىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

## 4. ئىستانبۇلدا ساقلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر

تۈركىيەلىك تەتقىقاتچى رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدە مۇلاھىزە»[3] ناملىق ئەسىرىدە ۋە يامادا نوبۇۋونىڭ «ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا

ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى شىنجاڭ يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە»[4] ناملىق تەتقىقات دوكلاتىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ ئىچىدە ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەرگە تەۋە ئالتە پارچە ۋەسىقە بار، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

| تۇپلام نومۇرى | Clark نومۇرى | ساقلىنىش نومۇرى |
|---|---|---|
| Sa16 | 43 | OtRy543 |
| Sa13 | 36 | OtRy1097a |
| Lo05 | 22 | OtRy1108 |
| Sa02 | 34 | OtRy1414a |
| Wp03 | 71 | OtRy1414b |
| | 127 | OtRy1415 |

## 5. دۆلىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر

دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى مۇزېيلىرىدا ھازىرغا قەدەر بىر قىسىم قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ئېلان قىلىنغان ئىجتىمائىي ۋەسىقىلەر ۋە بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم تەتقىقات ئەسەرلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق تارىخشۇناس ئالىمى فېڭ جياشېڭ ئەپەندىنىڭ «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى توختام»[5] ناملىق تەتقىقات ئەسىرىدە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى توختامنامىنى تەتقىق قىلغان. ئۇ تەتقىق قىلغان بۇ ئىككى توختامنامە ۋەسىقىسىنىڭ بىرىنى 1929-يىلى ئەلگىرىكى غەربىي شىمال ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى شىنجاڭنىڭ كۇچا ناھىيەسىدىن تاپقان، ھازىر جۇڭگو تارىخ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، بۇ يازما يادىكارلىقنىڭ ساقلىنىش نومۇرى K7711، كىلاركنىڭ ئورناتقان نومۇرى 46، تۇپلام نومۇرى 46. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى توختامنامە ۋەسىقىسىنىڭ يەنە بىرىنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ غەربىي شىمال ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تاپقان. بۇ ۋەسىقىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ كىلارك ئورناتقان نومۇرى 49، تۇپلام نومۇرى Sa17 .

(2) رۇسىيەلىك تۈركولوگ ئەدھەم رەھىموۋىچ تېنىشېۋ (E.R.Tenishev) بىلەن فېڭ جياشېڭ ئەپەندى بىرلىكتە ئېلان قىلغان «ئۈچ پارچە توختامنامە ھەققىدە»[6] ناملىق تەتقىقات ئەسىرىدە غەربىي شىمال مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 1953-يىلى قىشتا تۇرپاندا بايقىغان ئۈچ پارچە توختامنامە تەتقىق قىلىنغان. بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى 1954-يىلى بېيجىڭ گۇگۇڭ خان سارىيى مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلىنغان. 1954-يىلى بۇ توختامنامە ۋەسىقىلىرىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچىسىنىڭ رەسىم چۈشۈرۈلگەن بەت پىلاستىنكىسى ئايرىم-ئايرىم ھالدا «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى ۋە «مەدەنىيەت يادىكارلىق پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» ژۇرنىلىنىڭ 11-سانىغا بېسىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى توختامنامە ۋەسىقىسىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈچىنچى توختامنامە ۋەسىقىسى ھازىر جۇڭگو تارىخ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ رەت نومۇرى Y828. تۆۋەندىكىلەر بۇ ئۈچ پارچە توختامنامە ۋەسىقىسىنىڭ كىلارك نومۇرى سېلىشتۇرمىسى:

Mi 10 تۇپلام نومۇرى Clark 87

Sa 24 نومۇرى تۇپلام Clark 58

Em 01 تۇپلام نومۇرى Clark 60

(3) 1960-يىلى فېڭ جياشېڭ ئەپەندى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىككى پارچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توختامنامە»[7] نـامـلىق تەتقىقـات ئەسىرىدە غەربىي شىمال ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ تۇرپاندىن بايقىغان ئىككى پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى توختامنامە ۋەسىقىسىنى تىرانسكرىپسىيە قىلغان، خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان ۋە ئىزاھلىغان. بۇ ئىككى پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىق 1954 ـ يىلى بېيجىڭ گۇگۇڭ خان سارىيى مۇزېيىدا كۆرگەزمە قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى توختامنامە ۋەسىقىسى ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلانماقتا. 1975 ـ يىلى بۇ توختامنامە ۋەسىقىلىرىنىڭ رەسىم شەكلى «شىنجاڭ قېزىلما مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 138 ـ بېتىگە بېسىلغان.

بۇ ئىككى پارچە مەدەنىيەت يازما يادىكارلىقىنىڭ بىرىنچىسىنىڭ رەت نومۇرى Mi27، بولۇپ، ئۇنىڭ كىلارك نومۇرى يوق. ئۇلارنىڭ ئىككىنچىسىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، 1954 ـ يىلى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى» ناملىق ژۇرنالنىڭ 10 ـ سانىغا بۇ يازما يادىكارلىق ماتېرىيالنىڭ رەسىم شەكلى بېسىلغان، ئۇنىڭ تۈپلام نومۇرى Mi33.

(4) خـۇاڭ ۋېنبـى ئەپەنـدى تۇرپانـدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا بىر پـارچە قەدىمكـى ئۇيغـۇر يېزىقـىدىكى مەدەنىـي يادىكارلىقنى ئېرىشكەن. بـۇ يازما يادىكارلىق ھـازىر جۇڭگو تارىخ مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ساقلىنىش نومۇرى K7716، بۇ يازما يادىكارلىقنىڭ رەسىم شەكلى 1954 ـ يىلى «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى» ناملىق ئەسەرنىڭ 105 ـ بېتىدە ئېلان قىلىنغان.

(5) 1974 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان بېزەكلىكتىن بايقالغان تۆت پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىق ئەسەر ھازىر تۇرپان ناھىيەسىنىڭ مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلانماقتا. گېڭ شىمىن ئەپەندى 1980 ـ يىلى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر قانچە يازما يادىكارلىقنىڭ تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتى»[7] نـاملىق ئەسىرىدە بۇ يازما يادىكارلىقنى لاتىن يېزىقىدا تىرانسكرىپسىيە قىلغان ۋە بۇ يادىكارلىقنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان.

## ئىزاھلار


[1] 山田信夫:《各国所藏回鹘文书综述》,《第三次东亚阿尔泰学术会议论集》, 1970 年, 台北.

[2] 山田信夫:《大谷探险队带回的回鹘文买卖借贷文书》,《西域文化研究》第四册, 1961 年, 京都法藏馆.

[3] R.R.Arat, Among the Uighur Documents,II.UAJ VI,1965, p263-272.

[4] 山田信夫:《伊斯坦布尔大学图书馆藏新疆出土文书类中的回鹘文书》,《西南亚研究》, 第 20 期, 1968 年.

[5] 冯家升:《元代畏兀儿文契约二种》, 载《历史研究》1954 年第 1 期, 第 119-131 页.

[6] 冯家升:《回鹘文斌通(善斌)卖身契三种》,《考古学报》1985 年第 2 期.

[7] 耿世民:《两件回鹘文卖卖奴隶文书的考释》,《民族语文论集》中国社会科学出版社, 第 272-291 页.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

ماقالە نومۇرى: 10 ـ 017 ـ 04 (2011) 5878 ـ 1005

# يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسىي ئىدىيەسى توغرىسىدا*

تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۇ ماقالىدە، ئېلىمىزنىڭ 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، مۇتەپەككۇر، شائىر، پەيلاسوپ، قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسىي ئىدىيەسى ۋە ئۇنى بۈگۈنكى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسى قىسقىچە شەرھلىنىدۇ.

**摘要:** 这篇论文简要论述我国十一世纪著名的维吾尔族科学家、思想家、诗人、哲学家、法学家玉素普哈斯阿基普的政治思想即把他用于当今我国的政治体制改革问题。

**Abstract:** In this paper, the author briefly discusses the political ideas of Yusuf. Khass. Hajib, a famous Uyghur scientist, thinker, poet, philosopher, and jurist in 11th century, and suggests his political ideas should be used in political reform in China.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I253.1 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئېلىمىزنىڭ 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، مۇتەپەككۇر، شائىر، پەيلاسوپ، قانۇنشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق يىرىك ئەسىرى ئىنتايىن مول مەزمۇنلۇق، چوڭقۇر ئىجتىمائىي، سىياسىي قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىداكتىك ئەسەر، ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر كىلاسسىك ئەسەرلىرى ئىچىدە يالتىراپ تۇرىدىغان نۇرلۇق چىراغ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىدىيەسى بىر چوڭ تېما. تۈركىيە ئالىمى پىروفېسسور ئى. كافىسوغلۇ مۇنداق دېيدۇ: ««قۇتادغۇبىلىك» بىر پەلسەپە ياكى ئەخلاق كىتابى بولۇشتىن سىرت قانۇن ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ شەرتى ۋە پىرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، دۆلەت قۇرۇش يوللىرىنى كۆرسەتكەن ئىدارە، تەشكىلات ۋە ئىجتىمائىي قاتلاملار توغرىسىدا يېزىلغان سىياسەت كىتابىدۇر»[1]. ئۆزبېك ئالىمى قەييۇم كەرىموف «قۇتادغۇ بىلىك»نى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى، سىياسىتى، قانۇن ـ قائىدىلىرى، شۇنىڭدەك خەلقنىڭ رەسىم ـ يوسۇنلىرىنى، ئەخلاق پىرىنسىپلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن نىزامنامە»[2] دەپ قارايدۇ.

زامانىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي قاراشلىرى ئۈستىدە بىر قەدەر سىستېمىلىق توختالغان. باشقا تەتقىقاتچىلار ۋە يازغۇچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرى ۋە ماقالىلىرىدە بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن. مەن ئەنە شۇلارنىڭ ئىزدىنىشلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسىي ئىدىيەسى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

## 1. دۆلەت توغرىسىدىكى ئىدىيەسى

ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تە دۆلەت ۋە قانۇن، دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىش، دۆلەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى، دۆلەت باشلىقىنىڭ ئەقلى ۋە ئىقتىدار

* بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: تۇرسۇنتوختى ئاتاۋۇللا (1970 ـ يىلى 1 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، سىياسىيشۇناسلىق ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



شەرتلىرى، دۆلەتنى ئادالەتلىك قانۇن بىلەن باشقۇرۇش، تاشقى مۇناسىۋەت ۋە ھەربىي ئىشلار ئۈستىدە سىستېمىلىق توختالغان. «قۇتادغۇ بىلىك» دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئىدىيەۋى پىروگراممىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى دۆلەت توغرىسىدىكى ئىدىيەلەرنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

**1) دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ئىدىيەسى**

ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، دۆلەت سىنىپىي زىددىيەتلەر مۇرەسسەسىزلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئەينى تارىخىي شارائىتتا يۈسۈپ خاس ھاجىپ گەرچە بۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان بولسىمۇ، لېكىن، دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن. ئۇ مۇنداق دەپ قارىغان: «دۆلەتنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە قانۇننىڭ تۈزۈلۈشى جەمئىيەتتىكى ئورۇنلىرى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنى ‹بىر يولغا باشلاش› ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان»[3].

**2) دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيەسى**

دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ پاك بولۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان دۆلەتنى ئادىل ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. «قۇتادغۇ بىلىك»تە شەرھلەنگەن مەركىزىي ئىدىيەلەرنىڭ بىرى. ئۇ «ئاچكۆزلۈك شۇنداق بىر كېسەلكى، ئۇنىڭغا ھېچ دەۋا يوق. ئۇنى بۇ دۇنيانىڭ ئۈستا تېۋىپلىرىمۇ داۋالىيالمايدۇ» (2002 ـ بېيت). «ئەگەر بەگلەرنىڭ كۆڭلىدە خىيانەت بولسا، خەلققە پايدىسى تەگمەس، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچ» (2011 ـ بېيت). «ئەي ئىلىگ، نەپسىڭگە قارشى (قاتتىق) جەڭ قىل. (نەپسىنىڭ) تىلىكىنى ئورۇندىما، ھۇزۇر كۆرسەتمە» (5318 ـ بېيت). «نەپسىڭنى خورلىساڭ ئۆزۈڭ ئەزىز بولىسەن، بىلىملىك بەگ، ئەقلىڭ خان بولىدۇ» (5321 ـ بېيت). « ئەي ئىلىگ، ھارامغا قوشۇلۇشتىن ساقلان، ھارام بىلەن كۆڭۈل قارىداپ كېتىدۇ، بۇنى چوڭقۇر چۈشەن» (5347 ـ بېيت). «كىمنىڭ گېلى ۋە كىيىمى پاك بولسا، ئۇ گۇناھتىنمۇ پۈتۈنلەي پاك بولىدۇ» (5351 ـ بېيت). « پاك بولۇشنى خالىساڭ گېلىڭنى تازىلا، گېلىڭ پاك بولسا پايداڭ دەريادەك بولىدۇ» (5352 ـ بېيت). «ئۆزۈڭنىڭ پايدىسىنى ئىزدىمە، خەلق پايدىسىنى ئىزدە» (5353 ـ بېيت). بۇ بېيتلاردا ئالىم دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشىنى، ئاچ كۆز، خىيانەتچى بولماسلىقىنى، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكىنى، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىدىغان كىشىنىڭ قارا كۆڭۈل، خەلققە، دۆلەتكە يارىماس بولىدىغانلىقىنى، گالنى پاك تۇتۇشنىڭ بەگ ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىمەي، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ئالىم يەنە ئاچ كۆز، شەخسىيەتچى ئەمەلدارلارنى قاتتىق قامچىلاپ مۇنداق دېگەن: «شۇنچىۋالا دۇنيانىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي ساڭا يېتىشمەيدۇ، (بۇلار) تۈگىمەيدۇ. ئۆزۈڭ تۈگەپ كېتىسەن» (5381 ـ بېيت). «پەقەت بىر گېلىڭ، بىر ئەگنىڭنى دەپ دۇنيانىڭ بارچە ( نەرسىلىرىنى) تۇپلىدىڭ، ئۆلسەڭ تاشلاپ كېتىسەن» (5382 ـ بېيت). «دۇنيا تۇپلىشىڭنىڭ ئاقىۋەت پايدىسى نېمە؟ قارا ئەجەل جېنىڭنى ئالىدۇ، يىلتىزىڭنى قىرقىيدۇ» (5383 ـ بېيت). «نەزەر سالساڭ بۇنىڭ ھەممىسى ئاچ كۆزلۈكتۇر، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئېچىرقىغان شەخسلەر قاچان تويغان؟» (5384 ـ بېيت). «ئاچ كۆز كىشىگە پۈتۈن دۇنيامۇ ئازلىق قىلىدۇ» (5389 ـ بېيت). «ئاچ كۆز كىشىنىڭ مال ـ دۇنياغا كۆزى تويمايدۇ» (5390 ـ بېيت). «خەلقنى بۇلغىنىشتىن خالىي قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بەگنىڭ ئۆزى سۈزۈك بولۇشى كېرەك» (5201 ـ بېيت). «بەگ بولماقچى بولغان كىشىنىڭ كۆزى توق، دىلى كەڭ بولۇشى، پەزىلەتلىك بولۇشى، تەقۋادار، ئېرىغ (پاكىز) بولۇشى، ئاچ كۆز بولماسلىقى، كەيپ ـ ساپاغا بېرىلمەسلىكى قاتارلىق قىلىشقا ھەم قىلماسلىققا تېگىشلىك ئىشلار نىزام قىلىپ بېكىتىلگەن»[4]. «ئەگەر خىيانەت قەيەرگە ئاياغ باسسا، پايدىلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى يىراق قاچىدۇ، ئەگەر خىيانەتچى نەگىلا قول سۇنسا، دېڭىزنىڭ سۈيىمۇ، يەرمۇ ئوخشاشلا قۇرۇپ كېتىدۇ، كۆزى توق كىشى ئىش بېجىرگەندە پارە ئالمايدۇ»[5] دەپ قارىغان. «ئۇ خان بەگلەرنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىشقا ۋە

بايلىق توپلاشقا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى ۋە شۇ ۋەجىدىن خانلىقتا بۆلغىنىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى خۇسۇسىي ئىمتىيازلارنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىپ، جاھاندا پارىخور، مۇناپىق ئەمەلدارلارنىڭ كۆپەيگەنلىكىدىن، دەپ قارايدۇ»[6]. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى 2442-، 2443-، 2444-، 2508-، 2509-بېيىتلاردا ئېنىق ئىپادىلەنگەن. «جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ بۇزۇلۇشى ئالدى بىلەن ئوردا ئەھلىنىڭ بۇلغىنىشىدا، يەنى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ چىرىكلىشىشىدە ئىپادىلىنىدۇ»[7].

ئالىم يەنە ئەلچىلەرنىڭ پاك بولۇشىنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «كۆزى ئاچ كىشىلەر ئۆزىنى تۇتالماس، ئۇ ئەلچى بولۇشقا تېخى يارىماس» (2611 - بېيىت). «كۆزى توق پەقىر بولسا باي سانىلۇر، چىداملىق ھەر ئىشتا ئۇتۇق قازىنۇر» (2612 - بېيىت). «ھېرىستۇر تاماخور، تاماخور يامان، تاماخور ئاتالغان قەلەندەر ھامان» (2613 - بېيىت). «نېمە دەر ئىشىتكىن كۆزى توق كىشى، كۆزى توق كىشى بولدى بايلار بېشى» (2614 - بېيىت). «پەقىر قىلسا كىمنى بۇ كۆز ئاچلىقى، ئۇنى باي قىلالماس جاھان توقلۇقى» (2615 -بېيىت). «كىمكى تاماغا بولسا ئەسىر قۇل، قۇتۇلغاي ئۇنىڭدىن ئۆلۈم بىرلە ئول» (2616 - بېيىت). «نېچە بولسىمۇ قۇل كۆزى توق ئۇ خان، ھېرىس بەگلىكىدىن قۇل ياخشى ھامان» (2619 - بېيىت). « قايسى خان ھېرىستۇر، گادايدۇر - گاداي، قايسى قۇل كۆزى توق، ئۇ خان كۆڭلى باي» (2620 - بېيىت). بۇ بېيىتلاردا ئالىم كۆزى ئاچ، تاماخور، بايلىققا ھېرىسمەن كىشىلەرنىڭ ئەلچى بولسا بولمايدىغانلىقىنى، ھېرىسمەن بەگدىن قۇلنىڭ ياخشىلىقىنى، كۆزى توق، ھارام بايلىققا قىزىقمايدىغان قۇلنىڭ ئاچ كۆز خاندىن ياخشىلىقىنى، كۆزى توق كىشىنىڭ بايلار بېشى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر شەرھلىگەن.

ئالىمنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي دەۋرگە نىسبەتەن ئىلغارلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دەۋردىن ھالقىپ، بۈگۈنكى كۈندە بىز تەكىتلەۋاتقان پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، ناچار ئىستىللارنى تۈگىتىش، پاك - دىيانەتلىك بولۇش، شەخسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە. ئالىمنىڭ بۇ قاراشلىرىنى بۈگۈنكى پارىخورلۇققا، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئەمەلىيىتى ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

## 3) دۆلەت باشلىقىنىڭ ئەقلى ۋە ئىقتىدار شەرتلىرى توغرىسىدىكى ئىدىيەسى

«قۇتادغۇ بىلىك» تە شەرھلەنگەن دۆلەت باشلىقىنىڭ ئەقلى ۋە ئىقتىدار شەرتلىرى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، ئەقلىي ئىقتىدار شەرتلىرى: ئادەمنىڭ بىلىملىك ۋە ئەقىللىق بولۇشى «قۇتادغۇ بىلىك»تە شەرھلەنگەن يەنە بىر مەركىزىي ئىدىيە. ئالىم بىلىملىك، ئەقىللىق، زاتى ئېسىل كىشىلەرنىڭ جاھان تۇتالايدىغانلىقىنى، دۆلەتنى ياخشى ئىدارە قىلالايدىغانلىقىنى ئالاھىدە شەرھلىگەن. «ئەقىل كىمدە بولسا بولۇر ئۇ ئېسىل، بىلىم كىمدە بولسا بولۇر ئۇ خان بىل» (301 -بېيىت). «ئەقىل بىرلە ئېسىل ئاتىلۇر كىشى، بىلىم بىرلە بەگلەر قىلۇر ئەر ئىشى» (303 - بەت). «بۇ بەگلىك ئىشى بولدى بەگلەر ئىشى، بىلۇر بەگلىك ئىشنى بەگلىك كىشى» (1935 - بېيىت). «بۇ ئىشنى ئىلىگ مەندىن ئوبدان بىلۇر، ئاتاسى بەگ ئەردى، ئۆزى بەگ ئېرۇر» (433 - بېيىت). «بۇ بەگلىككە تەكتى ئېسىللىك كېرەك، باتۇرلۇق، قۇۋۋەت - كۈچ، جەسۇرلۇق كېرەك» (1949 - بېيىت). «بىلىم بىرلە بەگلەر ئېلىن باشلىدى، ئەقىل بىرلە خەلقنىڭ ئىشىن باشلىدى» (1952 - بېيىت). «بىلىم بىرلە تۇتار ئېلىنى بېگى، بىلىم بولمىسا ئىشقا يەتمەس ئۇگى» (1968 - بېيىت). «ئەقىل ھەم بىلىم بەگكە بەكمۇ كېرەك، داۋالار كېسەلنى شۇلار بىرلە بەگ» (1971 - بېيىت). بۇ بېيىتلاردا ئالىم بىلىملىك، ئەقىللىق بولۇشنىڭ بەگلەر ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، دۆلەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

ئىككىنچى، ئەدەب-ئەخلاق شەرتلىرى: «خەلق بېگى تولىمۇ خىل بولماق كېرەك، كۆڭۈل تىل تۈز، خۇلقى ئۆز بولماق كېرەك» (1963 - بېيىت). «ئاقىل

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



هەم بىلىملىك ئەل سۆيەر تېپخى، كۆزى توق دىلى كەڭ، هەم بولسۇن سېخىي» (1964 ـ بېيىت). «قىلىشقا ياخشىلىق قول بولسۇن ئۇزۇن، ئۇياتچان، سىلىق هەم قىلىقى تۈزۈن» (1965 ـ بېيىت). «مۇلايىم بولسا خۇلقى، قىلىقى، سۆيۈنچتە ئۆتەر ئۇشبۇ بەگنىڭ كۈنى» (1977 ـ بېيىت). «ئەگەر بولسا قايسى بەگ خۇلقى ناچار، سۆيۈنچى بولۇر غەم، ئىش تەتۈر ماڭار» (1984 ـ بېيىت). «بەگ ئۇلماق كېرەك تەقۋا، دىلى ئىرىغ، ئىرىغلىق تىلەر دائىم نەسلى ئىرىغ»(1985 ـ بېيىت). «بېسىقلىق، سەۋرلىك بەگنىڭ كۆركىدۇر، بۇ بەگلىك ئىشىغا ئۇ چۇلغۇر بولۇر» (1988 ـ بېيىت). «بەگلەر كۆپ ئۇياتچان سەرخىل بولغۇلۇق، ئۇياتچان قىلىقى كېمەيمەس تولۇق» (2005 ـ بېيىت). «ئەگەر بولسا بەگلەر يامان دىللىق ئۇ، ئىرور پايدىسىز خەلققە قولۇڭنى يۇ» (2011 ـ بېيىت). «گۈزەل بولمىسا بەگدە خوي سۆز ۋە تىل، ئۇ ئەلدە تۇرالماي، قاچار بەخت بىل» (2012 ـ بېيىت). «سۆزى چىن بولسا بەگنىڭ خۇلقى گۈزەل، ئىشەنگەي ياخشى كۈن كۆرۈپ ئاڭا ئەل» (2038 ـ بېيىت). «يانا بەگ كىچىك دىل، سېخىي بولغۇلۇق، بۇنىڭ بىرلە قىلىقىن بېسىق تۇتقۇلۇق» (2049 ـ بېيىت). «دېمەك، بەگ خۇلقى ساپ توغرا بولغۇلۇق، بولۇر ئەلگە بەگنىڭ خۇلقى يول يورۇق» (2110 ـ بېيىت). «بېگى ياخشى بولسا، دۇرۇس هەرىكىتى، تېخمۇ قىلۇر ياخشى هەرىكەت قۇلى» (2114 ـ بېيىت). «تەكەببۇر بولۇش بەگكە لايىق ئەمەس، تەكەببۇرلۇق بۇزار دۇرۇس يولنى، بەس» (2115 ـ بېيىت). «سائادەت بىلەن بولدى بەگلەر ئۇلۇغ، ئېلىشقا نەسىب دىل، كىچىك تۇتقۇلۇق» (2116 ـ بېيىت). «يوغانلىق قىلىپ بەگ، چوڭ تۇتسا كۆڭۈل، مۇقەررەر كۆرۈر ئۇ خارلىق ئەي ئوغۇل» (2118 ـ بېيىت). «مۇلايىم ۋە كەمتەر كېرەكتۇر بۇ خان، ئۇ خىلدا ئەمەسكەن، قاچ ئۆزدىن هامان» (2121-بېيىت). «كېرەك بەگكە شۇنداق پەزىلەت،بىلىك» (2165- بېيىت). بۇ بېيىتلاردا ئالىم بەگلەرنىڭ كۆڭلى تۈز، خۇلقى تۈز، ئەل سۆيەر، ئۇياتچان، مۇلايىم، ئىرىغ، بېسىق، سەۋرچان، سۆزى ئىشەنچلىك، كىچىك پېئىل، سېخىي، كەمتەر بولۇشتەك ئەدەب-ئەخلاق شەرتلىرىنى هازىرلىشى لازىملىقىنى، بۇنىڭ خانلىق ئىشلىرىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ قوللىشىغا، هىمايىسىگە ئېرىشىشنىڭ زۆرۈر ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ بەرگەن. «بەگ ئىشلىرى نىزامىدا بەگ بولماقچى بولغان كىشىنىڭ نەسەبى ئېسىل بولۇشى يەنى بەگ نەسەبىدىن بولۇشى كېرەكلىكى، باتۇر، كۆڭلۈك، جەسۇر بولۇشى، ئاقىل بولۇشى، كۆڭلى، تىلى تۈز، خۇلقى ئۈز بولۇشى، تەقۋادار، ئىرىغ بولۇشى، ئىغىر ـ بېسىق، سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇشى، ئالدىراڭغۇ بولماسلىقى، غەزەبلىك بولماسلىقى، مۇلايىم، ئۇياتچان بولۇشى، ئاچكۆز بولماسلىقى، خۇلقى ـ مىجەزى، سۆز ـ هەرىكىتىدە ئوچۇق ـ يورۇق بولۇشى، سەگەك، هوشيار بولۇشى، بېپەرۋا بولماسلىقى، خەلقسۆيەر بولۇشى نىزام قىلىپ بېكىتىلگەن»[8].

ئۈچىنچى، جىسمانىي جەھەتتە هازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەر: «قۇتادغۇ بىلىك»تە يەنە بەگلەرنىڭ جىسمانىي جەھەتتە هازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: «بەگ ئولسۇن چىرايلىق كېلىشكەن ساقال، بويى ئورتا شۆھرەتتە ئۇ بەر كامال» (2083-بېيىت). «چىرايلىق يۈزىن كۆرسە، سۆيسە كۆرۈپ، پەخىرلەنسە ئېلى، خەلقلىرى تۇرۇپ» (2084-بېيىت). «كۆرەر كۆزگە بەرسە چىرايى هۇزۇر» (2085-بېيىت). بويى بەك ئۇزۇننى خوپ كۆرمەس خۇشپىچىم» (2086-بېيىت). «مۇشۇنداق ئىكەن ئورتا بويلۇق كېرەك، بويى ئورتا بولسا بولۇر تۈزۈكرەك» (2087 ـ بېيىت). «پاكار، ئۆزى ئاجىز، ئاچچىقى يامان، بۇ ئاچچىق نەدە شۇندا جاڭجال هامان» (2089 ـ بېيىت). «بويى ئورتا بولسۇن لايىق ئۆزىگە، ئەي ئالىم هەر ئىشنى ئورتا تۇت هەر ئان» (2090- بېيىت). بۇ بېيىتلاردا ئالىم بەگ بولغۇچىنىڭ چىرايلىق، كېلىشكەن، ئوتتۇرا بوي بولۇشىنى، بەك پاكار ياكى بەك ئېگىز، تەلەتى سەت كىشلەرنىڭ بەگ بولۇشقا لايىق كەلمەيدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

**4) يارامىلىقلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇش توغرىسىدىكى ئىدىيەسى**

قابىلىيەتلىك، يارامىلىق، ياخشى كىشلەرنى تاللاپ ئىشقا قويۇش يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ سىياسىي

ئىدىيەسىدىكى يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن. «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، بىر دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى پاكى مۇنقەرز بولۇشى دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خادىملارنىڭ ياخشى، ياراملىق كىشىلەردىن تەيىنلەنگەنلىكى ياكى يارامسىز، يامان كىشىلەرنىڭ ھوقۇق ئىگىلىۋالغانلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ياخشى، يارملىق كىشىلەر جاھاننى ياخشى سورايدۇ. ئەكسىچە ياخشى، يارامىلىق كىشىلەرنى قولدىن بېرىپ قويغانلار جاھاندىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇڭلاشقا، ھۆكۈمرانلار ئۆزاققىچە ھاكىمىيەت تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ياخشى ۋە يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇشى، ئاندىن كېيىن ياخشىلار بىلەن يامانلارنى، يارامىلىقلار بىلەن يارامسىزلارنى ئايرىپ چىقىپ، خىللانغان ۋە يارامىلىق خادىملارنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا توپلىشى، ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، ئەزىزلەپ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، يامان ۋە يارامسىزلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇشى، ئۇلاردىن ھەزەر ئەيلىشى، ئۇلارنى ئەلدىن يىراق قىلىشى كېرەك»[9].

ئالىمنىڭ بۇ قارشىلىرى تۆۋەندىكى بېيىتلاردا نۇقتىلىق ئىپادىلىنىدۇ: «يارامىلىق، يارامسىزنى ئايرىپ كۆرۈپ، كېرەكلىك، كېرەكسىزنى ئوبدان تونۇپ » (328 - بېيىت). «راسا تاسقىسا چىلىك، ئېنىق تاللىسا، پۈتۈن ئىشقا ئۆتكۈر نەزەر تاشلىسا» (329 - بېيىت). «شۇ چاغدا بولۇر ئىش پۈتۈن ۋە پىششىق، بىلىملىك كىشى يەر ئېشىنى پىششىق» (330 - بېيىت). «بىلىملىك ئىشلىسۇن بۇ بەگلەر ئىشى، ھېچ ئىشقا يارىماس بىلىمسىز كىشى» (2449 - بېيىت). «ئۆز نەپسىن دېگەنلەر ئۆز نەپسىنى دەپ، يارامىلىقنى يارامسىز دېيدۇ كۈچەپ» (3494 - بېيىت). «يارامىلىق يارامسىزنى قىلىپ پەرق ئۇرار، تۇتار پاك - پاكىزە يولنىلا شۇلار» (4343 - بېيىت). «ئەقىللىك كىم بولسا شۇنى تۇت يېقىن، بىلىملىك سۆزىنى تۇت، ئادا قىل ھەققىن» (5229 -بېيىت). «پۈتۈن چىن، دۇرۇس، ياخشى نام كىشىلەر، ئۆزۈڭگە يېقىن تۇت ئاڭا ئىشنى بەر» (5230- بېيىت). «بىلىملىك، ئەقىللىك بولسا پاك يۈرەك، بېرىپ مال قەدىرلەپ ئاۋايلاش كېرەك» (5320 - بېيىت). «ئۇ زالىم يامان بولسا كۆتۈرمە ئۇنى، نوپۇز بەرمە ئەلدە ئىگرىتار سېنى» (5521 - بېيىت). «كۆتۈرمە، بېيىتما، يامان ئۆكتەمنى، زەھەر قىلغاي ساڭا دورا ۋە ئەمنى» (5522 - بېيىت).

ئالىم ئەينى ۋاقىتتىكى فېئودال تەبىقە تۈزۈمىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بەگنىڭ ئەۋلادى بەگ بولىدۇ دېگەن قاراشتىن ھالقىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن يارامىلىقلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇش مەسىلىسىدە خان نەسەبىدىن بولغانلار ئىچىدىمۇ يارامىلىق ۋە يارامسىزلارنىڭ بارلىقىنى، چوقۇم يارامىلىقلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «قەيەردە يۈرسەڭ يۈر، لېكىن، ياخشى بول، نەسەبكە ئەمەس، بۆل ياخشىغا كۆڭۈل» (3507 - بېيىت). «سۈرۈشتۈرمە ئىچ ھەم تېشى، ئەسلىنى، ناچار سۆزلىسە گەر سۈرۈشتۈر ئۇنى» (4340 - بېيىت). «ئەگەر كىرسە خىزمەتچى توپ - توپ بولۇپ، يارامىلىق يارامسىزنى تۇرسۇن كۆرۈپ» (2539 - بېيىت). «گەر پايدا بەرسە قۇل ئوغۇلدىن يېقىن، پايدىسىز ئوغۇل ياۋ، سەن قاچ ئۇنىڭدىن» (3003 - بېيىت).

**5) دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيەسى**

«‹قۇتادغۇ بىلىك› داستانىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيە ھاكىمىيەتنى قانداق تۇتۇش ۋە دۆلەتنى قانداق باشقۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ، ئاپتور داستاندا مۇشۇ مەركىزىي ئىدىيەنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئادىل ۋە توغرا قانۇن، سىياسەت ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى تۇرغۇزۇپ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئىدارە قىلىش، جەمئىيەتتىكى فېئودال مۇناسىۋەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش»[10] نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئىسلاھات جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئالىم «قۇتادغۇ بىلىك» تە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى، كونا قائىدە - تۈزۈملەرنى، كونا ئۆرپ - ئادەتلەرنى ۋە قانۇندىكى يوچۇقلارنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ئەلنى ياخشى ئىدارە قىلىش، خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيەسى ئىسلاھات كۆنسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش، قانۇن - تۈزۈمنى ئۈزۈلكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشتە مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

www.uyghurkitap.com



**6) خاقان بىلەن پۇقرالار مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى ئىدىيەسى**

«ئۇ جەمئىيەتتىكى ھەر خىل تەبىقە ـ قاتلاملارغا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بەلگىلىك بىر تەرتىپكە سېلىپ، خاقان بىلەن پۇقرالار مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، خاتىرجەم جەمئىيەت قۇرۇش، خاندانلىقنىڭ ئەسلىدىكى سەلتەنىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ»[11]. «ئاۋامنىڭ مىجەزى تامامەن بۆلەك، بىلىم، ئەقلى، خۇيى ئېرۇر ئۆزىدەك» (4320 ـ بېيىت). «ۋە لېكىن بولۇنماس ئۇلارسىز ھېچ ئىش، سۆزۈڭ ياخشى بولسۇن، تۇتما ئۇنى ئەش» (4322 ـ بېيىت). «يولىدىن ئاداشماي سىناپ يۈرگەن ئەر، ئاۋام خەلق ئۈچۈن ئىشت نېمە دەر» (4326 ـ بېيىت)، «ئاۋامنىڭ غېمى ـ قايغۇسىدۇر قېرىن، ئۇنىڭكىم ھەرىكىتى شۇ بىر گال ئۈچۈن» (1327 ـ بېيىت). «ئۇلارغا يەنىلا قوشۇل ئى قاياش، بېرىپ تۇر ئۇلارغا يېمەك ـ ئىچمەك ئاش» (4330 ـ بېيىت).

يۇقىرىقى بېيىتلاردا ئالىم خاقان بىلەن پۇقرالار مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشتا پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشنى، پۇقرالارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەر دائىم ياخشى قىلىشنى، ئاۋامنىڭ خۇلق ـ مىجەزىگە ھۆرمەت قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. 4331 ـ، 4332 ـ، 4334 ـ، 4335 ـ بېيىتلاردا خاقاننىڭ پۇقرالارنىڭ سۆزىنى كۆپرەك ئاڭلىشىنى، كۆپ سۆزلىمەسلىكىنى، تولا سۆزلىگەن خاقاننىڭ قەدىر ـ قىممىتى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئالىم «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ 49 ـ بابىدىن 61 ـ بابىغىچە خاقاننىڭ ئاۋام خەلق، پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى، ئالىملار، تېۋىپلار، ئەپسۇنچىلار، چۈش ئۆررۈگۈچىلەر، مۇنەججىملەر، شائىرلار، دېھقانلار، سودىگەرلەر، چارۋىچىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە پېقىرلار بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش لازىملىقى ئۈستىدە مەخسۇس توختالغان.

## 2. دۆلەتنى ئادالەتلىك قانۇن بىلەن باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيەسى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۆكۈمرانلارنىڭ ئەلنى ئادىل قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، قانۇننى ياخشى تۈزۈش، قانۇننىڭ ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باپ باراۋەرلىكى، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇننىڭ ئىجراسىنى سىناپ تۇرۇش توغرىسىدا ئىنتايىن مۇپەسسەل بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستە ۋە ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر شەرھلىگەن. ئالىمنىڭ قانۇن ئىدىيەسى توغرىسىدا كۆپلىگەن ئىلمىي تەتقىقاتلار قىلىنىپ، ئىلمىي ماقالىلەر ۋە مەخسۇس ئەسەرلەر ئېلان قىلىندى. مەن بۇ يەردە سىياسىي ئىدىيە نۇقتىسىدىن ئالىمنىڭ دۆلەتنى ئادالەتلىك قانۇن بىلەن باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيەسىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپكە يىغىنچاقلىماقچىمەن:

**1) ئادىل قانۇن تۈزۈش توغرىسىدىكى ئىدىيەسى**

«خەلققە قانۇندىن ئۈلۈش بەرمىسە، خەلققە زۇلۇم ئوتىنى چاچسا، بەگنىڭ ئۆلى نابۇت بولىدۇ» (2137 ـ بېيىت). «ھوشيارلىق ۋە قانۇن ئەلگە باغ ئاچقۇچ»، «قانۇننى ياخشى تۈز، ئادىل قانۇن كۆككە تۈۋرۈك بولىدۇ. بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلىدۇ» (1460 ـ بېيىت). «يوق ئەرسە قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا، يەتتە قات ئاسماننى بۇزاتتى خۇدا»(3464 ـ بېيىت). «يامان تۈزمە قانۇننى بەك ياخشى تۈز، كۆنۈلۈڭ ياخشى بولغاي ھەم بەختىڭمۇ ئۆز» (1456 ـ بېيىت). «قانۇن يامان بولسا ئۆزۈڭ تىرىك ئۆلسەن، ھاكىملىقمۇ قولۇڭدىن كېتىدۇ» (1458-1459 ـ بېيىتلار). «ياخشى قانۇن تۈزسەڭ ئەبەدىلئەبەد شۆھرەت تاپىسەن» (1461 ـ بېيىت). بۇ بېيىتلاردا ئادىل قانۇن تۈزۈشنىڭ دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى، ئۇلى ئىكەنلىكى، ياخشى قانۇن تۈزمىگەندە دۆلەتنىڭ ھامان گۇمران بولىدىغانلىقى، ياخشى قانۇن تۈزۈلسە خەلق ئىناق، بەختلىك، تىنچ تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغانلىقى دەلىللەنگەن.

**2) ھەممە ئادەمنىڭ قانۇن ئالدىدا باپ ـ باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيەسى**

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئالدىدا ھەممە

ئادەمنىڭ باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيەسىنىڭ ھوقۇقشۇناسلىق ئىلمىدىكى غايەت زور تۆھپىسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. بۇ خىل قاراش18- ئەسىر فرانسۇز بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ‹كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى› دا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۇنىڭدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرى بۇ خىل قانۇنشۇناسلىق ئىدىيەسىنى تەشەببۇس قىلغان»[12]. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولۇش يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنشۇناسلىق تەلىماتىنىڭ جېنى، ئۇنىڭ بۇ ئىدىيەسىنى تۆۋەندىكى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ: «مەيلى ئوغلۇم بولسۇن، ياكى يېقىنىم، تونۇشۇم بولسۇن، ياكى ئۆتكۈنچى مېھمان بولسۇن» (817-بېيىت) «قانۇن ئالدىدا ھەر ئىككىلىسى مەن ئۈچۈن بىردەك، ھۆكۈم قىلغاندا (ھېچبىرى) مەندە پەرق تاپالمايدۇ» (818-بېيىت). بۇ بېيىتلاردا يۇسۇپ خاس ھاجىپ نەسەب قارىشى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتتا «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باباراۋەر» دېگەن پرىنسىپىنى ياۋروپالىقلاردىن 700 يىل ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان. «مەن ئىشلارنى تۇغرىلىق بىلەن ھەل قىلىمەن، كىشىلەرنى بەگ تائىپىسىدىن، قۇل تائىپىسىدىن دەپ ئايرىمايمەن» (809-بېيىت)، «مەن ئىشلارنى پىچاقتەك كېسىمەن، پىچىمەن، دەۋا قىلغۇچىلارنىڭ (ئىشىنى) ئۇزارتمايمەن» (811-بېيىت)، « مېنىڭمۇ قانۇنىيىتىم شۇنداق، ئادىتىم ۋە سۆزلىرىم بارچە خەلق ئۈچۈن بىردەكتۇر» (812-بەت)، «مېنىڭمۇ ئادىتىم شۇنداقتۇر، مەندىن ھەممىگە باراۋەر ئۈلۈش تېگىدۇ» (832-بېيىت)، « پۈتۈن خەلق ئۈچۈن سەن بولۇپ مېھرىبان، كىچىك-چوڭغا ئادىل ھۆكۈم قىل ھەر ئان» (5197-بېيىت)، « پېقىر، تۇل، يېتىمنى قوغدا ئامان، شۇ چاغدا بولۇر چىن قانۇن نامايان» (5302-بېيىت)، « جاھاندا بولۇركەن قانۇن ۋە نىزام، بەلگىسى كىشىگە كىشىلىك تامام» (5765-بېيىت). بۇ بېيىتلاردا يۇسۇپ خاس ھاجىپ قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولۇشنى، كىشىلەرنى يۇقىرى تەبىقە، تۆۋەن تەبىقە، باي-كەمبەغەل دەپ ئايرىماي، باپباراۋەر مۇئامىلە قىلىشنى، قانۇننى كەسكىن، قاتتىق ئىجرا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

3) پادىشاھ ۋە پۇقرالارنىڭ مەجبۇرىيىتى توغرىسىدىكى ئىدىيەسى

« يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈم ئىدىيەسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، پادىشاھنىڭ پۇقراغا ئۈچ مەجبۇرىيىتى بولۇشىنى، پۇقرانىڭ پادىشاھقا ئۈچ مەجبۇرىيىتى بولۇشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭچە كۈمۈش پۇلنىڭ ساپلىقى، باھانىڭ مۇقىملىقى، ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرۇپ، خەلق بېشىدىن زۇلۇمنى خالاس قىلىش، يوللارنى بىخەتەر قىلىپ، خەلقنى ئوغرى-قاراقچىدىن خاتىرجەم قىلىش پادىشاھنىڭ ئۈچ مەجبۇرىيىتى ئىدى. ئۇ ئەمىر-پەرمانغا بويسۇنماق، باج-سېلىقلارنى ۋاقتىدا خەزىنىگە تاپشۇرماق، ۋەتەننى قوغداش لازىم بولغاندا، ھەربىي سەپكە قاتناشماقنى پۇقرانىڭ ئۈچ ئاساسىي مەجبۇرىيىتى دەپ كۆرسەتتى»[13] . ئالىم پادىشاھ بىلەن پۇقرانىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق ئايرىپ، پادىشاھنىڭ ئەل مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، خەلقنى باي قىلىشنى، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشنى، پۇقرالارنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇشنى، خەلققە زۇلۇم سالماسلىقنى، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشنى، پۇقرالارنىڭ دۆلەتنىڭ قانۇن، ئەمىر-پەرمانلىرىغا ياخشى بويسۇنۇشىنى، باج تاپشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ئۇنىڭ بۇ ئىدىيەسى ئەسەرنىڭ 1039-، 3113-، 5355-، 5242-، 5243-، 848-، 3911-، 6298-، 5574-، 5575-، 5576-، 5577-، 5579-، 5580-، 5581-، 5582-، 5584- بېيىتلىرىدا نۇقتىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

## 3. ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈم توغرىسىدىكى ئىدىيەسى

17-ئەسىردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى ھارپىسىدا مول سىياسىي ئىدىيەلەر ۋە ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسى ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى بولدى. لوك، مونتېسكيۇ قاتارلىق

www.uyghurkitap.com



سىياسىي مۇتەپەككۇرلار كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق، ئەركىنلىك، مال-مۈلۈك ھوقۇقىغا بولغان ئەڭ چوڭ دەخلى-تەرۇزنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمەتتىن كېلىدىغانلىقىنى، شۇڭا، ھوقۇق بىلەن ھوقۇقنى چەكلەيدىغان ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ھالبۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئۇرۇقداشلىق ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنىڭ پاترىئارخاللىق ۋە ئىېرارخىيەلىك ھاكىمىيەت شەكلى بىلەن ھاكىمىيەتلەق پادىشاھلىق ھاكىمىيەت شەكلىنى ئادالەتلىك پادىشاھ، ئادالەتلىك قانۇن بىلەن باشقۇرىدىغان ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمگە ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلدى»[14]. گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھوقۇق ئايرىشنى، ھوقۇق بىلەن ھوقۇقنى چەكلەشنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن، لوك ۋە مونتېسكيۇدىن 700 يىل بۇرۇن، ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈم ئورنىتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

## 4. سىنىپىي تەبىقىلەر توغرىسىدىكى ئىدىيەسى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ فېئودال تەپرىقىچىلىك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئەينى تارىخىي شارائىتتا سىنىپىي چەكلىمىلىكتىن خالىي بولالمىغان ھالدا سىنىپىي تەبىقىلەرنى ئايرىپ چىققان. « ئېرۇر نەچچە خىل مەملىكەت خەلقى ئۇل، كىرەكتۇر پەرق ئېتىش، تا يۇرۇغاي يول» (5550-بېيىت)، «ئۇلاردىن بىرى بىلگە-ئالىم تۇرۇر» (5551-بېيىت)، « بۇلاردىن كېيىن مۇتۇسۇپلار ئېرۇر » (5555-بېيىت)، «يانا بىر گۇرۇھ ئۇ خىزمەتچىلەردۇر» (5557-بېيىت)، «بۇلاردىن كېلۇر سۇڭ ئاۋام-خەلق قارا» (5559-بېيىت)، «بۇلار ئۈچ گۇرۇھتۇر پەرق ئەتسەڭ بولۇر» (5560-بېيىت)، «بۇ ئۈچىنىڭ بىرى كىم ئۇ بايلار ئېرۇر» (5561-بېيىت)، «كېلۇر ئۇلاردىن سۇڭ ئورتا كىشى» (5562-بېيىت)، «كىلۇر ئۇندىن كېيىن خەلق يوقسۇللىرى» (5563-بېيىت). بۇ بېيىتلاردا ئالىم قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى كىشىلەرنى خاقان، بەگ، دۆلەت خىزمەتچىلىرى، ئالىم، بايلار، ئوتتۇرا ھاللار ۋە يوقسۇللار دەپ ئوخشاش بولمىغان تەبىقىلەرگە ئايرىپ، ئۇلارغا پادىشاھنىڭ قانداق مۇئامىلە قىلىشى ۋە قانداق پايدىلىنىشى لازىملىقىنى ئۇقتۇرغان. شۇنىڭدەك، ئۇلارنى يەنە 5589-، 5590-، 5591- بېيىتلاردا سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر، دېھقانلار دېگەن كەسپىي تەبىقىلەرگە ئايرىپ چىققان، بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئالىم خاقان، ۋەزىرلەر، بەگلەر، قوماندانلار، ھەر تۈرلۈك ئەمەلدارلار ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار، كەڭ ئاۋام خەلق ۋە قۇللارنى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارغا ئايرىيدۇ. ئالىم، تېۋىپ، شائىر، مۇنەججىملەر ۋە رەمباللارنى ئادەتتىكى پۇقرادىن ئۈستۈن تۇرىدىغان، ئەمما، بەگلەرگە قۇل بولىدىغانلار دەپ كۆرسىتىدۇ. «ئىككى خىل ئېرۇر بۇ خىزمەت قىلغۇچى، بىرى قۇل، بىرى ھۆر، ئۈمىد كۈتكۈچى» (2987-بېيىت)، «بۇ قۇل ئۆزى ئەركىسىز خىزمەتچىدۇر، گەر ئۇ خىزمەت قىلمىسا بەگدىن تاياق يەر» (2988-بېيىت)، «ئازاد ھۆر كىشىنى قىلما قۇلغا تەڭ، ئازادنى-ئازاد، قۇلنى-قۇل تۇت ئۆزۈڭ» (2991-بېيىت). بۇ بېيىتلاردا ئالىم قۇللارنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرىدىغانلىقىنى، قۇللارنىڭ چوقۇم بەگ ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىشى لازىملىقىنى، قۇللارنى ھەرگىزمۇ ئازاد-ھۆر كىشىگە تەڭ قىلماسلىقنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ، ئۆزىنىڭ سىنىپىي چەكلىمىدىن خالىي بولالمىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

## 5. غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيەسى

غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش تارىختىن بۇيان مۇتەپەككۇرلار ئىزدىنىپ كەلگەن مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ فېئودال مۇستەبىت تۈزۈم ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئەينى تارىخىي دەۋردە غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش توغرىسىدا ئىزدەنگەن. «خەلق باي، ئەمەلدارلار ئەل مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى غايىۋى دۆلەتنىڭ ئۈچ ئاساسىي

بەلگىسى»[15]، ئالىم ياخشى قانۇن تۈزۈشنى غايىۋى دۆلەت قۇرۇشنىڭ سىياسىي كاپالىتى، خەلقنى باي، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشنى غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىي، بىلىم ۋە ئەقىلنى غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ مەنىۋى ئاساسى دەپ قارىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» ھەقىقەتەن ‹شەرق غايىۋى دۆلەت› مودېلىنى تىكلىگەن دەستۇردۇر»[16].

## 6. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسىي ئىدىيەسىدىكى يېتەرسىزلىكلەر

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسىي ئىدىيەسى پەلسەپىۋى نۇقتىدىن بايان قىلىنغان ھەممە ئۆز دەۋرىدىكى دۆلەت ئەربابلىرى ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر پەيلاسوپلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سىياسىي ئىدىيەسىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

بىرىنچى، «سىنىپىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلمىگەن، سىنىپىي چېگرالارنى مەڭگۈلۈك دەپ قارىغان. كېلىپ چىقىش نەسەب ‹ئېسىللىقى› نى ئېتىراپ قىلغان، تۆۋەن تەبىقىلەرنى‹قارا بودۇن› دېگەن»[17]. بۇ ئىدىيە تۆۋەندىكى بېيىتلاردا نۇقتىلىق ئەكس ئەتتى. «تۇغۇلۇر بۇ بەگ ئانىدىن بەگ بولۇپ، بىلۇر ياخشى ئىشنى كۆرۈپ، ئۆگۈنۈپ» (1932-بېيىت)، «بۇ بەگلىك ئىشى بولدى بەگلەر ئىشى، بىلۇر بەگلىك ئىشنى بەگلىك كىشى» (1936-بېيىت)، «ئاتا بولسا بەگ، تۇغۇلۇر ئوغلى بەگ، ئوغۇلمۇ بولۇر بەگ ئاتالىرىدەك» (1950-بېيىت)، «ئاۋام خۇلقى بەگلەرگە لايىق ئەمەس، ئەگەر يۇقسا بەگكە، كېتەر قەدرى بەس» (2079-بېيىت)، «قۇل رەڭگى قارادۇر، بەگلەر بولۇر ئاق، قارا-ئاق شۇ خىلدا ئايرىلغانغا باق» (2080-بېيىت)، «ئازاد-ھۆر كىشلەر ياخشىلىق قۇلى، بۇلارغا ئېچىپ بەر ياخشىلىق يولى» (2990-بېيىت)، «ئازاد-ھۆر كىشىنى قىلما قۇلغا تەڭ، ئازادنى ئازاد قۇلنى قۇل تۇت ئۆزۈڭ» (2991-بېيىت). « يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قىممەت قارىشى دەۋر چەكلىمىسى ۋە سىنىپىي چەكلىمىلەردىن خالىي بولالمىغان، ئۇنىڭ قىممەت قارىشى ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ئاساس قىلغان، ئۇ ئۆزىنىڭ جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش لايىھەسىنى قەھرىمان، ئالىم ۋە كاتىپ قاتارلىقلارغا تايىنىپ، بولۇپمۇ خانىنىڭ ياخشى قانۇنى يولغا قويۇشىغا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان. ئىدېئالىزم ۋە مېتافىزىكىدىن پۈتۈنلەي خالىي بولالمىغان»[18].

ئىككىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ خانلىقتىكى نەپسانىيەتچىلىك، چىرىكلىك، پارىخورلۇق ئىللەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ، پادىشاھلارنى ئەدەب-ئەخلاقلىق بولۇشقا، ئاچكۆز بولماسلىققا تەنبىھ-نەسىھەت قىلىدۇ، لېكىن، بۇ خىل ئىللەتلەرنى تۈگىتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە كەسكىن تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ.

ئۈچىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيەسى بەزى چەكلىمىلەردىن خالىي بولالمىغان. «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيەسى ئىسلام دىنىنىڭ قاراشلىرى بىلەن مەھكەم يۇغۇرۇلغان، شۇڭا، ئۇ قانۇن كاتېگورىيەسىدىكى ھەر بىر مەسىلىنى شەرھلىگەندە تەقدىر-ئىلاھىيەتچىلىكتىن ئىبارەت تېئولوگىيەلىك قاراشلاردىن چەتنەپ كېتەلمەيدۇ »[19].

تۆتىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ غايىۋى دۆلەت توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرى خىيالىيلىقتىن خالىي بولالمىغان. «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ غايىۋى دۆلەت توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرى تارىختا ئىلغار رول ئوينىغان. لېكىن، ئۇنىڭ غايىۋى دۆلىتى پادىشاھلىق تۈزۈم دائىرىسىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كېتەلمىگەن، بۇ غايىۋى دۆلەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ماددىي كۈچى، زۆرۈر ۋاستىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىغان. مەنىۋى كۈچى ۋە شەخسلەرگە تايىنىش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارىغان»[20]. «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىياسىي-ئىجتىمائىي قاراشلىرى قىسمەنلىك جەھەتتىن مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەندى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇغرا قاراخان تەرىپىدىن مۇتەپەككۇر خاس ھاجىپلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مۇئەييەن ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى يۈكسىلىشلەر مەيدانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com



كەلگەنىدى. بىراق، ئومۇمىيلىق جەھەتتىن بۇ كۆز قاراشلار تېخى رېئالىستىك ئەمەس، بەلكى، خىيالى (ئۇتوپىك) قاراش ئىدى »[21].

دېمەك، ئۇلۇغ ئالىم، سىياسىي مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ نۇرغۇنلىغان ئىلغار سىياسىي ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ ئىلغار ئىدىيەلەر ئەينى تارىخىي دەۋردە زور تەسىر قوزغاپ، مۇئەييەن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي يۈكسىلىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۆزىدىن كېيىنكى شائىر، ئالىم، پەيلاسوپلارغا پارلاق ئۈلگە بولغان، ئالىمنىڭ يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن سىياسىي ئىدىيەلىرىدىكى پارلاق، يارقىن نۇقتىلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەھلىل قىلىپ ۋە قوبۇل قىلىپ، بۈگۈنكى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىز، ئىناق شىنجاڭ بەرپا قىلىش ئەمەلىيىتىمىز ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

## پايدىلانمىلار

[1][2][4][5][6][7][8][9][19] يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى: «قۇتادغۇبىلىك ۋە قانۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993- يىلى 2- ئاي نەشرى، 4-، 5-، 39 -، 85-، 215-، 349-، 39-، 189 -، 221- بەتلەر.

[3][15][18][20] سەمەت خېۋىر: «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999- يىلى10- ئاي نەشرى، 179-، 195-، 170-، 195- بەتلەر.

[10] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006- يىلى 4- ئاي نەشرى، 388- بەت.

[11] زارىق دۆلەت: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىدىن ئۈچېرىكلار»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002-يىلى 6-ئاي نەشرى، 155 -بەت.

[12][13][14][16] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997-يىلى 8-ئاي نەشرى، 193-، 195-، 196-، 199-بەتلەر.

[17][21] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قۇتادغۇ بىلىك خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1999- يىلى8- ئاي نەشرى، 495-، 361- بەتلەر.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى**

ماقالە نومۇرى: 06 ـ 027 ـ 04 (2011) 5878 ـ 1005

# ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر ئاساسىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە *

## ـــــ قەشقەر، خوتەن رايونلىرىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى

چىمەن نەجمىدىن

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدا غايات زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئاساسىي مائارىپتا زور يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى. مائارىپ سېلىنمىسىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيەسى ئۆستۈرۈلۈپ ، قوش تىل ئوقۇتۇشى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈلدى، «ئىلغارلىقتا بەسلىشىش، ئىلغار ئورۇن يارىتىش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئوقۇ- ئوقۇتۇش سۈپىتى ئۈزۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. لېكىن، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز ، مائارىپ سېلىنمىسى چەكلىك بولغانلىقتىن، ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يەرلىك مالىيەنىڭ مائارىپقا بولغان سېلىنمىسىنى تەدرىجىي كۆپەيتىش، دۆلەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى كەمچىل بولۇش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولماسلىق، ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش ئارىلىقىدا چېكىنىپ كېتىش قاتارلىق مەسىلىلەر تېخى تەل-تۆكۈس ھەل بولغىنى يوق. بۇ مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشتا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە ئىشتات ئىلتىماس قىلىش، نىشانلىق ئوقوغۇچى قوبۇل قىلىش ئېتىبار سىياسىتىنى ئۇزارتىشنى ئىلتىماس قىلىش، بىر تۇتاش ئوقوغۇچى قوبۇل قىلىش پىرىنسىپى بويىچە نىشانلىق تەقسىملەش ، باشقۇرۇش ۋە تەشۋىقات سالمىقىنى كۈچەيتىش، قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇش، ئەمگەك قانۇنىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، بالا ئىشچىلارنى ئىشلىتىش قىلمىشىنى قاتتىق توسۇش، دۆلەتنىڭ نامرات ناھىيەلەردىكى ئاز سانلىق مىللەرنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مائارىپ باسقۇچىنى مەجبۇرىي مائارىپ دائىرىسىگە كىرگۈزۈش، نامرات ناھىيەلەردىكى مەكتەپلەرنىڭ نورمال چىقىمىنى ھەل قىلىش، تولۇق ئوتتۇرىغا ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ .

**摘要：**本文对改革开放 30 年来维吾尔族基础教育发展进行了论述：以“两基”为重点，基础教育得发展，以保证投入为前提，提高教师水平，以大力推进双语教学为发展，切合实际的落实到实处。开展“争先创优”活动，教育教学质量得以加强和提高。存在的问题及建议：地方经济基础薄弱，教育投入有限，发展地方经济，增加地方财政对教育的支出，国家加大扶持力度，改善办学条件；中小学教师严重缺编，教师专业结构不合理，应向自治区党委、人民政府申请教师定向名额、申请延长定向招生的优惠政策、以统招的原则分配定向生；中小学学生流失仍严峻，狠抓法令法规，遵守劳动法，国家对贫困县的少数民族高中阶段应纳入义务教育范畴，解决贫困县学校的正常开支；提高高中升学率。

**Abstract:** In this paper, the author elaborates on the development of Uyghur basic education since reform and opening up: focusing on the “Two Basics” (to basically popularize nine-year compulsory education throughout the country and eliminate illiteracy among young and

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 4- ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** چىمەن نەجمىدىن (1958-يىلى 11- ئايدا تۇغۇلغان). پىروفېسسور، شىنجاڭ ھازىرقى ۋە يېقىنقى زامان تارىخى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



middle-aged people by the end of this century.) to ensure the development of basic education; ensuring the investments as a precondition to improve the level of teachers; promoting bilingual teaching; carrying out the " first to excellence " activities through which the quality of teaching can be strengthened and enhanced. Existing problems and suggestions: Since the region with a weak economic foundation, investment in education is limited; the development of regional economy, increase regional fiscal expenditure on education, the state has increased support to improve conditions for running a school; teachers in primary and middle schools are severely understaffed, teachers' specialty structure is irrational, the schools should apply teacher orientation quota and an extension of preferential policies to enroll students who are pre-assigned to specific posts or areas and allocate targeted-area students; since the loss of students in primary and middle schools are still grim, the state should take charge of the laws and regulations and compliance with labor law; the high school education of minority students in some poverty-stricken counties should be included in compulsory education; the state should also make every efforts to solve the normal expenditure problems of schools in some poverty-stricken counties and increase high school enrollment rate.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G529 ماتېرىيال بەلگىسى: A

***تەھرىردىن:** يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئاپتور قەشقەر، خوتەن قاتارلىق رايونلارغا بېرىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت ئەمەلىي تەكشۈرۈشتە بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپى توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىدى ۋە بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىگە بېرىپ بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك ئىستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ چىقتى، مۇشۇ ئاساستا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى بايان قىلىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلدى. ئۇنىڭغا ئاساسەن ئاپتور قاراتمىلىقى بولغان تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچى.*

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئىنتايىن ئارقىدا ئىدى. 1949ـيىلى شىنجاڭدا پەقەت بىرلا ئالىي مەكتەپ بار بولۇپ، بۇنىڭدا تولۇق ئوتتۇرا مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئىگە ئوقۇغۇچىدىن 379ى ۋە 36 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپتىن 11ى (ئاساسلىقى تولۇقسىز پېداگوگىكا مەكتىپى) بار ئىدى. مەكتەپلەر ئاساسلىقى دىخۇا شەھىرى (ئۈرۈمچى) گە ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر نەچچە شەھەر ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋىلايەتلەرگە مەركەزلەشكەن ئىدى. كەڭ دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيەلىنىش شارائىتى يوق بولۇپ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى ئاران 19.8% ئىدى . مائارىپ خىراجىتى ئىنتايىن قىس، مەكتەپلەرنىڭ ئۆل مۇئەسسەسە ئەسلىھەلىرى ئاددىي ۋە ناچار، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ساۋاتسىزلىق نىسبىتى 90%تىن يۇقىرى ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 60 نەچچە يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3ـئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلىرى ھەمدە مائارىپ تارماقلىرى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» قاتارلىق قانۇن- پەرمانلارنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، پارتىيەنىڭ مىللىي مائارىپ سىياسىتىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان بىر قاتار فاڭجېن-سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. دەسلەپكى قەدەمدە يەسلىي مائارىپى، ئاساسىي مائارىپ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپى، چوڭلار مائارىپى ۋە ئادەتتىكى ئالىي مائارىپنى ئۆز ئىچىگە

ئالغان ئاز سانلىق مىللەت مائارىپ سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىدا روشەن يۈكسىلىش ۋەزىيىتىنى يارىتىپ، مىليونلىغان ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكى كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈردى. مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئۈچقاندەك راۋاجلىنىشى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى.

## 1. قەشقەر، خوتەن رايونىدىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى

(1) « ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئاساسىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇردى.

1981-يىلدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن خوتەن رايونى بويىچە 80 ئوتتۇرا مەكتەپ بار بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 26مىڭ 44 نەپەر، مەخسۇس تەيىنلەنگەن ئوقۇتقۇچى بىر مىڭ 834 نەپەر، ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىش يېشىغا توشقان ئۆسمۈرلەرنىڭ نىسبىتى 39.9% بولغان. 2005-يىلى 8-ئايغا كەلگەندە، خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سانى بىر مىڭ 26 گە، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مەكتەپلەرنىڭ سانى 994 كە يېتىپ، ئومۇمىي ساننىڭ 97% تىنى ئىگىلىگەن. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 1981-يىلدىكىنىڭ 13.9 ھەسسىسىگە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 19 مىڭ 699 نەپەرگە يېتىپ، 1981-يىلدىكىنىڭ 15 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن. پۈتۈن ۋىلايەتتىكى مەكتەپ يېشىغا توشقان ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 97.8% كە يېتىپ، ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش نىسبىتى 3% بولدى. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى يىلدىن-يىلغا ئېشىپ، ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 63.55% ، ئوقۇشتىن توختاش نىسبىتى 0.95% بولغان. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، خوتەن ۋىلايىتى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنى ئىسلاھ قىلىشنى ئاساس قىلغان مائارىپ ئىسلاھاتى قىلىپ، كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنى كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتكە نۇرغۇنلىغان ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. 2005-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن بۇرۇن پۈتۈن ۋىلايەت تەۋەسىدىكى يەتتە ناھىيە، بىر شەھەردىكى 755 مەكتەپنىڭ ھازىرقى زامانغا خاس يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش مائارىپ تورىنىڭ قۇرۇلۇشى غەلىبىلىك تاماملاندى.

ئاپتونوم رايوننىڭ «ئىككى ئاساسەن» خىزمىتىنى باھالاش-مۆلچەرلەش ئۆلچىمىگە ئاساسەن، بۇ ئۆلچەمنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، مەكتەپ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش، ساپا مائارىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ، پۈتۈن ۋىلايەت مىقياسىدىكى ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ مۇھىتىنى «تۈتلەشتۈرۈش»، يەنى قاتتىقلاشتۇرۇش، يېشىللاشتۇرۇش، گۈزەللەشتۈرۈش، ساپلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى. نۆۋەتتە خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى 2/3 قىسمىدىن ئارتۇق ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەر «تۈتلەشتۈرۈش» تەلىپىنىڭ ئۆلچىمىگە يەتتى.

قەشقەر ۋىلايىتى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ بىرى، 10يىل داۋاملاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكىگە ئوخشاشلا غايەت زور ۋەيرانچىلىقلارغا ئۇچرىغان. 1976-يىلىدا، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ياخشى يۈزلىنىش بارلىققا كېلىپ، قەشقەرنىڭ ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلىرى كۆپىيىپ 175 كە، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 51 مىڭ 130 گە يەتكەن. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ سانى 236 گە، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 271 مىڭ 727 گە يەتكەن. 1990-1992- يىللىرى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ رەھبەرلىرى «ئالتىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى»نىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، تۆۋەن ئۆلچەمدىكى

www.uyghurkitap.com



ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغان. پۈتۈن ۋىلايەت تەۋەسىدىكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىدىن باشقا 11 ناھىيە (شەھەر) نىڭ ھەممىسى لاياقەتلىك بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت مالىيەسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك مالىيەنىڭ ئىقتىسادى جەھەتتىن قوللىشى بىلەن، ئىككى تۈرلۈك چوڭ قۇرۇلۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باشلىغان: بىرى، «بىر بولماسلىق، ئىككى بولۇش قۇرۇلۇشى»، يەنى خەتەرلىك ئۆي بولماسلىق، دەرسخانا بولۇش، دەرسلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ئۈستەل-ئورۇندۇقلار بولۇش قۇرۇلۇشى. يەنە بىرى، «8 نى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى»، يەنى بىر مەكتەپ؛ قورشاۋ تام، دەرۋازا، ھاجەتخانا، تەجرىبىخانا، كۈتۈپخانا، مەيدان، دوختۇرخانا، قايناقسۇخانا قاتارلىقلارنى ھازىرلاش قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلىغان.

(2) سىپلىنىمىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرگەن.

مائارىپ ــ دۆلەتنى پەن-مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۇلى. مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۆمىدى ئوقۇتقۇچىلاردا. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى. بۇ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىككى ۋىلايەت تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن:

بىرىنچى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى ياخشىلاشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرغان. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى ۋە يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سان ۋە سۈپەت جەھەتتىكى قۇرۇلۇشىنى تۈزۈملەشتۈرگەن ۋە قېلىپلاشتۇرغان.

ئىككىنچى، مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى مائارىپ نەزەرىيەسى بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئۈيۈشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشىگە يېتەكچىلىك قىلغان. ئوقۇتقۇچىلارنى كەسپىي ئۆگىنىشكە ئۈيۈشتۈرۈپ، ھەر قايسى كەسپىي پەنلەرنىڭ دەرسلىك مەزمۇنىنى پىششىق ئىگىلىتىپ، مەخسۇس دەرسلىك ھەققىدە تەتقىقات ئۈيۈشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەر قايسى پەن بىلىملىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا توغرا يەتكۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلغان.

ئۈچىنچى، ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرغان. ئوقۇتقۇچىلارنى شۇ جايدا ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا ، شىمالىي شىنجاڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا ئۈيۈشتۈرۈپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش سەۋىيەسىنى ھەققىي تۈردە ئۆستۈرگەن. 2005- يىلى بىر يىل ئىچىدىلا، قەشقەر ۋىلايىتى يەكەن ناھىيەسىدىكى 3000دىن كۆپرەك ئوقۇتقۇچىنى تەربىيەلەشكە ئۈيۈشتۈرغان.

(3) قوش تىل ئوقۇتۇشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بولىدىغانلىكى جايىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 2- نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «قوش تىل» ئوقۇتۇشىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، «تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، قەدەممۇ قەدەم يولغا قويۇش» پرىنسىپى بويىچە، ئىككى ۋىلايەتتە «قوش تىل» ئوقۇتۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىشكە ئالاقىدار قارارلارنى تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ، 2012- يىلى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان «قوش تىل» ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى قەدەممۇ قەدەم ئىزچىللاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇرغان.

بىرىنچى، 2005-يىلدىن باشلاپ، قەشقەر ۋىلايىتىدە 3 مىليون ئوقۇغۇچىنى «قوش تىل» بىلەن ئوقۇتۇش ۋە مىللىي، خەنزۇ مەكتەپلەرنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئىشلەش مۆلچەرلىنىپ، بىرىنچى يىللىقتىن باشلاپ قوش تىلدا دەرس ئۆتۈش يولغا قويۇلۇپ، دەسلەپكى يىلدىن باشلاپ قوش تىل بويىچە ئوقۇتۇش دائىرىسى كېڭەيتىلگەن. خوتەن ۋىلايىتى ئەسلىدىكى 38 «قوش تىل» سىنىپى ئاساسىدا بۇ سىنىپلارنى 366 گە كۆپەيتىپ، 2004 ـ يىلىدىكى 164 سىنىپ بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، بىر ھەسسىگە يېقىن كۆپەيتكەن.

ئىككىنچى، ئەسلىدىكى تەجرىبە سىنىپ ئاساسىدا، تەجرىبە سىنىپلارنىڭ كۆلىمىمۇ

كېڭەيتىلگەن، مەسىلەن؛ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تەجرىبە سىنىپ 2005-يىلىدىكى تۆت «تەجرىبە سىنىپى» ئاساسىدا، 2010-يىلىغا كەلگەندە كۆپىيىپ 24 كە يەتكەن. يەكەن ناھىيەسىدىكى بەشكەنت بازارلىق «قوش تىل» تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپى شىنجاڭدىكى بىردىنبىر پۈتۈن كۆنلۈك ياتاقلىق تۈزۈمدىكى «قوش تىل» مەكتىپى بولۇپ، دۆلەتنىڭ «مەجبۇرىيەت مائارىپى قۇرۇلۇشى» تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن.

ئۈچىنچى، «ئۆز مەكتىپىدە تەربىيەلەش»نى ئاساس قىلىپ، تۈرلۈك ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، ھەرخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى خەنزۇ تىلى بىلەن تەربىيەلەشنى كۈچەيتكەن. مىللىي ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيەسىنى سىناپ، نەتىجىسىگە، سەۋىيەسىگە ئاساسەن، خەنزۇ مەكتەپلەردە قاتلاملار بويىچە تەربىيەلەپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئەمەلىي كاپالەتكە ئىگە قىلغان. 2005-يىلى خوتەن ۋىلايىتىدىن ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرىغا 437 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، 2004-يىلىدىكى 179 نەپەرنىڭ 2.4 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن. شىنجاڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار 2004- يىلى 120 نەپەر بولۇپ، 2005-يىلىغا كەلگەندە 341 غا يەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، خوتەن جىجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدىغان بولۇپ، جىجياڭ ئۆلكىسى جىنخۇا شەھىرىدە خوتەن تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلىپ، 2004-يىلىدىن باشلاپ، ھەر يىلى 2 سىنىپ 80 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان.

تۆتىنچى، «ئەلا بولۇشقا ئىنتىلگەن ئاساستا ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرگەن ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگەن.

ئىككى ۋىلايەتتىكى مەكتەپلەر پارتىيە ياچېيكا رەھبەرلىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇرغان، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقى روشەن ئېشىپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش روھىغا ئىگە بولغان. مەكتەپلەر ئارا ئىلغارلىقنى تالىشىش، ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئىلغارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتى ئەۋج ئېلىپ، رىقابەت كۈچى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇلغان.

## 2. قەشقەر، خوتەن رايونىدىكى ئۇيغۇر مائارىپىدا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىشقا دائىر تەكلىپ - پىكىرلەر

(1) يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز، مائارىپ سېلىنمىسى ئىنتايىن چەكلىك. ناھىيە، يېزىلارنىڭ ئىككى دەرىجىلىك قاتتىق دېتال قۇرۇلۇش سېلىنمىسىدا يەنىلا مەسىلە بار. مەسىلەن، مەكتەپلەردىكى خەتەرلىك ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى ۋە مەكتەپ ياتىقىنىڭ كەمچىل بولۇشى قاتارلىقلار. ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئەسۋاب- ئۈسكۈنىلەر؛ ئېلېكتىرلەشكەن مائارىپ، مۇزىكا، تەنتەربىيە، گۈزەل-سەنئەت، تازىلىق، كۇتۇپخانا ئەسلىھەلىرى قاتارلىقلارغا دائىر ئەسلىھەلەر كەم بولۇش مەسىلىسى ئىنتايىن ئېغىر، بولۇپمۇ كۆپ ساندىكى ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى ۋە ماتېرىياللىرىنىڭ بەلگىلەنگەن نىشاندىكى ئوقۇتۇش مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرالغۇ مەسىلىسى ياخشى ھەل قىلىنمىغان. تەجرىبە مەكتەپلىرىنىڭ ئۇل-مۇئەسسەسلىرىنىڭ يۇرۇشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق ئەمەس. «بىرنى تاپشۇرۇش»، «ئىككىنى كەچۈرۈم قىلىش» سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنمۇ بۇ ئىككى رايوننىڭ ئۇيغۇر مائارىپىدا يەنىلا قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى سەۋەبلەر ئاساسلىقى مائارىپ سېلىنمىسى بىلەن مالىيە كىرىمى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ گەۋدىلىك بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يەرلىك مالىيەنىڭ مائارىپقا بولغان سېلىنمىسىنى تەدرىجىي كۆپەيتىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا مۇھتاج بولۇپ، دۆلەتنىڭ مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەكتەپ شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم.

(2) ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىنتايىن كەمچىل، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسىپ

www.uyghurkitap.com



قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس. 2004-يىلىدىكى ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 468 مىڭ 689 نەپەر بولۇپ، ئۇيغۇر كەسپىي ئوقۇتقۇچى 19 مىڭ 104 نەپەر، ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 251 مىڭ 995 نەپەر، كەسپىي ئوقۇتقۇچى 11 مىڭ 155 نەپەر بولۇپ، ئوقۇتقۇچى يەنىلا ئىنتايىن كەمچىل. ئىختىساسلىقلارنىڭ كەمچىل بولۇشى قەشقەر، خوتەننىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئاپتونوم رايون قەشقەر، خوتەن رايونىنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى ئىختىساسلىقلارنى تولۇقلاش مەسىلىسىدە مالىيە ۋە مائاش تەمىناتى ۋە ھەرخىل تەمىنات جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى، ھەمدە ئالاقىدار قانۇن-نىزاملارنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىن ئوقۇتقۇچىلارنى جەلپ قىلىپ، يەرلىك ئىختىساسلىقلارنى ئىشلىتىش، سەرخىللاشتۇرۇش، تەربىيەلەش جەھەتتە زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەسلىدە بار بولغان ئوقۇتقۇچى، ئىختىساسلىقلار مەنبەسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۆلەت، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت بىر نىيەتتە ئورتاق ھەمكارلىشىپ، ئوقۇتقۇچى كەمچىل بولۇش مەسىلىسىنى تىرىشىپ ھەل قىلدى.

(3) ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشتىن چېكىنىش ئەھۋالى يەنىلا ئېغىر، باشقۇرۇش ۋە تەشۋىقات سالمىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. 80-يىللاردىن كېيىن، ئىككى رايوندىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇشتىن چېكىنىش مەسىلىسى (بولۇپمۇ يېزىلاردا) يەنىلا زور مەسىلە سۈپىتىدە ھەل قىلىنىشنى كۈتمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك: ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ تەسىلىشى «ئوقۇغاننىڭ پايدىسى يوق»، « ئوقۇسىمۇ- ئوقۇمىسىمۇ، ياخشى ئوقۇسىمۇ، ناچار ئوقۇسىمۇ ئوخشاش» دېگەن قاراشنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بازار ئىگىلىكىنىڭ زەربىسىدە ، «ئوقۇشنى تاشلاپ، سودا قىلىش»، « ئوقۇشنى تاشلاپ، ھۈنەر ئۆگىنىش» ئەھۋالى ئېغىر. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى، بولۇپمۇ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىغا تەۋە بولمىغان باسقۇچتىكى ئوقۇشتىن چېكىنىش ئەھۋالى يەنىلا ئېغىر. بۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ قانۇن-پەرمانلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى چىڭ تۇتۇش، ئەمگەك قانۇنىغا قاتتىق ئەمەل قىلىش، ئۆسمۈرلەرنى ياللاپ ئىشلىتىش قىلمىشىغا قاتتىق زەربە بېرىش، نامرات ناھىيەلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مائارىپىنى مەجبۇرىيەت مائارىپى دائىرىسىگە كىرگۈزۈش، نامرات ناھىيەلەر مائارىپىنىڭ نورمال چىقىمىغا كاپالەتلىك قىلىش، تولۇق ئوتتۇرىغا ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، بۇ ئارقىلىق مەكتەپتىن چېكىنىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەربىيەلىنىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، چېگرا رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك، ماس قەدەملىك، ئىناق، سىجىل بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

## پايدىلانمىلار


1. «شىنجاڭ مائارىپ ژۇرنىلى»نىڭ 1998 ـ يىللىق سانلىرى.
2. «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2001 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈندىكى سانى، 3 ـ بەت.
3. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 2002 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈندىكى سانى، 2 ـ بەت.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 033 ـ 04 (2011) 5878 ـ 1005

# ئاھالىلەر كىرىم تەقسىماتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ۋە زىيادە كىرىم پەرقىنى تەڭشەشنىڭ تەدبىرلىرى توغرىسىدا*

**ھۆرنىسا قاسىم**

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قانۇن ـ سىياسىي فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** جۇڭگودا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىقتىسادى جەھەتتە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنى قايىل قىلغۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلدى، لېكىن، ئىقتىسادنىڭ تېز ئېشىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاھالىلەر كىرىم پەرقىمۇ تېز سۈرئەتتە چوڭىيىپ كېتىش ھادىسىسى كۆرۈلۈپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئېغىر توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ. بۇ ماقالىدە، نۆۋەتتىكى كىرىم تەقسىماتى تەڭپۇڭسىزلىقىنىڭ ئىپادىلىرى، ئاھالىلەر كىرىم پەرقى چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، نۆۋەتتىكى زىيادە كىرىم پەرقىنى تەڭشەشنىڭ تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要:** 改革开放三十多年来，中国在经济建设中取得了惊天动地的成就。但，经济的快速发展的同时公民扶贫差距日益增大，这阻碍着我国构建和谐社会。本文分析了收入分配不平衡的主要表现，公民扶贫差距增大的主要原因并提出了调整扶贫差距的若干措施。

**Abstract:** In the 33 years since reform and opening up, China has made remarkable achievements in economy, however, with the rapid economic growth, there have been rapidly widening income gap, which seriously affected the construction of harmonious society. In this paper, the author analysis the reasons of income distribution imbalance and the widening income gap, and puts forward some countermeasures.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F124.7 ماتېرىيال بەلگىسى: A

2011 ـ يىلى«12 ـ بەش يىللىق پىلان» نىڭ باشلىنىش يىلى، خەلقئارادىن قارىغاندا، دۇنيا ئىقتىسادى نۆۋەتتە ئاستا، تەستە ئەسلىگە كېلىۋاتىدۇ. دۆلەت ئەھۋالىدىن قارىغاندا، جۇڭگو ئىقتىسادى مۇقىم ئېشىۋاتىدۇ، ئۆتۈپ كەتكەن بەش يىلدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئەمەلىي ئېشىشى % 11.2 بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن ئېشىپ كەتكەن. جۇڭگونىڭ 2010 ـ يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئۈچ تىرىليون 980 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ياپونىيەدىن ئېشىپ تۇنجى قېتىم دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادىي گەۋدىگە ئايلاندى. 2009 ـ يىلى جۇڭگونىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە GDP سى 3700 دوللار ئىدى. 2010 ـ يىلى 4000 دوللاردىن ئېشىپ كەتتى. ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، 2011 ـ يىلى جۇڭگو ئىقتىسادى ئىزچىل مۇقىم ئېشىپ، تېز راۋاجلىنىپ، ئىلمىي تەرەققىيات ئاساسىدا پۇختا قەدەم بېسىپ «12 ـ بەش يىللىق پىلان»نىڭ ياخشى باشلىنىشنى كۈتۈۋېلىۋاتىدۇ. ئالغا بېسىش جەريانىدا ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلىلەر ئىچىدە شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ تەرەققىياتى ماس بولماسلىق، كىرىم تەقسىمات پەرقى چوڭ بولۇش، كەسىپلەر قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولماسلىق، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى ئاجىز بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر بار. ئولتۇراق

* بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: ھۆرنىسا قاسىم (1969 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۇغۇلغان). دوتسېنت، ئىقتىساد ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئۆي، داۋالىنىش، سەھىيە، كىرىم تەقسىماتى قاتارلىق ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە يەنىلا ئاز بولمىغان قىيىن ھەم قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى ساقلانماقتا. بۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ تېخىمۇ ياخشى ياشاش ئارزۇسى بىلەن بىر قەدەر چوڭ پەرقلىنىدۇ.

نۆۋەتتە پۇل پاخاللىقىنىڭ بېسىمى بىرقەدەر ئېغىر. تۆۋەن كىرىملىك ئاممىنىڭ تۇرمۇشى نىسبەتەن قىيىن، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش تېخىمۇ زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىقتىساد نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتساق، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى نېمە؟ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ مەقسىتىچۇ؟ جاۋاب پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش. شۇڭلاشقا، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزنىڭ ئەڭ تۈپ مەقسىتى بولۇشى كېرەك. كومپارتىيەنىڭ جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى — خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسى ئىقتىسادنىڭ سىجىل ئېشىشىنىڭ تۈرتكىسىدە ئىزچىل ئاشتى. لېكىن، كىرىم تەقسىماتى ۋەزىيىتىدىكى تەكشۈكسىزلىق ئەھۋالى تۈپتىن ياخشىلانغىنى يوق. جىينى كوئېففىتسېنتى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ كەتتى. شەھەر-بازارلاردىكى ئەڭ يۇقىرى كىرىملىك 10% ئائىلە ۋە ئەڭ تۆۋەن كىرىملىك 10% ئائىلىنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمىنى سېلىشتۇرساق، 20 يىل ئاۋۋالقى تەخمىنەن ئالتە ھەسسىدىن توققۇز ھەسسىگە ئۆرلىگەن. ئوتتۇرا ھال ھەم تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەر، ئائىلىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ كىشىلەر توپىنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسى نىسبەتەن تۆۋەن، مۇقەررەر ھالدا پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنىڭ كەملىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، كىرىم تەقسىمات تۈزۈمى مۇكەممەل بولماسلىق ئىچكى ئېھتىياج تۆۋەنلىكىنىڭ مۇھىم سەۋەبى. دۇنيا بانكىسى ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، نۆۋەتتە جۇڭگونىڭ جىينى كوئېففىتسېنتى ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭكىدىن يۇقىرى، جۇڭگودا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ بىخلىرى ئاللىقاچان شەكىللەنگەن. بىر تەرەپتىن، جۇڭگو دۇنيادىكى 2- چوڭ راھەتلىنىش تېپىدىكى بويۇملارنى ئىستېمال قىلىدىغان دۆلەت. يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگودىكى نامرات نوپۇس 40 مىليوندىن ئاشىدۇ، تۆۋەن كىرىملىك ئاما 270 مىليون. جۇڭگودەك بۇنداق تىپىك شەھەر-يېزا ئىككى مەنبەلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلىق دۆلەتكە نىسبەتەن، گەرچە جىينى كوئېففىتسېنتى جۇڭگونىڭ ئائىلىلەر كىرىم پەرقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن، جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى كىرىم پەرقىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت. شۇڭا، كىرىم تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كىرىم پەرقىنى كىچىكلىتىش ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى.

## 1. جۇڭگودىكى كىرىم تەقسىماتى تەكشۈكسىزلىقىنىڭ ئىپادىلىرى

(1) ھۆكۈمەتنىڭ جۇغلانما بايلىقى بارغانسېرى ئېشىۋاتىدۇ، شەخسلەرنىڭ كىرىمى بارغانسېرى تۆۋەنلەۋاتىدۇ. مەركىزىي بانكا ئېلان قىلغان ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ھۆكۈمەت ئامانىتى تۈرىدىكى مەبلەغ سوممىسى 1999- يىلىدىكى 178مىليارت 500 مىليون يۈەندىن 2008 - يىلى بىر تىرىليون 696 مىليارت 384 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 9.5 ھەسسە ئاشقان. ھۆكۈمەت خامچوتى ئىچىدە مالىيە كىرىمىنىڭ GDP دىكى سالمىقى 10.95% دىن 20.57% گە يەتكەن. ئەگەر خامچوتتىن باشقا كىرىم، ھۆكۈمەتنىڭ يەر سېتىش كىرىمى ھەمدە مەركەز بىلەن يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ھەر يىلدىكى تەقسىم قىلمىغان كىرىمىنى قوشقاندا، ھۆكۈمەتنىڭ يىرىك خامچوت كىرىمى مىللىي

دارامەتنىڭ 30% نى ئىگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا، كۆرۈنۈشتە جۇڭگونىڭ ئامانەت نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى، لېكىن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاۋامغا تەئەللۇقى ئاز. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2007- يىلى جۇڭگو كارخانىلىرى ئامانىتىنىڭ مىللىي دارامەتتە ئىگىلىگەن نىسبىتى 12 يىل ئاۋۋالقى 12% دىن 23% كە ئاشقان، ئاھالىلەرنىڭ ئامانىتى ئىزچىل 20% ئەتراپىدىلا بولغان. داۋالىنىش ھەم ئىجتىمائىي كاپالەت يېتەرسىز بولغاچقا، ئاۋام كۆپ قىسىم ئامانىتىنى ئازادە خەجلىيەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال ئىقتىدارى ئېغىر توسالغۇغا ئۇچرىغان.

(2) بايلىقلار بارغانسېرى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن، ئىشچى- دېھقانلار ئاممىسىنىڭ كىرىمى بىر قەدەر تۆۋەن. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭگو كارخانىلىرى، بولۇپمۇ كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە ئاساسىي قاتلامدىكى پەن-تېخنىكا خادىملىرى جۇڭگونىڭ ياساش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تاشقى سودىنى كېڭەيتىش ۋە دۆلەت ئىچى- سىرتىدىكى بازارلىرىنى ئېچىشتا ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشتى. لېكىن، كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بايلىق بارغانسېرى كارخانىلاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قالغان. كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر تېگىشلىك كىرىم ۋە پاراۋانلىقتىن بەھرىمەن بولالمىغان. جۇڭگو بىلەن تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ سائەتلىك ئىش ھەققىنى سېلىشتۇرغاندا، جۇڭگونىڭ 0.2 دوللار ئەتراپىدا بولغان، ياۋروپا-ئامېرىكا دۆلەتلىرىدە ئومۇمەن30 -25 دوللار بولغان. مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 2010- يىلى 4- ئايدا ئېلان قىلغان تەكشۈرۈش دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، جۇڭگونىڭ مىللىي دارامەت تەقسىماتى ۋەزىيىتىدە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنىڭ GDP دا ئىگىلىگەن سالمىقى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىگەن، 1997- يىلدىن 2007- يىلىغىچە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنىڭ GDP دا ئىگىلىگەن سالمىقى 53.4% دىن 39.74% كە چۈشۈپ قالغان. دۆلەت ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى ئەڭ يۇقىرى ئۈچ ساھە ئىچىدە ئاكسىيە ساھەسىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئىش ھەققى 172 مىڭ 100يۈەن بولغان، ئۇ پۈتۈن مەملىكەت ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىنىڭ ئالتە ھەسسىسىگە باراۋەر. ئۇنىڭدىن باشقا، پۇل مۇئامىلە ساھەسىنىڭ 87 مىڭ 670 يۈەن بولغان، بۇ پۈتۈن مەملىكەت ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىنىڭ 3.1 ھەسسىسىگە باراۋەر بولغان. ئاۋىياتسىيە ساھەسىنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە كىرىمى75 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىنىڭ 2.6 ھەسسىسىگە تەڭ بولغان، ئېلېكتىر، تېلېگراف، نېفىت، پۇل مۇئامىلە، سۇغۇرتا، سۇ، توك، گاز بىلەن تەمىنلەش، تاماكا قاتارلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ساھەلەر نىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ 8% نى تەشكىل قىلسىمۇ، مائاش ۋە مائاشتىن باشقا كىرىم ئومۇمىي سوممىسى پۈتۈن مەملىكەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرى مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 55% نى تەشكىل قىلىدۇ. 1978- يىلدىن 2005- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كەسىپلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىش ھەققى بىلەن ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىنىڭ پەرقى 458 يۈەندىن 32 مىڭ 249 يۈەنگە كۆپىيىپ، 69.41 ھەسسە ئاشقان. ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىچە مائاشى ئەڭ تۆۋەن بولغان ساھە بىلەن ئەڭ يۇقىرى بولغان ساھەنىڭ نىسبىتى 2.17:1 دىن 4.88:1 گە چوڭايغان.

دۇنيا بانكىسىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئامېرىكىدا 5% نوپۇس 60% بايلىقنى ئىگىلىگەن، جۇڭگودىكى 1% ئاھالە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 41.4% بايلىقىنى ئىگىلىگەن، جۇڭگودا بايلىقنىڭ مەركەزلىشىش دەرىجىسى ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىپ، دۇنيا بويىچە ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشى ئەڭ ئېغىر دۆلەتكە ئايلانغان.

(3) شەھەر، يېزىلارنىڭ كىرىم پەرقى ئۈزلۈكسىز چوڭىيىپ دېھقانلارنىڭ ئىستېمالى ئېغىر دەرىجىدە يېتەرسىز بولغان. جۇڭگو شەھەر -يېزىلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئوتتۇرىچە كىرىم پەرقى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپىدىكى 1:1.8 دىن 2007 ـ يىلدىكى 1:3.33 كە چوڭايغان. مۇتلەق پەرق 9 مىڭ 646 يۈەن بولغان، ھەمدە ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن بۇيانقى پەرق ئەڭ چوڭ بىر يىل بولغان. يېزىلاردا ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ ئومۇملىشىشى تۆۋەن، پاراۋانلىق تۆۋەن. زور كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمى تۆۋەن بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئىجتىمائىي كاپالەت ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ يېتەرسىز بولۇشىدا، بۇ ئىستېمال ئىقتىدارىنى چەكلەپ تۇرىدۇ.

(4) ئوخشىمىغان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم پەرقى ناھايىتى چوڭ. بۇ رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم پەرقى شەرقىي قىسىم رايونلار بىلەن غەربىي قىسىم رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىدە ئىپادىلىنىدۇ. 2000 ـ يىلدىن 2003 ـ يىلغىچە غەربىي قىسىم بىلەن شەرقىي قىسىم رايونلارنىڭ كىشى بېشى GDP پەرقى 7 مىڭ 458 يۈەندىن 9 مىڭ 250 يۈەنگە ئاشقان، GDP نىڭ ئېشىش نىسبىتى پەرقى 2.54% دىن 8.39% كە چوڭايغان. جۇڭگودىكى نامرات نوپۇس سانى خەلقئارا ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىنغاندا دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى 2008 ـ يىلى بېكىتكەن نامراتلىق سىزىقى كىشى بېشى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 785 يۈەندىن، كىشى بېشىغا ھەر كۈنگە 0.3 دوللاردىن توغرا كېلىدۇ. بۇ دۇنيا بانكىسى تەۋسىيە قىلغان كىشى بېشى ئوتتۇرىچە ھەر كۈنى 1.75 دوللار بولۇشتىن ئىبارەت نامراتلىق سىزىقىدىن ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدۇ. كىرىم تەقسىماتىدىكى يۇقىرىقى تەڭپۇڭسىزلىقلار سەۋەبىدىن جۇڭگودا ئىچكى ئېھتىياجىنى ئاشۇرۇش يېتەرلىك ئەمەس، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىستېمال چىقىمىنىڭGDP دىكى سالمىقى 60% تىن 75% كىچە، لېكىن، جۇڭگودا ئىستېمال چىقىمىنىڭGDP دا ئىگىلىگەن نىسبىتى يىلسېرى تۆۋەنلەش يۈزلىنىشىدە، 1985 ـ يىلىدىكى 52% تىن 2008 ـ يىلىدىكى 35.3% كە چۈشۈپ قالغان.

## 2. ئاھالىلەر كىرىم تەقسىماتىدىكى پەرق چوڭىيىپ كېتىشنىڭ سەۋەبلىرى

نۆۋەتتىكى كىرىم تەقسىماتى پەرقىنىڭ كۈنسېرى چوڭىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىك، يەنى تارىخىي سەۋەبلەرمۇ بار، يەنە يېقىنقى يىللاردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا تەرەققىيات بىلەن تەقسىماتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالماسلىقتەك سەۋەبمۇ بار.

(1) تارىخىي سەۋەب — يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تاللىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسىنى تاللىغان ئىدۇق. بۇ قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتا جۇڭگودىمۇ سانائەتكە ئەھمىيەت بېرىپ يېزا ئىگىلىكىگە سەل قاراشتەك ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى تاللىنىپ، قايچىسىمان پەرق ئۇسۇلى بىلەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ مەبلەغ توپلاپ، سانائەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن؛ نوپۇس تۈزۈمى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ ئىككى مەنبەلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى شەكىللەنگەن، ئىككى مەنبەلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تىكلىنىشى جۇڭگونىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى مەنپەئەت تەقسىمات ۋەزىيىتىنى بەلگىلىگەن ھەمدە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى گەۋدىلەرنىڭ تەقسىمات ۋە قايتا تەقسىماتتىكى ئورنىنى بەلگىلىگەن.

(2) تۈزۈم سەۋەبى ـ باج تۈزۈمى ئەسلىدە قايتا تەقسىماتتا كىرىم پەرقىنى تەڭشەيدىغان كۈچلۈك پىشاڭ. لېكىن، جۇڭگودىكىسى ئۇزۇندىن بۇيان شەكىللەنگەن غەلىتە تۈزۈم بولۇپ،باج تۈزۈمى تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللەتمەيلا قالماي، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋەتتى، جۇڭگودا باجغا ئەڭ زور تۆھپە قوشىدىغانلار ئاشۇ بايلار بولماستىن، بەلكى ئوتتۇرا، تۆۋەن كىرىملىكلەردۇر. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگودا ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 20% تىن ئازراقىنى تەشكىل قىلىدىغان بايلار تاپشۇرىدىغان باج دۆلەت باج كىرىمىنىڭ 10% گىمۇ يەتمەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، 2006 ـ يىلى دېھقانچىلىق بېجى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال

دېھقانلارمۇ جۇڭگو باج ھەققىنىڭ ئاساسلىق ھۆددىگەرلىرى ئىدى. 2002- يىلىدىن ئاۋۋال يېزىلارنىڭ دېھقانلار ئوتتۇرىچە باج نىسبىتى 5% ئىدى.

(3) قانۇنسىز بىنورمال كىرىم تەسىرى ــ قانۇنسىز بىنورمال كىرىم دېگەندە، ئاساسلىقى نۆۋەتتىكى قانۇن- بەلگىلىمىلەر شارائىتىدىكى قانۇنسىز كىرىمنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، باج ئوغرىلاش، باجدىن قېچىش، ئەتكەسچىلىك قىلىش، ئالدامچىلىق قىلىش قاتارلىقلار. يەنە قارىماققا قانۇنلۇقتەك، لېكىن، ئادىللىق پرىنسىپى ياكى ئەخلاقىي مىزانلارغا ئاساسلانغاندا بىنورمال كىرىم، مەسىلەن: ئومۇمنىڭ پۇلىغا ساياھەت قىلىش، كوللېكتىپ ئىستېمالنى شەخسىي ئىستېمالغا ئايلاندۇرۇۋېلىش قاتارلىقلار. خاراكتېرىدىن قارىغاندا، قانۇنسىز بىنورمال كىرىم ئىجتىمائىي ئومومىي كىرىم ئىچىدە بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن بىنورمال ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىگىلىۋېلىنغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنكى جەمئىيەتتە يەنىلا زور مىقداردىكى قانۇنسىز بىنورمال كىرىم مەۋجۇت بولۇپ، بۇ جۇڭگو ئاھالىلىرىنىڭ كىرىم تەقسىمات پەرقىنى نامۇۋاپىق ھالدا چوڭايتىۋېتىپلا قالماي، جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بايلىقلارنىڭ سەرخىل تەقسىملىنىشى ۋە ئۈنىگەدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا قارىتا بۇزغۇنچىلىق رولىنى ئويناۋاتىدۇ، يەنە جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىنى ئاجىزلىتىپ، ھەرخىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، جۇڭگونىڭ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ.

## 3. ئاھالىلەر كىرىم تەقسىماتىدىكى پەرق چوڭ بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

(1) شەخسلەر تاپاۋەت بېجىنىڭ تەڭشەش ئىقتىدارىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. شەخسلەر تاپاۋەت بېجى ئەندىزىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، تېخىمۇ مۇۋاپىق باج نىسبىتى بەلگىلەش كېرەك. ئىش ھەققى تاپاۋىتىدىن ئالىدىغان باج نىسبىتىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن شەخسلەر تاپاۋەت بېجى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، باج ئوغرىلاش، باجدىن قېچىشتەك قانۇنسىز قىلمىشلارنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش، بىر تەرەپ قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

(2) ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن: بىرىنچىدىن، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىجتىمائىي كاپالەت فوندى جۇغلاپ، كاپالەتلەندۈرۈش ئۆلچىمىنى ۋە ئۇسۇلىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسىگە ماس كېلىدىغان، قاتلاملارغا بۆلۈنگەن ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەلەشتۈرۈش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئىش ئورنىدە يارىلىنىش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق ۋە تۇغۇت سۇغۇرتىسىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، يېزىلاردىكى ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى ۋە داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىدىن نامرات رايونلار، يېزىلاردىكى نامراتلارنىڭ كاپالەتلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، پۈتكۈل پۇقرالارغا قارىتىلغان ئىجتىمائىي كاپالەت مېخانىزمىنى تەدرىجىي بەرپا قىلىپ، شەھەر- بازارلاردىكى نامراتلار قاتلىمى ۋە يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(3) نۆۋەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئېتىبار سىياسەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. نۆۋەتتە دۆلەت ئىچىدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىيىتى ناھايىتى كەسكىن. ئىش ئورنى ئاز،

ئىشلەشكە تېگىشلىكلەر، بولۇپمۇ يوشۇرۇن ئىشسىزلار ئازايماستىن، بەلكى داۋاملىق كۆپىيىۋاتىدۇ. خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى بىلەن جۇڭگو ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقىنىڭ بىرلەشمە تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، شەھەر - بازارلاردىكى ئۇنىۋېرسال يوشۇرۇن ئىشسىزلار نىسبىتى 18.8% ئىكەن. بولۇپمۇ 2008 - يىلى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئاساس قىلغان ياش ئىشسىزلار سانى تارىختىكى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.

شۇڭلاشقا، ھەر خىل ئامىللارنى قوللىنىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۆپەيتىش كېرەك. بىرىنچىدىن، قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىدىغانلارغا قارىتىلغان باجدا ئېتىبار بېرىشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، مېيىپلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا قارىتا باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ياشانغانلارنى بېقىش مۇلازىمىتىگە قارىتىلغان باجدا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ تۆتىنچىدىن، تەربىيەلەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىجتىمائىي ئورگانلارنىڭ تاپاۋەت بېجىنى ئازايتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش كېرەك؛ بەشىنچىدىن، قەرز ئېلىشقا كېپىل بولۇش ۋە مالىيە ياردىمى ئۇسۇلىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىگىلىك تىكلەش تىپىدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى تېزلىتىش كېرەك. پارتىيە 17 - قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا، دۆلەت ئىگىلىك تىكلەشكە ئىلھام بېرىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكلەش ئەندىزىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ ئىگىلىك تىكلەش تىپىدىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ جۇڭگودىكى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يولىدىكى بىر يېڭى يول ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بۇنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن قوللاش كېرەك.

(4) يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار ۋە دېھقانلارغا قارىتىلغان سېلىنمىنى كۆپەيتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكى، يېزىلار ۋە دېھقانلارغا قارىتىلغان سېلىنمىنى كۆپەيتىش، ئاساسلىقى، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ پەن-تېخنىكىدا ئىلگىرىلىشىنى قوللاپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. دۆلەت يېزا ئىگىلىك سىياسىتىنى تەھلىل قىلىش ۋە سىياسەتتە قوللاشنى كۈچەيتىش كېرەك. تەجرىبە ئىشخانىسىنىڭ تەقلىدىي ھېسابلاپ چىقارغان نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئوخشىمىغان قوللاش ئۇسۇلى يېزا ئىگىلىكىنىڭ GDP سىغا ئوخشاشمىغان تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ يېزىلارغا قارىتىلغان جامائەت سېلىنمىسىدا، پەن-تېخنىكىغا سالغان بىر يۈەن مەبلەغ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكى GDP سىنى 9.59 يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدىكەن، مائارىپقا بىر يۈەن مەبلەغ سالسا يېزا ئىگىلىكى GDP سىنى 3.71 يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدىكەن. يولغا مەبلەغ سالسا 2.12 يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدىكەن. ئالاقىلىشىشكە مەبلەغ سالسا 1.91 يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدىكەن، ئوخشىمىغان قوللاش ئۇسۇلىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىدە، سۇغىرىشقا سالغان مەبلەغنىڭ قايتىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى ئىكەن، ھەربىر يۈەن سۇغىرىش مەبلىغى 5.56 كىلوگرام ئاشلىقنى كۆپەيتىدىكەن. پەن-تېخنىكىغا سېلىنغان بىر يۈەن مەبلەغ ئارقىلىق ئاشلىقنى 4.41 كىلوگرام ئاشۇرغىلى بولىدىكەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كۈچنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا قارىتىش، يېزا ئىگىلىك ئاساسى كۈچەيتىلسە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈشتە ھەسسىلەپ ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

(5) مائارىپقا مەبلەغ سېلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئادىللىق ئاساسلىقى پۇرسەت ئادىللىقى ۋە نەتىجە ئادىللىقىدا ئىپادىلىنىدۇ، مائارىپ ئادىللىقى پۇرسەت ئادىللىقىنىڭ مۇھىم شەرتى. شەخسلەرنىڭ تەربىيەلىنىش دەرىجىسى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ۋە ئېرىشىدىغان كىرىمنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى بىۋاستە بەلگىلەيدۇ. ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىنىڭ تەكشۈكسىزلىكى قاتارلىقلار شەخسىي كىرىمنىڭ دەسلەپكى تەقسىملىنىشىنى قاتتىق چەكلەيدۇ، بولۇپمۇ يېزا ئاھالىلىرى، بىر قەدەر تۆۋەن مەدەنىيەت سەۋىيەسى —

نامراتلىقنىڭ مەنبەسى. ھۆكۈمەت پۈتۈن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پۇقرالارنى باراۋەر مائارىپتىن بەھرىمان بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرۈپ، جامائەت مالىيەسىنىڭ يۆلەش فۇنكسىيەسىنى ئاكتىپ جارى قىلدۇرۇپ، مەركەز مالىيەسىدىن بىر تۇتاش تەقسىملەيدىغان مەجبۇرىيەت مائارىپى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى، نامرات ئائىلىلەر پەرزەنتلىرىنىمۇ باراۋەر تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرۈپ، نامراتلارنىڭ ۋە تۆۋەن كىرىملىكلەرنىڭ نەپكە ئېرىشىش ئىقتىدارىنى تۈپتىن ئاشۇرۇشى كېرەك. ئاساسىي مائارىپ ساھەسىگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە، يەنە كەسپىي تېخنىكا مائارىپىنىڭ ھەقىقىي ئومۇملىشىشى ۋە كېڭەيتىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك. كەسپىي تېخنىكا تەربىيەسىنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ماھارىتى بىلەن بازار ئېھتىياجىنىنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئەمگەكچىنى ئىش ئورنى بولۇش ياكى ئۆزى ئىگىلىك تىكلەش يولىغا مېڭىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. يىغىپ ئېيتقاندا، نۆۋەتتە جۇڭگودا كىرىم پەرقى بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىك، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت نۆۋەتتە ئىقتىسادنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇن-تۈزۈملەشكەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بەرپا قىلىپ، شۇ ئارقىلىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىجتىمائىي بايلىقلارنىڭ ئادىل، مۇۋاپىق تەقسىملىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەربىر پۇقرانى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىپ كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەردىن بەھرىمان قىلىش كېرەك.

## پايدىلانمىلار

1. لۇنىڭ قاتارلىقلار : «كىرىم تەقسىمات پەرقى چوڭ بولۇشنى تەڭشەشتىكى باج سىياسىتى»، «باج تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2009 ـ يىللىق 2- سانى.
2. ما خۇڭ قاتارلىقلار : «ئىقتىساد ئېشىۋاتقان بۇرۇلۇش پەيتىدىكى جۇڭگو شەھەر- بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىرىم تەقسىماتىدىكى پەرق ئۆستىدە تەتقىقات»، جۇڭگو كىتابخانا نەشرىياتى، 2008- يىلى 1- ئاي نەشرى.
3. جاڭ مۇشىڭ: «مالىيە نېمە ئۈچۈن مۇنداق تولۇق؟ مالىيە سىياسىتىدىن ئىلمىي تەرەققىياتقا نەزەر»، «باج تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2007- يىللىق 10- سانى.
4. ۋاڭ لىشۆ: «شەخسىي كىرىم پەرقىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى، مەسىلىلەر ۋە تەدبىرلەر»، «ئىسلاھات» ژۇرنىلى، 2000- يىللىق 6- سانى.
5. http://news.xinhua.net.com/forture/2010-05/21/c-12125400.htm

جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 1005 ـ 5878 (2011) 04 ـ 040 ـ 05

# شىنجاڭنىڭ رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ۋە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى توغرىسىدا*

خەلچەم ئەمەت

(ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر كافېدراسى، ئۈرۈمچى. 830002)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ماقالىدە بازار مېخانىزمى ۋە دۆلەتنىڭ ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى يېڭى رىقابەت ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ. بۇ ماقالىدە، شىنجاڭنىڭ رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدا ساقلىنىۋاتقان پەرق ۋە بۇ پەرقنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا دائىر كونكېرت چارە ـ تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要:** 随着市场机制和国家用人制度的变化，新疆少数民族高校毕业生在就业问题上遇到了新的挑战和困难，就业问题表现得十分突出。本文分析由于新疆地区间经济增长存在的较大差距对少数民族高校毕业生的影响，并提出解决就业问题的具体对策。

**Abstract:** With the changes of the market mechanism and the state personnel system, minority university graduates face new challenges and difficulties in employment issues, which have been very prominent. In this paper, the author analyzes the impacts on the employment of minority university graduates caused by a wide gap due to regional economic growth, and puts forward specific measures to solve the employment problems.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: C913.9　ماتېرىيال بەلگىسى: A

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشالماسلىقىدەك ھادىسە كۆرۈلمەكتە. شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ سىلىشتۇرما تەرەققىيات پەرقى سەۋەبىدىن، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنىڭ تەس بولۇش مەسىلىسى گەۋدىلىك بولماقتا. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىگە ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدا تۇرۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىنى مۇلاھىزە قىلىش، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ رايون ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا، دۆلەتنىڭ مۇقىم ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە.

## 1. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتىكى ھازىرقى ئەھۋالى

### 1) شىنجاڭ رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىر دۆلەت ياكى بىر رايون ئىچىدە مەلۇم مەزگىللىك (ئادەتتە بىر يىل)

* بۇ ماقالە 2011ـيىلى 6ـ ئاينىڭ 25ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** خەلچەم ئەمەت (1961ـ يىلى10ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، سىياسىي ئىقتىساد ئوقۇتۇشى ۋە رايونلار ئىقتىسادى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات بىلەن مۇلازىمەتنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2009 - يىلى شىنجاڭنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى(GDP) 19 مىڭ 942 يۈەن بولۇپ، دۆلەتىمىزنىڭ 25 مىڭ 575 يۈەنلىك ئوتتۇرچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولغان. شىنجاڭنىڭ رايونلار پەرقىمۇ ناھايىتى زور بولۇپ، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى خېلىلا ئارقىدا قالغان، مەسىلەن، 2009 -يىلى ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ % 11.2نى ئىگىلىسىمۇ بىراق ياراتقان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى پۈتۈن شىنجاڭ ئىگىلىكىنىڭ 25.4%نى ئىگىلىگەن. ئوخشاشلا خوتەننىڭ ئومۇمىي نوپۇسى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ % 11 نى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن، ياراتقان GDP سى پۈتۈن شىنجاڭ GDP سىنىڭ ئاران% 7.5 نى ئىگىلىگەن. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان GDP پەرقىدىمۇ روشەن بولغان. ئۈرۈمچى رايونىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغانGDP سى 38 مىڭ 249 يۈەن بولغان بولسا، خوتەننىڭ ئاران 4 مىڭ 583 يۈەن بولغان، ئارىدىكى پەرق 8.4 ھەسسە بولغان. نامرات رايونلار بىلەن باشقا رايونلار ئوتتۇرسىدا بۇنداق روشەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات پەرقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەمەلىيەتتە سانائەتنىڭ، ئوتتۇرا- كىچىك كارخانىلار تەرەققىياتىدىكى پەرق بولۇپ، كارخانا تەرەققىياتى كىشىلەرنى ئىش ئورنى بىلەن تەمىن ئەتكەچكە كىشىلەرنىڭ كىرىمىمۇ ماس قەدەمدە ئۆزلۈكسىز ئاشىدۇ. شىنجاڭنىڭ رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بولۇپمۇ نامرات رايوندىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ.

**2) ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى**

بىرىنچىدىن، شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى تۆۋەن. ئىگىلىنىشچە، ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمى ئىدارە - ئورگانلار بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىش توختامنامىسى ئىمزالىغاندىن باشقا، كۆپ قىسمى ئۆزلىرىنىڭ يۇرتلىرىغا بىۋاستە ئەۋەتىلىدىكەن. ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستىغا مەركەزلىك توپلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنى چەت، شىنجاڭنىڭ باشقا رايونلىرىغا نىسبەتەن ئىقتىسادى تەرەققىي قىلمىغان. ئۈچىنجى كەسىپنىڭ تەرەققىياتى ئاستا، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرگە نىسبەتەن ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى جەلپ قىلىش كۈچى تۆۋەن. گەرچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كۆپ قېتىم ئاز سانلىق مىللەت ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئېھتىياجىنى يەنىلا قاندۇرۇپ بولالمىغان. ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 2002 - يىلدىن 2008 - يىلغىچە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن جەمئىي 24 مىڭ نەپەر ئوقۇغۇچى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، ئوبلاستقا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق ئىمتىھانى، مەمۇرىي خادىملىققا قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا قاتناشقان. بۇنىڭ بىلەن ئاز بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ھەل قىلىنغان. ئىشقا ئورۇنلىشىپ بولغانلار 13 مىڭ 400 نەپەر، ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى % 55.8 بولغان. ئىشقا ئورۇنلاشمىغانلارنىڭ سانى بولسا 10 مىڭ 600 نەپەر بولۇپ ئىشسىزلىق نىسبىتى 44.2% بولغان. سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق شۇنى بىلەلەيمىزكى، كۆپ ساندىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى تېخى ھەل قىلىنمىغان.

ئىككىنچىدىن، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئاساسەن شىنجاڭ رايون ئىچىدىلا بولماقتا. ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، شىنجاڭنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكى ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشالماسلىقىدىكى

يەنە بىر مۇھىم سەۋەب.

ئۈچىنچىدىن، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىشانى ئاساسەن ئورگانلار بولماقتا. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى كۆپرەك مەمۇرىي ئورگانلار ۋە دۆلەت كارخانىلىرى تارتماقتا. ئەكسىچە، يۇقراۋى كارخانىلارغا قارىتا ئىككىلىنىپ قېلىش ياكى بولمىسا ئۇ يەردە ئۇزاق ئىشلەشنى خالىماسلىق خاھىشى مەۋجۇت.

تۆتىنچىدىن، ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشى جەھەتتە بەزى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇ ئاساسەن ئىككى تەرەپتە كۆرۈلىدۇ: بىرى، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا بولغان چۈشەنچىسى مۇكەممەل ئەمەس، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى «مەمۇرىي ئورۇنلارغا بېرىپ خىزمەت قىلىش» دەپ قارايدۇ. ئەكسىچە، كارخانىلاردا خىزمەت قىلىشنى بولسا، «مۇقىم ئەمەس، ئىشەنچسىز، كاپالەتكە ئىگە قىلالمايدۇ» دەپ قارايدۇ. ئىككىنچىسى، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا بولغان ئۈمىدى زىيادە يۇقىرى. خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوقۇش تەننەرخى نىسبەتەن يۇقىرى. ئوقۇش مۇددىتى ئۇزۇن، جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىن كېلىدىغان بېسىم ئېغىر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆپرەك پۇل تاپىدىغان خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئارقىلىق ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشنى ئويلايدۇ.

## 2. ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا بولغان تەسىرى

دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىلەن خىزمەتكە ئورۇنلىشىشنىڭ ئېھتىياجى ئادەتتە ئوڭ تاناسىپلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئېلاستىكىلىقىنى ئىككى تەرەپتىن مۇلاھىزە قىلغاندا، بىز دەۋاتقان ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئېلاستىكىلىقى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش نىسبىتى بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ نىسبىتى ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرمىدىن ئىبارەت. ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىدىكى ھەر بىر ئۆزگىرىش پىرسەنتى شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئىشقا ئورۇنلىشىش مىقدارىدىكى ئۆزگىرىش نىسبىتىنى ھاسىل قىلىدۇ.

جەدۋەل: ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئېلاستىكىلىق سىستېمىسى سانلىق مەلۇمات جەدۋىلى

| ئېلاستىكىلىقى | ئىشقا ئورۇنلىشىش سۈرئىتى(%) | GDPنىڭ ئېشىشى (%) | ۋاقىت |
|---|---|---|---|
| 0.153 | 1.8 | 11.8 | 8 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى |
| 0.065 | 0.5 | 7.7 | 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى |
| 0.267 | 2.7 | 10.1 | 10 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى |

(2007 ـ يىللىق شىنجاڭ ئىستاتىستىكا يىلنامىسىدىن ئېلىندى، ئېلاستىكىلىقنى ئاپتور ھېسابلاپ چىققان)

يۇقىرىقى جەدۋەلدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، 1991 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىش ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 11.8% بولغان، جەمئىيەتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئوتتۇرىچە نىسبىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 1.8% بولغان، ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئېلاستىكىلىق سىستېمىلىق رەقەم سانى بولسا 0.153 بولغان. 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى بەلگىلىك تۆۋەنلىگەن. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 7.7% بولغان، جەمئىيەتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 0.5% كە تۆۋەنلىگەن، ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئېلاستىكىلىق ـ سىستېمىلىق رەقەم سانى 0.065 بولغان. 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىقتىساد تۆۋەنلىگەن، بۇنىڭ بىلەن ئىشقا ئورۇنلىشىش سۈرئىتى ئومۇمىي جەھەتتىن

تۆۋەنلىگەن. 10-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىگە كەلگەندە، دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىدا ئۆرلەش بولغان. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى10.1%، جەمئىيەتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 2.7%، ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئېلاستىكىلىق - سىستېمىلىق رەقەم 0.267 بولغان. بۇ مەزگىلدە گەرچە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىگە قارىغاندا 1.7% تۆۋەن بولسىمۇ، لېكىن، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش سىياسەتلىرىنىڭ يۈرگۈزۈلىشى بىلەن جەمئىيەتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ ئومۇمىي سانى 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىدىن ئاشقان.

## 3. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش تەدبىرلىرى

**1) ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئۆز رايونىنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن، ئالىي مەكتەپلەردىكى كەسىپلەرنى تەڭشەش كېرەك**

ئالىي مەكتەپلەردە جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولغان كەسىپلەرنى تەسىس قىلىش، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلەيدىغان تارماقلارنى كېڭەيتىپ قۇرۇش كېرەك، كۆپلىگەن ياشلارنى جەلپ قىلىدىغان، ئوقۇش پۇلى تۆۋەن، قىسقا مۇددەت ئوقۇيدىغان (ئىككى يىللىق) تۈزۈمدىكى كەسپلەرنى تەسىس قىلىش كېرەك، ئوقۇغۇچىلار بىردىن-ئىككىگىچە كەسپىي تېخنىكا ئىگىللىگەندە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىسبىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا مەبلەغ ئاز كېتىدۇ، ئۈنۈمى تېز بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تەربىيىلەش كېرەك.

**2) مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى قۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك**

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى يەنىلا شىنجاڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئۇلارغا يېڭىلىق يارىتىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رايون ئالاھىدىلىكى ۋە مىللەت ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنى قۇرۇش كېرەك. شىنجاڭنىڭ مىللىي مەدەنىيەت بازارلىرىنى ئېچىش بىلەن بىرگە، ھەرخىل قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كەسپلەشتۈرۈش، مىللىي دورىگەرلىك كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش، ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش، ساياھەتنى ئاساس قىلغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنى كۆپلەپ قۇرۇش كېرەك. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قول-ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ۋە يېڭى مەھسۇلات، يېڭى ماركىلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ .

**3) شىنجاڭنىڭ سانائەت قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق خىزمەت تېپىش يوللىرىنى كېڭەيتىش كېرەك**

ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى — خىزمەت ئورۇنلىرىنىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئاساسى. يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىنى ئومومىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈش، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، جەمئىيەتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىش بېسىمىنى يېنىكلىتىشنىڭ تۈپ ئاساسى. بۇنىڭ ئۈچۈن، سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئوتتۇرا كىچىك تىپتىكى كارخانىلار بىلەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدە بولمىغان كارخانىلارغا ياردەم بېرىش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن چەت ئەل كارخانىلىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ مەبلەغ سالدى، بۇ سۆھبەت يىغىنى شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىقتىسادىنى ۋە رايونىمىزدىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى تېزلىتىشتە يېتەكچىلىك رول ئوينىدى. بىر مىليون دوللارلىق ئېكسپورت سوممىسى 4 مىڭ شىنجاڭلىقنىڭ ئىشسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىدى، ھازىر شىنجاڭدا 110 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم

www.uyghurkitap.com



چەت ئەل كارخانىلىرىدا ئىشلىمەكتە.

### 4) ماكرو جەھەتتىكى يېتەكلەش بىلەن مىكرو جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم

ھەر يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ھۆكۈمەت تەقسىم قىلىشنى ئويلاشسا، مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار دۆلەت ئورگانلىرىغا، مەمۇرىي ئورۇنلارغا ۋە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا كىرىپ خىزمەت قىلسا ، بۇ ئارقىلىق باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت پەن-تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ چىققىلى ۋە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كادىرلار توپىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى، بولۇپمۇ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى بىر قەدەر سەزگۈر مەسىلە بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا چېتىلىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار ئورگانلار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىگە، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئوقۇغۇچىلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم.

## پايدىلانمىلار


1. چېن جۈن:« نۆۋەتتىكى ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە»، [J]، شىنجاڭ مالىيەسى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2007-يىللىق 2-سانى.
2. «شىنجاڭ يىلنامىسى»، 2003-، 2008 ـ يىللىق سانلىرى.
3. «ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا پىكىرى»، تەڭرىتاغ تورى، 2011- يىلى 2- ئاينىڭ 18-كۈنى.
4. جاڭ يۈلىڭ، جاۋ يىپىڭ: « شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە»[J]، «ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىش» ژۇرنىلى، 2009- يىلى 4- سان.
5. لى شيا، ئەنشاۋ چىڭ. « شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا تەتقىقات ۋە چارە-تەدبىرلەر» [J] ، شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى، (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 2006- يىلى7- سان.


جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى

ماقالە نومۇرى: 1005 ـ 5878 (2011) 04 ـ 045 ـ 16

# ئۇيغۇر پەنجىگاھ مۇقامى تېكستى ئۈستىدە تەتقىقات*

ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانى

(مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ. 100081)

قىسقىچە مەزمۇنى : مۆھتەرەم پېشقەدەم رەھبىرىمىز تۆمۈر داۋامەت ئاكا باش مۇھەررىرلىكىدە ھازىرلىنىپ، 1997 ـ يىلى جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 13 توملۇق گىگانت ئەسەر «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» مۇبارەك مۇقاملىرىمىزنىڭ ئاھاڭلىرىنى قايتىدىن رەتلەپ، نوتىغا ئېلىپ، تېكىستلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى شاراپىتى بىلەن، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تەتقىقاتى تارىخىدىكى ئابىدە خاراكتېرلىك بۈيۈك ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىدىن باشقا، 2005 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرىدىن ـ ئەسلى يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى» ناملىق ئەسەر ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى بويىچە بۇ چاغقىچە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردە، يالغۇز تىرانسكرىپسىيەسىلا ( ئوقۇلۇشىلا ) بار، ئەمما ئەسلىي يېزىلىشى يوق بولۇشتەك كەمتۈكلۈككە خاتىمە بېرىپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستولوگىيەسىنىڭ يېپيېڭى بىر تارىخىي دەۋرىنى ئاچقان نادىر ئەسەر بولۇپ سانىلىدۇ.

بۇ ماقالىدە، مەزكۇر «ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى» ناملىق ئەسەرنى ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرس ۋە ماگىستىر ئاسپىرانتلارغا دەرس قىلىپ سۆزلەش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىم ئاساسىدا، بەشىنچى مۇقام پەنجىگاھ مۇقامى تېكىستىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرىمنى يىغىنچاقلاپ، پىكىرلىشىش ئۈستىكىدە ئىلىم ئەھلىنىڭ مۇلاھىزىسىگە قويۇپ ئۆتىمەن.

**摘要：**在这篇论文中，作者对维吾尔十二木卡姆中的第五个木卡姆， 即潘吉尕木卡姆的共 342 首歌词， 在《普遍性的特点》， 《个案性特点》和《对歌词释义的分析与研究》的题目之下，进行了语言和文学方面的分析和研究。 在《普遍性特点》这一节里，陈述了在潘吉尕木卡姆所包含的琼乃额曼，达斯坦和麦西热甫三个部分里，有作品的古典诗人的诗歌数目以及所占份额，属于民间文学的民间长诗，口头流传下来的民间歌谣及其基本特点等。在《个案性特点》这一节里，阐述了在本潘吉尕木卡姆歌词里有作品弹唱的各个古典诗人的诗歌和格孜尔，在语言和文学艺术方面的独特建树等。《对歌词释义的分析与研究》这一节里，则用讲道理摆事实的科学方法 ，较细致的研究与探讨了怎样才能正确无误地解释属于察哈台维吾尔语的木卡姆歌词的词义这个学术问题。

**Abstract:** The great thirteen-volume collection *The Uyghur Twelve Muqam*, prepared under the editorship of our distinguished and experienced leader Tömür Dawamet and published in 1997 by China Encyclopedia Press, made outstanding contributions to organizing our blessed Muqams' music, notating it, and fixing its texts, and stands as a monumental achievement in the history of Uyghur Twelve Muqam research. Aside from this, the excellent book *From the Treasures of Chaghatay Uyghur Literature — The Uyghur Twelve Muqam Texts with Their Original Orthography* put an end to the era of books presenting Twelve Muqam text

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 11-ئاينىڭ 1-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتور: ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانى (1950 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، پىروفېسسور، دوكتور، دوكتورانت يېتەكچىسى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

transcriptions without their original texts, and inaugurate a new era in Twelve Muqam text scholarship.

In this article, on the basis of my experience using *From the Treasures of Chaghatay Uyghur Literature — The Uyghur Twelve Muqam Texts with Their Original Orthography* as a textbook for undergraduate and graduate students, I will summarize what my research on the characteristics of the *Penjgah* Muqam's special characteristics, and present my findings for the consideration of the scholarly community.

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122 ماتېرىيال بەلگىسى: A

## 1. ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلەر

پەنجىگاھ مۇقامى تېكىستلىرىنى ئون ئىككى مۇقام ئىچىدىكى باشقا مۇقاملارنىڭ تېكىستلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئومۇمىيەت جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، پەنجىگاھ مۇقامى تېكىستلىرى «چوڭ نەغمە» قىسمى 216 مىسرا، «داستان» قىسمى بەش داستان 92 مىسرا ۋە «مەشرەپ» قىسمى ئىككى مەشرەپ 34 مىسرا، جەمئىي 342 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىچىدە، تېكىست ھەجمى جەھەتتە راك مۇقامىدىن قالسىلا 2- ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىككىنچى، پەنجىگاھ مۇقامى تېكىستلىرى ئۇچۇن، ئەلىشىر نەۋايى (ئىككى غەزەل)، مەشرەب (ئىككى غەزەل)، نەۋبەتى (ئىككى غەزەل)، مەھزۇن (ئىككى غەزەل)، ھافىز شىرازىي (بىر غەزەل)، مەشھۇرىي (بىر غەزەل)، زىيائىي (بىر غەزەل)، ئايازىي (بىر غەزەل)، مەزھەرىي (بىر غەزەل)، زەلىلىي (بىر غەزەل)، ھافىز خارەزمىي (بىر غەزەل)، سەئىدىي (بىر غەزەل)، ھۇسەينىي (بىر غەزەل)، نىزارىي (بىر غەزەل)، ناقىسىي (بىر غەزەل)، نەفىيسىي (بىر غەزەل)، رەشىدىي (بىر غەزەل) ۋە گەدائىي (بىر غەزەل) بولۇپ، جەمئىي 18 شائىرنىڭ 22 پارچە غەزىلى بېرىلگەن. مەزكۇر 22 غەزەلنىڭ 8 ى، يەنى ئۇچتىن بىر قىسمىنى ئەلىشىر نەۋايى، مەشرەب، نەۋبەتى ۋە مەھزۇندىن ئىبارەت تۆت شائىرنىڭ غەزەللىرى تەشكىل قىلىغان. قالغان 14 شائىرنىڭ بىردىن غەزىلى ئورۇن ئالغان. دېمەك، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بەشىنچىسى بولغان پەنجىگاھ مۇقامى تېكىستلىرىدە، جەمئىي 18 نەپەر كلاسسىك شائىرنىڭ، يەنى باشقا مۇقام تېكىستلىرىگە قارىغاندا نىسبەتەن كۆپ ساندىكى شائىرنىڭ بىر-بىرىسىدىن رەڭدار گۈزەل غەزەللىرى ئورۇن ئالغان.

ئۈچىنچى، پەنجىگاھ مۇقامىنىڭ «داستان» قىسمىدا جەمئىي بەش داستان بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە، بىرىنچى داستان شائىر سەئىدىينىڭ «قايىسى گۈلشەننىڭ سەنىڭدەك بىر گۈلى رەئناسى بار» مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان بەش بېيىتلىق بىر غەزىلىدىن؛ ئىككىنچى داستان بولسا، شائىر ھۇسەينىينىڭ «ئەي سەنىڭ جادۇ كۆزۈڭ سەر فىتنەئى ئاخىر زەمان» مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان بەش بېيىتلىق بىر غەزىلىدىن؛ ئۈچىنچى داستان ئۇيغۇر ئەل ئىچى داستانلىرىدىن بولغان مەشھۇر «سەنەۋبەر» نىڭ «نازلىق دىلبەر بىر سۆزۈم بار ئايتايىن» مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان جەمئىي ئون ئالتە مىسرالىق پارچىسىدىن؛ تۆتىنچى داستان شائىر نىزارىينىڭ «ئىزدەدىم كۆڭلۈمنى قانان گۈلشەنىدە جان بىلە» مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان سەككىز بېيىتلىك گۈزەل بىر غەزىلىدىن؛ بەشىنچى داستان بولسا، شائىر ناقىسىنىڭ «مۇغەننىي چەڭ مەقامى راكنى بەزم ئىچرە مەستانە» مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان ساق ئون بېيىتلىق تولىمۇ لەۋەن بىر غەزىلىدىن تەركىب تاپقان. روشەنكى، مەزكۇر مۇقام تېكىستىدە، جەمئىي بەش داستاننىڭ تۆتىنى كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ئىگىلىگەن.

تۆتىنچى، پەنجىگاھ مۇقامىنىڭ «مەشرەپ» قىسمى ئىككى مەشرەپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىرىنچى

مەشرەپتە، كىلاسسىك شائىرلىرىمىزدىن زەلىلىينىڭ «گويىاكى كۆڭۈل سەرھەدى باغى ئەلەممدۇر» مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان بەش بېيىتلىق بىر غەزىلى، شائىر نەفىسىنىڭ «ساڭا يۈز شۈكۈر يا رەب، بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ» مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان ئىككى بېيىتلىق قىممەتلىك بىر غەزىلى، شۇنداقلا شائىر رەشىدىينىڭ «ھەق يولىدا جان كەچىپ بىر جۇستىجۇيى قىلمادىم» مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان بەش بېيىتلىق يارقىن بىر غەزىلى ئوقۇلىدۇ. ئەمدى، ئىككىنچى مەشرەپتە بولسا، شائىر گەدائىينىڭ «يانا ياز بولدىيۇ تاپتى بوستان نەشۋۇ نەما» مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان بەش بېيىتلىق پاساھەتپەرداز بىر غەزىلى تەرەننۇم قىلىدۇكى، بۇ غەزەللەرنىڭ بىر-بىرىدىن گۈزەل ئېچىلغان خۇشپۇراق گۈللەردەك ھۆزۈرى ئوقۇغۇچىنى ئىختىيارسىز مەستخۇش قىلىدۇ.

بەشىنچى، پەنجىگاھ مۇقامىنىڭ «سەنەم» قىسمىغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «ئەگىز-ئەگىز تاغ باشىدا چىراغ كۆيەدۇر» مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان ئۈچ بېيىتلىق ئارامبەخش بىر قوشىقى بېرىلگەن بولۇپ، ئوقۇغان كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا، بۇ قوشاقتا جور بولغان ھالدا لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋاتقان سەنەم قىزلارنىڭ سىيماسى دەرھال نامايان بولىدۇ.

## 2. خاس ئالاھىدىلىكلەر

پەنجىگاھ مۇقامى تېكىستلىرى باشقا مۇقام تېكىستلىرىگە ئوخشاشلا ئوتتۇرا ۋە قەدىمكى زامان ئاتاقلىق شائىرلىرىمىز يازغان كىلاسسىك يازما شېئىرلار بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولغان قوشاقلار ۋە خەلق داستانلىرىدىن تەركىب تاپقان. ئەمدى، خاس ئالاھىدىلىكلەر دېگەندە، ھەر قايسى كىلاسسىكلار شېئىرلىرىنىڭ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرى، خەلق قوشاقلىرى ۋە داستانلىرىدا گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزگىچىلىكلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

بىز بۇ يەردە، نۇقتىلىق قىلىپ، ئاتاقلىق كىلاسسىكلىرىمىزدىن مەشھۇرىي، نىزارىي ۋە ناقىسلارنىڭ ئۆرنەك غەزەللىرى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، كىلاسسىك شائىرىمىز مەشھۇرىينىڭ «جۇنۇن دەشتىدە بىزنى بىر گۇرۇھ ئاۋارەلەر دەرلەر» مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان ئون بىر بېيىتلىق غەزىلى تارىختىن بۇيان، پەنجىگاھ مۇقامىنىڭ تېكىستىدە، «چوڭ نەغمە» بۆلىكىنىڭ مۇقەددىمە غەزىلى قىلىپ ئوقۇلۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا، بىر توپ مۇھەببەت سەۋدالىرىنىڭ ئاچچىق-چۆچۈكلۈك بىلەن تولغان قىسمىتى گۈزەل شېئىرىي تىل بىلەن لەۋھەن بايان قىلىنغان. ئالايلۇق:

جۇنۇن دەشتىدە بىزنى بىر گۇرۇھ ئاۋارەلەر دەرلەر،
مۇغىيلان خار ـ خارىدىن ئاياغى يارەلەر دەرلەر.

بىيشمى: كىشىلەر بىزنى «يانتاق تىكەنلىرىدىن ئايىغى يارىلانغان، جۇنۇن (مەجنۇنلۇق، ساراڭلىق) چۆلدە يۈرىدىغان بىر توپ سەرگەردانلار» دەيدۇ.

شەرھ: بىز شۇنداق ئادەملەرمىزكى، بىزنى كۆرگەنلەر: «ھە، بۇلار بولسا، ئىشق-مۇھەببەت بالاسىغا گىرىپتار بولغاچ، ساراڭلىق چۆلدە يۈرۈپ، يانتاق تىكەنلىرىدىن ئايىغى يارىلانغان بىر توپ سەرگەردانلار» دېيىشىدۇ.

بەلا ياغسا باشىمىزغا دەم ئالماي دەۋرى گەردۇندىن،
رىزا بەرگەن قەزاغا ئاشىقى بىچارەلەر دەرلەر.

ئايلانغۇچى پەلەكتىن بېشىمىزغا توختىماي بالايىئاپەت ياغسا: «قازاغا رازىلىق بەرگەن (تەقدىرگە بويۇن سۇنغان) بىچارە ئاشىقلار» دەيدۇ.

شەرھ: ئايلىنىپ، دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان بۇ پەلەك، بۇ زامان بىزگە بەكمۇ ياخشى كۆزى بىلەن قاراپ كەتمەيدۇكى، بېشىمىزغا بالا- قازالارنى تۇشمۇتۇشتىن ياغدۇرۇپ تۇرىدۇ. بىراق، بىز بۇنىڭغا پىسەنت قىلىپمۇ كەتمەيمىز. بىزنى بۇ ھالدا كۆرگەنلەر: «ھە، بۇلار تەقدىرگە تەن بەرگەن، قازاغا رازى بولۇپ، ‹ئەلھۆكمىلىللاھ!› دەپ قويۇپ يۈرۈۋېرىدىغان بىچارە ئاشىقلار» دېيىشىدۇ.

كۆرۈپ مەيخانە ئىشىكىدە غەزەلخانۇ گىريبان چاك،
مۇغاننىڭ قىزىغە ئاشىق ياقا سەد پارەلەر دەرلەر.

مەيخانە ئىشىكى ئالدىدا، ياقىلىرىمىز يىرتىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



هالـــدا غەزەل ئوقۇۋاتقـــانلىقىمىزنى كـــۆرگەنلەر: «مەيپۇرۇشنىڭ قىزىغا ئاشىق بولغان يىرتىق ياقىلار (ۋەيرانىلار) » دەيدۇ.

شەرھ: ئىشق-مۇھەببەت ھەلەكچىلىكى بىزنى شۇنداق قىلىپ قويغانكى، بەزىدە، دەرغەزەپتىن ياقىلىرىمىزنى يىرتىپ تاشلاپ، مەيخانە ئىشىكى ئالدىغا تويلىشىپ، ئۇزۇن-قىسقا ئاۋازدا ناخشا توۋلاپمۇ قالىمىز. بىزنى بۇ ھالدا كۆرگەنلەر: «ھە، بۇلار ئاشۇ مەيپۇرۇشنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ قالغان يىرتىق ياقىلىق ۋەيرانىلار» دېيىشىدۇ.

فەتىلە ساچلارىمىزنى،كۆروبان قاشلارىمىزنى،
قارا كۈن باشىدا بىر نەچچە بەختى قارەلەر دەرلەر.

چىگىچلەشكەن چاچلىرىمىزنى، كىرلەشكەن قاشلىرىمىزنى كۆرگەنلەر بىزنى «بېشىغا قارا كۈن چۈشكەن بىر نەچچە بەختى قارىلار» دەيدۇ.

شەرھ: مۇرادسىزلىق ئىنساننى ۋەيرانە، ۋەيرانە تۇرمۇش بولسا ئادەمنى چۈشكۈن ۋە ھورۇن قىلىپ قويىدىكەنكى، بەزىدە يۈزىمىزنى يۇيۇشقىمۇ ئېرىنىپ قالىمىز. بۇ ھالدا، چىگىچلەشكەن چاچلىرىمىزنى، كىرلەشكەن قاشلىرىمىزنى كۆرگەنلەر بىزنى: «ھەي...، بۇلار شۇ بېشىغا قارا كۈن چۈشكەن بىر نەچچە بەختى قارىلارغۇ» دېيىشىدۇ.

سەرۇ سامانىمىزنى سورماغىل بىز بىنەۋالارنىڭ،
فەلەك گەردىشلەرىدىن گۈنلەرى دۇشۋارلەر دەرلەر.

بىز بىچارىلەرنىڭ ھال-كۈنىمىزنى سورىمايلا قوي، بىزنى «پەلەكنىڭ تەتۈرلۈكىدىن كۈنى دىشۋارچىلىقتا قالغانلار» دەيدۇ.

شەرھ: بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ھەقىقەتەنمۇ يەك رەپرەپ. شۇڭا، بىز بىچارىلەرنىڭ ھال-كۈنىمىزنى سورىمايلا قوي، بىزنى بۇ ھالدا كۆرگەنلەر پەقەت: «پەلەكنىڭ تەتۈرلۈكىدىن، قىسمەتنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن ھەر بىر كۈنى دىشۋارچىلىقتا ئۆتىدىغانلار» دېيىشىدۇ شۇ.

سارىغ چېھرە بىلەن كاھى يۈزۈمگە گەر باقىپ ھەر دەم،
كى گۈلرۇخلار فىراقىدا خەزان رۇخسارەلەر دەرلەر.

سامانىدەك سېرىق يۈزۈمگە بىر قاراپلا: «گۈليۈزلۈكلەرنىڭ پىراقىدا چىرايى سارغايغانلاردىن ئىكەن» دەيدۇ.

شەرھ: يالغۇز مېنى ئالساق، مېنىڭ بۇ سامانىدەك سېرىق يۈزۈمگە بىر قاراپلا، كىشىلەر: «ھە بۇ كىشى ئاشۇ گۈليۈزلۈكلەرنىڭ پىراقىدا جۇدەپ، چىرايى سارغىيىپ كەتكەنلەردىن ئىكەنغۇ» دەپ كېتىشىدۇ.

قاچانكىم ئاقبۇرۇت ئابىد قاشىغا بارغۇمىز، بىزنى-
قارا قاشلار قاشىدا دەر ـ بەدەر ئاۋارەلەر دەرلەر.

قاچانكى ئاقبۇرۇت موللامنىڭ قېشىغا بىرىپ قالساق، بىزنى «قارا قاشلار كويىدا ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرگەن سەرگەردانلار» دەيدۇ.

شەرھ: قاچانكى ھېلىقى ئاقبۇرۇت ئىبادەتكار ئالىم ئاكىمىزنىڭ يېنىغا بىرىپ قالساق، ئۇ بىزنى تونۇيدۇ ۋە «ھە، بۇلار ئاشۇ قارا قاش گۈزەللەرنىڭ كوچىسىدا ئىشىكمۇ ئىشىك قاتراپ يۈرگەن سەرگەردانلار شۇغۇ» دەيدۇ.

كۆرۈپ ئەئزايىمىزنى زەخمىلىك ئەھلى تەمەشا كىم،
پەرىلەر كويىدا ئاۋارەئى سەنگسارەلەر دەرلەر.

زەخمىلىك ئەزايىبەدىنىمىزنى كۆرگەن تاماشىچىلار، بىزنى «پەرىلەر كوچىسىدا چالما ـ كېسەك قىلىنغان سەرگەردانلار» دەيدۇ.

شەرھ: ئاشىق بولماق ئاسان ئىش ئەمەسكى، بەزىدە مەشۇقلىرىمىزنىڭ كوچىسىدا ئۇششاق باللارنىڭ چالما-كېسەك قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرىمىز. بۇ ھالدىن كېيىنكى زەخمىلىك ئەزايىبەدىنىمىزنى كۆرگەن تاماشىچى خەقلەر بىزنى: «ھە، بۇلار ھېلىقى پەرىلەر كوچىسىدا چالما ـ كېسەك قىلىنغان سەرگەردانلار بولمايچۇ» دېيىشىدۇ.

گەر ئىھسان قىلماسا دەرۋىشلەرگە ئەھلى نىئمەتلەر،
گەۋھەر خىرمەنلەرىنى تۇدەئى سەنگخارەلەر دەرلەر.

ئەگەر نېمەت ئىگىلىرى دەرۋىشلەرگە خەير ـ ساخاۋەت قىلمىسا، ئۇلارنىڭ گۆھەردىن دۆۋىلەنگەن خامانلىرىنى «تاش دۆۋىسى» دەپ ھېسابلىسا بولىدۇ.

باشىمىزدا كۆرۈپ نەشئە، قولىمىزدا كۆرۈپ ساغەر،
قۇتۇلغان يۈز جەھان غەمدىن نەچچە مەيخارەلەر دەرلەر.

رۇخسارىمىزدىكى خۇش كەيپىنى، قولىمىزدىكى قەدەھنى كۆرگەنلەر بىزنى «يۈز جاھانلىق غەمدىن قۇتۇلغان مەيخورلار» دەيدۇ.

شەرھ: ئاشىقلىقىمىز راست، ئىبغىر قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇۋاتقىنىمىزمۇ ئەمەلىيەت. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن ئىنسان ئۆزىنى پەقەتلا تاشلىۋەتسىمۇ بولمايدۇ-دە! شۇڭا، بەزىدە كەيپىمىز چاغ بولۇپ، قولىمىزغا قەدەھ چىقىپ قالىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا بىزنى كۆرگەنلەر: «ھە، بۇلار يۈز جاھانلىق غەمدىن قۇتۇلغان مەيخورلار ئوخشايدۇ-جۇمۇ» دەپمۇ قېلىشىدۇ.

ئەرۇر مەشھۇريي ئانداغ قەۋمدىن زەخمەلەرىن كۆرگەچ،
زەمانە تاشلارىدىن نەچە كۆكسى پارەلەر دەرلەر.

مەشھۇريي شۇنداق قوۋمدىنكى، ئۇنىڭ جاراھەتلىرىنى كۆرگەنلەر «بۇ كىشى زامان تاشلىرى زەربىسىدىن باغرى پارە ــ پارە بولغانلاردىن ئىكەن» دېيدۇ.

شەرھ: ئەمدى، مەن مەشھۇرىينى سورىساڭلار، مەنمۇ ئاشۇنداق دەردمەنلەردىن بولىمەنكى، ۋۇجۇدۇمدىكى يارا ئىزلىرىنى كۆرگەنلەر: «ھە، بۇ كىشىمۇ زامان تاشلىرى زەربىسىدىن باغرى پارە ـ پارە بولغانلاردىن ئىكەن» دەپ قېلىشىدۇ.

ئىككىنچى، كىلاسسىكلىرىمىزدىن شائىر نىزارىينىڭ «ئىزدەدىم كۆڭلۈمنى جانان گۈلشەنىدە جان بىلە» مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان سەككىز بېيتلىق بىر غەزىلى پەنجىگاھ مۇقامى «داستان» بۆلىكىدىكى تۆتىنچى داستاندا ئوقۇلۇپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭدا شائىرنىڭ غەزەل يېزىش ئىقتىدارى، شۇنداقلا پىكىر ئىپادىلەش ئۇسلۇبى خاس ئۆزگىچىلىك بىلەن نامايان قىلىنغان. ئالايلۇق:

ئىزدەدىم كۆڭلۈمنى جانان گۈلشەنىدە جان بىلە،
نەچە ئاختارسام كەتىپتۇر بۇ كۆڭۈل جانان بىلە.

يېشمى: كۆڭلۈمنى جانانىنىڭ گۈلشىنىدىن جان ــ جەھلىم بىلەن ئىزدىدىم، قانچە ئاختۇرساممۇ تېپىلمىدى، بۇ كۆڭۈل جانان بىلەن كېتىپ قاپتۇ.

شەرھ: مەن بىر گۈلزارلىقتا، گۈلدەك گۈزەل بىر جاناننى كۆردۈم، كۆردۈم-دە، ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويدۇم. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئوۋلىۋالدى-يۇ، كېتىپ قالدى، مەن ئوۋلىنىپ كەتكەن كۆڭلۈمنى مەزكۇر گۈلشەندىن تەپسىلى ئىزدىدىم. بىراق، قانچە ئاختۇرساممۇ تېپىلمىدى. ھە، قارىغاندا، كۆڭلۈم ھېلىقى جانان بىلەن بىللە كېتىپ قاپتۇ-دە!

شائىر نىزارىي بۇ بېيتتە، «بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قېلىش؛ بىر كۆرۈپلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇش» دېگەن پىكىرنى كىتابخانلارغا ئاشۇنداق رومانتىك، ئويناق ۋە ئوبرازلىق ئىپادە بىلەن ئاڭلاتقان.

ئاھ، نەيلەي، جان بىلە قالدى بەدەن، كەتتى كۆڭۈل،
كىم قالىپدۇر بۇ جەھاندا مەن كەبى ئەرمان بىلە.

ئاھ، قانداق قىلاي، جان بىلەن تەن قالدى ــ يۇ، كۆڭۈل كەتتى. بۇ جاھاندا مەندەك ئارماندا قالغان كىم بار؟

شەرھ: ئاھ، ئەمدى قانداق قىلارمەن!؟ تېنىم بىلەن جېنىم قالغان بولسىمۇ، كۆڭلۈم ئۇ جانان بىلەن بىللە كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ جېنىم ۋە تېنىممۇ بىللە كەتكەن بولسىچۇ كاشكى! قاراڭلار، بۇ دۇنيادا، مەندەك مۇشۇنداق ئارماندا قالغان ئادەم يەنە بارمۇ زادى؟

خەنجەرى ھىجران ۋۇجۇدۇمنى قىلىپدۇر زەخمناك،
كۆز يولىدىن جارى ئەيلەپ قاننى يۈپمەن قان بىلە.

ھىجران خەنجىرى ۋۇجۇدۇمنى يارىدار قىلغاچقا، كۆزلىرىمدىن قانلىق ياشلىرىمنى ئېقىتىپ، قاننى قان بىلەن يۇيىۋاتىمەن.

شەرھ: مەن ئۇ جانانغا كۆيۈپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئوۋلىۋېلىپ كەتتى، مەن قالدىم. شۇ تاپتا، ھىجران، جۇدالىق خەنجىرى ۋۇجۇدۇمنى زەخمىلەندۈردى، قاناتتى. بۇنى ئاز دەپ، كۆزلىرىمدىن ياش ئەمەس، قان چىقىۋاتىدۇكى، دېمەك، مەن قاننى قان بىلەن يۇيىۋاتىمەن شۇ ئان.

ئىشق ۋادىسىدا پۇيە ئەيلەدىم چۈن گەردى باد،
رەشكدىن ھەردەم ئۆچەشتىم چەرخى سەرگەردان بىلە.

ئىشق ۋادىسىدا خۇددى قۇيۇندەك چۆرگىلەپ يۈردۈم؛ كۈندەشلىكتىن بېشى ئايلانغان پەلەك بىلەن دائىم ئېلىشتىم.

شەرھ: ئاشىق بولغانلىقىن ئۇنىڭ دەردىنى تارتىدىغان گەپكەن. ئىشق ۋادىسىدا، بېشىم قايغان، پۇتۇم تايغان بويىچە بەجايىكى قۇيۇن بولۇپ پىرقىراپ يۈردۈم. «مېنى جانانىمدىن ئايرىۋەتكەن سەن پەلەك» دەپ، كۈندەشلىكىم تۇتۇپ، ئاشۇ توختىماي چۆرگىلەپ تۇرىدىغان پەلەك بىلەن پات-پات ئېلىشىپ تۇردۇم.

تىيرى بارانى مەلامەتكە ھەدەف بولدى باشىم،
باشنى باشقارماق بەسى مۇشكىلكى بۇ باران بىلە.

بېشىم مالامەتنىڭ ئوق يامغۇرىغا نىشان بولدى، بۇ يامغۇردا باشنى باشقۇرۇش ناھايىتى قىيىن.

شەرھ: ئىشق بالاسىدىن كۆرمىگەننى كۆردۈمكى، بېشىم ھە دېگەندىلا ئەيىبلەش، تاپا ـ تەنىلەرگە قارا ـ نىشان بولۇپ بەردى. بۇنداق ئىشق بالاسىنىڭ ئوق يامغۇرىغا دۇچار بولغان چاغدا، ئىنسانغا ئۆزىنىڭ بېشىنى باشقۇرۇشمۇ ناھايىتى تەس ئىش بولۇپ قالىدىكەن.

غەرق ئەتىپدۇر پەيكەرىمنى، ئاھكىم، گىردابى غەم،
كىم سەلامەت قالغۇسى ئالەمدە بۇ تۇفان بىلە.

ئاھ، غەمنىڭ قاينىمى ۋۇجۇدۇمنى غەرق قىلدى، بۇ توپان بالاسى بىلەن جاھاندا كىممۇ ساق قالار؟

شەرھ: مۇشۇنداق ئىشق ـ مۇھەببەت ھەلەكچىلىكى داۋامىدا، غەم ـ غۇسسىنىڭ قاينىمى ۋۇجۇدۇمنى غەرق قىلىۋەتتى؛ بىلمىدىم، «ئىشق ـ مۇھەببەت» دېگەن بۇ توپان بالاسىدىن كىممۇ ساق قالاركىن ـ تاڭ؟!

زۇلفى قۇللابىغا بۇ جانۇ كۆڭۈل بولدى ئەسىر،
تەلبە قۇشتەك تەلپىنۇر ھەر دەم نەۋا ئەفغان بىلە.

يۈرىكىم بىلەن جېنىم چېچىنىڭ قىسقۇچىغا ئىلىنىپ قالدى. شۇڭا، جېنىم ھەمىشە مۇڭلۇق نالە قىلىدۇ، يۈرىكىم تەلۋە قۇشتەك تەلپۈنىدۇ.

شەرھ: سۆيگۈم چېقىنى چېقىلغان شۇ دەقىقىدە، جېنىم بىلەن كۆڭلۈم ئۇ گۈزەل يارنىڭ چېچىنىڭ قىسقۇچىغا ئىلىنىپ قالغانىدى. شۇندىن بېرى، جېنىم توختىماي مۇڭلۇق نالە قىلىدۇ، يۈرىكىم بولسا، تەلۋە قۇشتەك پىتىراپ تەلپۈنىدۇ، ئىنتىلىدۇ.

زار مەجنۇنغا ۋىسالى بولسا مۇمكىن، نە ئەجەب،
مەرھەبا قىلسا نىگارى لۇتف ئىلە، ئىھسان بىلە.

ـ نىزارىي

مەندەك زار مەجنۇنغا يار ۋەسلىگە ئېرىشىش مۇمكىن بولۇپ قالسا ۋە نىگارى «خۇش كېلىپسەن» دەپ، رەھىم ـ شەپقەت بىلەن قارشى ئالسىمۇ ئەجەب ئەمەس.

شەرھ: بىز مۇھەببەتلىك ئىنسانلار ھامان ئۈمىدۋار كېلىمىز. ھالبۇكى، مەندەك زار ۋە ئىنتىزار بولغان سەۋدايى ئۈچۈن، كۆڭلەرنىڭ بىر كۈنىدە، يارنىڭ ۋىسالىغا يېتىش مۇمكىن بولۇپ قالسا ۋە شۇ چاغدا، ئۇنىڭ سۆيگەن يارى ۋە ئامراق نىگارى: «مەرھابا، خوش كېلىپسەن، ئاشىقىم!» دەپ قالسا، ئەجەب ئەمەس ـ تە!

ئۈچىنچى، كىلاسسىك شائىر ناقىسنىڭ «مۇغەننى چەك مەقامى ‹راك› نى بەزم ئىچرە مەستانە» مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان ئون بېيىتلىك بىر غەزىلى پەنجىگاھ مۇقامى «داستان» بۆلىكىدىكى بەشىنچى داستاندا ئوقۇلۇپ كەلگەن بولۇپ، بۇ غەزەل ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ نامى ۋە ئۇلارنىڭ قانداق چاغدا تەرەننۇم قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە بىلىك بېرىدىغان مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ:

مۇغەننى چەك مەقامى « راك » نى بەزم ئىچرە مەستانە،
ساچىپ ئەربابى مەئنا لەفزىدىن مەجلىسغە دۇردانە.

يېشىمى: ئەي سازەندە، بەزمدە دانالار سۆزىدىن ئۈنچىلەرنى چېچىپ، «راك» مۇقامىنى زوق ـ شوق بىلەن ياڭرات.

شەرھ: ئى، مۇزىكانت! راك مۇقامىنى پەيزىڭ بىلەن چالغىنىكى، ئۇنىڭ تېكىستى بەزمىلەردە، دانا ـ ئالىملار سۆزىدىن ئۈنچە ـ دۇردانىلار چاچىدىغان خەزىنىدۇر گويا.

روشەنكى، بۇ يەردە، شائىر ناقىس ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ گۈزەل ئاھاڭ بىلەن چوڭقۇر ئۇقۇملۇق سۆز ـ كەلىمىلەرنىڭ مۇجەسسەم گەۋدىسى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلغاندۇر.

سەنى يادئەيل ەبان مۇڭلۇغ كۆڭۈللەر ئەسرۇ مەھزۇندۇر،
كى سەن ھەم ياد ئەتىپ تۈز « چەببەياد »نىڭ، بولما بىگانە.

سېنى ياد ئېتىپ مۇڭلۇق كۆڭۈللەر ناھايىتى غەمكىن بولدى؛ سەنمۇ سازىڭنى «چەببەياد» مۇقامىغا تۈز، ئۇنداق ياتلىشىپ كەتمە.

شەرھ: سەن بىلەن مۇڭداشقىلى مۇڭلۇق بولغان كۆڭۈللەر سېنى ئەسلەۋېرىپ ھالى قالمىدى. ئەمدى، سەنمۇ بىزلەرنى ئېسىڭگە ئېلىپ، چەببەيات مۇقامىنى چال ـ دە، بىزدىن ئۇنداق قېچىپ ياتلىشىپ كەتمىگىن.

شائىر ناقىس بۇ يەردە، «چەببەيات» دېگەن

مۇقام نامىنىڭ ئەسلىدە، «چەببەياد» بولۇپ، ئۇنىڭ «ياد ئېتىش، ئەسلەش» ئۇقۇمىنى ئاڭلىتىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

چىقىپ قايتا نەفەس چىقماقغا بائىس بىلمەسەڭ نەدۇر،
تەرەننۇم قىل « سەگاھ » ئاھەنگى بىرلە نەغمە رىندانە.

نەپەس ئېلىشتىن مەقسەت نېمە؟ بۇنى بىلمىسەڭ، «سەگاھ» مۇقامى ئاھاڭى بىلەن نەغمە قىلىپ، مەردانىلىك بىلەن كۈيلە.

شەرھ: خۇددى «بىر، ئىككى، ئۈچ» دېگەندەك رىتىملىق ھالدا، نەپەس ئېلىش ۋە چىقىرىشنىڭ سەۋەبىنى بىلمەي قالغان چېغىڭدا، «سەگاھ (ئۈچىنچى پەردە)» دېگەن مۇقامنى مەيدەڭنى كېرىپ تۇرۇپ تەرەننۇم قىلغىن!

كۆڭۈل چۈن مۇزتەرىبدۇر، تۆت مەزھەبدىن نەدۇر مەقسەد،
ئېشتكىل « چەھارگاھ »نى فەھم قىلغىل سىررى مەيخانە.

«تۆت مەزھەپتىن مەقسەت نېمە بولغىيدى؟» دەپ كۆڭۈل ئىزتىراپلىقتا چۆمۈلگەندە، «چەھارگاھ» مۇقامىنى ئاڭلاپ، مەيخانە سىرلىرىنى چۈشەنگىن.

شەرھ: ئىسلامدا تۆت چوڭ مەزھەپ باركى، بەزىدە ئىنسان «مۇسۇلمانلار زادى نېمە ئۈچۈن مۇنداق تۆت مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن بولغىيدى؟» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. مۇشۇنداق چاغلاردا، سەن «تۆت ئاھاڭ؛ تۆت زامان؛ تۆت مەيدان؛ تۆت پەردە» ئۇقۇمىنى بېرىدىغان چەھارگاھ مۇقامىنى تىڭشىغىن-دە، بۇنىڭ پەيزى ھەيدەكچىلىكى بىلەن، كىشىلەرنىڭ بەزىدە مەيخانىغا كىرىپ قېلىشىنىڭ سىر-ئەسرارلىرىنى پەھم قىلغىن.

كۆڭۈل مۇلكىنى شاھەنشاھى ئىشقىڭ چۈن مەقام ئەتتى،
ئاچىپ يۈز پەنجگاھ نەققارەسىن ئۇرغىلكى فەررزانە.

كۆڭۈل مەملىكىتىگە ئىشقىڭ خاقانى ئورۇنلاشتى. ئەمدى پەيزىڭ بىلەن، «پەنجگاھ» ناغرىسىنى دانالارچە چالغىن.

شەرھ: كۆڭۈلدىن ئىبارەت بۇ پادىشاھلىقتا سېنىڭ ئىشق-مۇھەببىتىڭنىڭ خاقانى ئورۇنلاشتى. ھالبۇكى، ئەمدى پۈتكۈل پەيزىڭنى ئۇرغۇتۇپ، پەنجگاھ مۇقامى ناغرىسىنى بىلگىنلەرچە ياڭراتقىن!

بۇ يەردە، شائىر ناقىس «بەش مەيدان، بەش پەردە» ئۇقۇمى چىقىپ تۇرىدىغان «پەنجگاھ» كەلىمىسىنىڭ يەنە «مۇكەممەللىك، توققۇزى تەللىك، بۈيۈك شادلىق» مەنىسىنىمۇ بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىمالىق ئىپادىلىگەن.

ئەرۇر ئىشق ئەھلى كۆپ مەھزۇن باقىپ پەرگارى لەئىلىڭغە،
چەكىپ « ئۇششاق » ناخۇن بىرلە قىلغىل راست دىۋانە.

ئاشىقلار چىرايلىق لېۋىڭنى كۆرگەندىن بۇيان، ناھايىتى قايغۇلۇق ناخۇنۇڭ بىلەن «ئۇششاق» مۇقامىنى چېكىپ، ئۇلارنى راسا سەۋدايى قىلىۋەت.

شەرھ: ئىشق-مۇھەببەت ئەھلى سېنىڭ ئاشۇ چىرايلىق لېۋىڭنى كۆرۈپ قالغاندىن بۇيان، ناھايىتىمۇ سېغىنغانلىقىنى ئىپادىلەشمەكتە. ھالبۇكى، سەن ئەمدى زەخمىكىڭنى «ئۇششاق‹ئاشىقلار›» دېگەن مۇقامغا سازلاپ ئۇرغىن-دە، ئۇلارنىڭ ئىشقىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ، مۇھەببىتىڭدە سەۋدايى قىلىۋەتكىن.

زىلەيخايى جۇنۇن لەشكەر چەكىپ ئەيلەر سەياسەت كۆپ،
« باياد » ئاھەنگىدىن تاشلارمۇسەن كۆڭلۈمنى زىندانە.

جۇنۇن زىلەيخاسى لەشكەر تارتىپ، ماڭا كۆپ ھەيۋە
- قەھر قىلىدۇ؛ ئەمدى سەن «بايات» مۇقامىنىڭ مۇڭ
- زارى بىلەن كۆڭلۈمنى زىندانغا تاشلىماقچىمۇ؟

شەرھ: ئىشق سەۋداسىلىق زىلەيخاسى سېغىندۇرۇش لەشكەرلىرى بىلەن دەممۇدەم ھۇجۇم قىلىپ، جېنىمنى بەك قاخشىتىۋەتتى. ئەمدى، سەن «باياد، بەياد (يادىغا ئېلىش، ئەسلەش)» مۇقامىنىڭ زارىقىشلىق مۇڭلىرى ئارقىلىق، يۈرىكىمنى زىندانغا تاشلىماقچىمۇ-ھە؟

بۇ يەردە، شائىر ناقىس «بايات» دېگەن مۇقام نامىنىڭ «بەياد» (سېغىنىش، ئەسلەش، يادىغا ئېلىش) كەلىمىسىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى ئىزاھلاپ كۆرسەتكەن.

بۇ بەزم ئەھلىگە غەفلەت لەشكەرى يەغما تەرەننۇمدۇر،
كەرەك ‹نەشئاۋەرەك› تىغى بىلە جەۋلانى مەردانە.

بۇ بەزمىدىكىلەرگە غەپلەت لەشكىرى ھۇجۇم قىلسا، «نەشئاۋەرەك» (مۇشاۋەرەك) تىغىنى كۆتىرىپ، مەردانە جەۋلان قىلىش كېرەك.

شەرھ: ئەگەر ئاخىردا بەزمىدىكىلەر چارچاپ ئۇخلاپ قالاي دەپ قالسا ياكى مۆگىدەپ قېلىشسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



«نەشئەۋەرەك ـ نەشئاۋەرەك ـ مۇشاۋەرەك» مۇقامىنى دادىل ياڭراتسا، مەسىلە ھەل بولىدۇ.

بۇ يەردە، شائىر ناقىس «مۇشاۋەرەك» دېگەن ئۇيغۇر مۇقامى نامىنىڭ «خاتىمە قىسمىدىكى ھاياجان، تۈگەنچى قىسمىدىكى شوخلۇق» ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى «نەشئەۋەرەك» بىرىكمە سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى ئىشارەتلەپ كۆرسەتكەن.

تەكەللۇم ئىستەبان شىرىن لەبىڭدىن بىنەۋا بولغاچ،
كۆيەرمىز بىر « نەۋا » ئۇمىدىدە بىز جەمئىي پەرۋانە.

شىرىن لېۋىڭدىن بىرەر جۈملە ئاڭلاش ئۈمىدىدە بىچارە بولۇپ قالغان ۋاقتىمىزدا، ھەممىمىز پەرۋانە بولۇپ، بىر «ناۋا» ئارزۇسىدا كۆيىمىز.

شەرھ: شىرىن لېۋىڭنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بىرەر جۈملىمۇ گەپ قىلىپ بەرمىگىنىڭ ئۈچۈن، غەمكىن ـ بىچارە بولۇپ قالغان چاغلىرىمىزدا، «نەۋا مۇقامىنى بىر ئاڭلىساق بولاتتىغۇ!» دەپ پىتراپ كېتىمىز زادى.

دىسۇن كۆڭلۇم مەقامى ئەجز ئارا « ئۆز ھال » ىنى، ناقىس،
«ئەجەم» بىرلە «ئىراق» ئەھلى بۇ سىرنى بىلمەسۇن يانە.

ناقىسنىڭ دىلى ئاجىزلىق ئورنىدا تۇرۇپ، «ئۆزھال»نى ئېيتسۇن، لېكىن «ئەجەم» بىلەن «ئىراق» ئەھلى بۇ سىرنى بىلىپ قالمىسۇن.

شەرھ: بۇيەردە، شائىر ناقىس «ئۆزھال» دېگەن مۇقام ئىسمىنىڭ «ئۆزىنىڭ ئەھۋالى» دېگەن ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى؛ «ئەجەم، ئىراق» دېگەن مۇقام ئىسىملىرىنىڭ بولسا، «ئەجەم (غەيرى ئەرەب، ئەرەب بولمىغان)» دېگەن سۆز بىلەن «چۆلى ئىراق (ئىراق چۆلى)» دېگەن كەلىمىلەردىن كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن.

مېنىڭچە، ئەسىرلەر داۋامىدا ئۇيغۇر راك مۇقامى «چوڭ نەغمە» بۆلىكىنىڭ مۇقەددىمە غەزىلى قىلىپ ئوقۇلۇپ كەلگەن شائىر مەشرەبنىڭ «سەتارىم تارىغا جان رىشتەسىدىن تار ئەشىپ سالسام» مىسراسى بىلەن باشلىنىدىغان سەككىز بېيىتلىك غەزىلى بىلەن مەزكۇر ئون بېيىتلىك ناقىس غەزىلى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ نام ـ ئىسىملىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

## 3. پەنجگاھ مۇقامى تېكىستىنىڭ يېشمى ئۈستىدە تەلقىنلىق مۇلاھىزە

پەنجگاھ مۇقامى تېكىستلىرىنىڭ يېشمى ئۈستىدە، شېئىرىي جۈملىلەر يېشىمىنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇش، راۋان ۋە پاساھەتلىك ئىپادىلەنگەن بولۇش ئۆلچىمى بويىچە ئىلمىي مۇلاھىزە يۈرگۈزسەك، 1997 ـ يىلى «جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 13توملۇق «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ناملىق كىتابتا بېرىلگەن يېشىمدە كۆرۈلگەن مۇنداق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرىگە قويۇشىمىز مۇمكىن:

فەتىلە ساچلارىمىزنى كۆروبان قاشلارىمىزنى،
قارا كۈن باشىدا بىر نەچە بەختى قارەلەر دەرلەر.

ئە. يېشىم (13توملۇق «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» ناملىق كىتابتا بېرىلگەن يېشىم):

ئېشىلگەن چاچلىرىمىزنى، كىرلەشكەن قاشلىرىمىزنى كۆرگەنلەر بىزنى بېشىغا قارا كۈن چۈشكەن بەختى قارالار، دەيدۇ ( 5 ـ توم، يېشىم قىسمى، 57 ـ بەت ).

ت («ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى» ناملىق كىتابتا بېرىلگەن تۈزىتىلگەن شەكلى): چىگىشلەشكەن چاچلىرىمىزنى، كىرلەشكەن قاشلىرىمىزنى كۆرگەنلەر بىزنى: «بېشىغا قارا كۈن چۈشكەن بىر نەچچە بەختى قارالار» دېيدۇ.

ت.س(تۈزىتمە بېرىشتىكى سەۋەب): «فەتىلە» (ئى ـ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش) كەلىمىسى «چىگىچلىشىپ كەتكەن» دېگەن بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇيغۇرچىدا، «چىگىچلەشمەك، چىگىچلىشىپ كەتمەك» دېگەن ئۆتۈمسىز پېئىل، «ئەشمەك» بولسا، ئۆتۈملۈك پېئىل ھېسابلىنىدۇكى، بۇ ئىككىسىنىڭ بىلدۈرىدىغان ئۇقۇملىرى باشقا ـ باشقا بولىدۇ. «ئېشىلگەن چاچ» دېگەن سۆز ئۆزى ئەتەي ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، ئېشىۋالغان چاچقا ئېيتىلىدۇ؛ «چىگىچلەشكەن چاچ» بولسا، يۇيمىغان، تارىمىغانلىقتىن، ئۆزلۈكىدىن چىگىچلىشىپ كەتكەن

چاچقا ئېيتىلىدۇ. شۇڭا، مەزكۇر ئەسلىي يېشمىدىكى «ئېشىلگەن چاچلىرىمىزنى» دېگەن سۆز سېپى ئۆزىدىن داڭقان پۈتى گەپ.

سەرۇ سامانىمىزنى سورماغىل بىز بىنەۋالارنىڭ،

فەلەك گەردىشلەرىدىن گۈنلەرى دۇشۋارەلەر دەرلەر.

ئە. يېشىم: بىز بىچارىلەرنىڭ ھال- كۈنىمىزنى سورىما، بىزنى پەلەكنىڭ تەتۈرلۈكىدىن دىشۋارچىلىقتا قالغانلار، دەيدۇ (يۇ. ئە. 57ب ).

ت: بىز بىچارىلەرنىڭ ھال- كۈنىمىزنى سورىمايلا قوي، بىزنى « پەلەكنىڭ تەتۈرلىكىدىن كۈنلىرى دىشۋارچىلىقتا قالغانلار›› دەيدۇ.

ت.س: «گۈنلەرى دۇشۋارەلەر» دېگەن گەپ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، «كۈنلىرى دىشۋارچىلىقتا قالغان، كۈنلىرى خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە قالغان» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. يەنە دېسەك، ئۇيغۇرچىدا، باشقىلار دېگەن كۆچۈرمە سۆزلەر قائىدە بويىچە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىپ يېزىلىدۇ. شۇڭا، «فەلەك گەردىشلەرىدىن گۈنلەرى دۇشۋارەلەر دەرلەر» دېگەن مىسرانىڭ يېشمىنى «كىشىلەر بىزنى: ‹پەلەكنىڭ تەتۈرلۈكىدىن كۈنلىرى دىشۋارچىلىقتا قالغانلار› دەيدۇ» دەپ بەرگەندىلا، ئاندىن توغرا بولىدۇ.

سارىغ چېھرە بىلەن كاھى يۈزۈمگە گەر باقىپ ھەر دەم،

كى گۈلرۇخلار فىراقىدا خەزان رۇخسارەلەر دەرلەر.

ئە. يېشىم: سېرىق يۈزلۈك سامان يۈزۈمگە باققىنىدا، مېنى گۈلىيۈزلۈكلەرنىڭ پىراقىدا چىرايى سارغايغانلار، دەيدۇ. ( يۇ. ئە. 58ب )

ت: سامانىدەك سارغايغان سېرىق يۈزۈمگە بىر قاراپلا، «گۈلىيۈزلۈكلەرنىڭ پىراقىدا چىرايى غازاڭ بولغانلاردىن ئىكەن» دەيدۇ.

ت.س: ئۇيغۇر تىلىدا «سېرىق يۈزلۈك سامان يۈز» دېيىلگەن گەپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. «مېنى ‹گۈلىيۈزلۈكلەرنىڭ پىراقىدا چىرايى سارغايغانلار› دەيدۇ» دېگەن گەپمۇ مەنتىق ۋە گىراماتىكىغا ئوخشاشلا مۇخالىپ جۈملە بولۇپ قالغان.

كۆرۈپ ئەئزايىمىزنى زەخملىك ئەھلى تەماشاكىم،

پەرىلەر كويىدا ئاۋارەئى سەنگسارەلەر دەرلەر.

ئە. يېشىم: زەخىملىك ئەزايىمىزنى كۆرگەن تاماشىچىلار بىزنى پەرىلەر كوچىسىدا تاشبوران بولغان بىچارىلەر، دەيدۇ. ( يۇ. ئە. 58ب )

ت: زەخىملىك ئەزايىبەدىنىمىزنى كۆرگەن تاماشىچىلار بىزنى: «پەرىلەر كوچىسىدا، چالما- كېسەك قىلىنغان سەرگەردانلار» دەيدۇ.

ت.س: «ئاۋارە» دېگەنلىك چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، «سەرگەردان» (بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە يۈرىدىغان) دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ؛ «بىچارە» بولسا، «چارىسىز، ئامالسىز» دېگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەزكۇر ئەسلىي يېشمىدىكى «تاشبوران بولغان بىچارىلەر» دېگەن بىرىكمە سۆز ھەرگىزمۇ «ئاۋارەئى سەنگسارەلەر» نىڭ يېشىمى بولالمايدۇ، دەيمىز.

باشىمىزدا كۆرۈپ نەشئە قولىمىزدا كۆرۈپ ساغەر،

قۇتۇلغان يۈز جەھان غەمدىن نەچە مەيخارەلەر دەرلەر.

ئە. يېشىم: بېشىمىزدىكى كەيپىنى، قولىمىزدىكى قەدەھنى كۆرگەنلەر بىزنى يۈز جاھاننىڭ غېمىدىن قۇتۇلغان مەيخورلار، دەيدۇ. ( يۇ. ئە. 58ب)

ت: روخسارىمىزدىكى كەيپ شادلىقنى، قولىمىزدىكى قەدەھنى كۆرگەنلەر بىزنى: «يۈز جاھانلىق غەمدىن قۇتۇلغان بىر نەچچە مەيخورلار» دەيدۇ.

ئەرۇر مەشھۇرىي ئانداغ قەۋمدىن زەخمەلەرىن كۆرگەچ،

زەمانە تاشلارىدىن نەچە كۆكسى پارەلەر دەرلەر.

ئە. يېشىم: مەشھۇرى شۇنداق قەۋمدىنكى، ئۇنىڭ جاراھەتلىرىنى كۆرگەنلەر بۇ زامانە تاشلىرىدىن باغرى پارە- پارە بولغانلار، دەيدۇ. (يۇ. ئە.58ب)

ت: مەشھۇرىي شۇنداق قەۋمدىنكى، ئۇنىڭ جاراھەتلىرىنى كۆرگەنلەر «بۇ كىشى زامانە تاشلىرىنىڭ زەربىسىدىن باغرى پارە- پارە بولغانلاردىن ئىكەن» دەيدۇ.

سۇبھى دەمدە ئاچتى خەممارى ئىشىك مەيخانەغە،

بۇق- بۇق ئاۋازى سۇراھى جان بەرۇر مەستانەغە.

ئە. يېشىم: مەيپۇرۇش تاڭ پەيتىدە مەيخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئىدىشتىن تۆكۈلگەن مەينىڭ بۇقۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان مەستانىلەرگە جان كىردى. ( يۇ. ئە. 59ب )

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ت: تاڭ پەيتىدە، بىر مەيپۇرۇش مەيخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئىدىشتىن تۆكۈلگەن مەينىڭ بۇقۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغان مەستانىلەرگە جان كىردى.

چەۋرۇلۇپ شەمئى جەمالى مەئشۇقىغا ئاشىقى،

ئىشقىدا كۆيمەكنىڭ ئۆرگەتتى بۇ پەرۋانەغە.

ئە. يېشىم: ئاشىق، مەشۇق جامالىنىڭ شامى ئەتراپىدا ئايلىنىپ، پەرۋانىگە ئىشق ئوتىدا كۆيمەكنى ئۆگەتتى. (يۇ. ئە. 59ب)

ت: بىر ئاشىق مەشۇقى جامالىنىڭ چىرىغى ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرۈپ، ئىشق ئوتىدا كۆيۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەرۋانىغا ئۆگەتتى.

سىينە زەنگارىنى تەقۋا سەيقەلىدە پاك قىل،

پاكلىق بىرلە قارا ئايىنەدە جانانەغە.

ئە. يېشىم: دىل كىرىنى تەقۋادارلىق بىلى بىلەن پاكلا، جانانغا پاكلىق ئەينىكى بىلەن قارا. (يۇ. ئە. 59ب)

ت: دىل كىرىنى تەقۋالىق ئېكىكىنى سۈرۈپ پاكلا- دە، جانانغا پاكلىق ئەينىكى بىلەن قارا.

يوقدۇرۇر دۈشنام سەيىيادى ئەزەلكى جانىمە،

كەلدىلەر مۇرغى ھەۋا ئاللەمغە بەھرى دانەغە.

ئە. يېشىم: ئەگەر جان قۇشى بۇ دۇنيا دانلىرىدىن بەھرە ئېلىشنى ھەۋەس قىلمىغان بولسا، ئەزەل سەييادى ئۇنىڭغا دەشنام بەرمىگەن بولاتتى. (يۇ. ئە. 59ب)

ت: ئەگەر ھەۋەس قۇشى بۇ دۇنيا دانلىرىدىن بەھرە ئېلىش ئۈچۈن كەلمىگەن بولسا، ئەزەل ئوۋچىسى جېنىمغا دەشنام بەرمىگەن بولاتتى.

مۇنچە كۆيدۈرمەك نەدۇر ئاشىقىي بىچارەنى،

كىممۇ ئايتغاي ئەرزى ئەھۋالىمنى جانانىم ساڭا.

ئە. يېشىم: ئەي جانانىم، ئاشىق بىچارىنى مۇنچىۋالا كۆيدۈرگىنىڭ نېمىسى؟ مېنىڭ بۇ ھال- ئەھۋالىمنى ساڭا كىممۇ يەتكۈزەر؟ (يۇ. ئە. 60ب)

ت: ئەي جانانىم، بىر ئاشىق بىچارىنى مۇنچىۋالا كۆيدۈرگىنىڭ نېمىسى؟ مېنىڭ بۇ ئەھۋالىمنىڭ بايانىنى ساڭا كىممۇ يەتكۈزەر؟

كەچە گۈندۈز يارنىڭ كويىدا ئىچتىم بادەئى،

زاھىدا مەنئى ئەتمەگىلكىم باغۇ بوستانىم ساڭا.

ئە. يېشىم: ئەي زاھىد، باغۇ بوستانلار ساڭا بولسۇن، ماڭا يارنىڭ كوچىسىدا كېچە- كۈندۈز مەي ئىچكىنىم يېتەرلىك، مېنى توسما (يۇ. ئە. 60 ب).

ت: ئەي زاھىت، يارنىڭ كوچىسىدا كېچە- كۈندۈز مەي ئىچكىنىم ئىچكەن، باغۇ-بوستانىمنى ساڭا بېرەي، مېنى توسما.

ياڭى ئاي قان يىغلادى ئەرمەس شەفەق چەرخ ئۈزرەكىم،

قامەتىن خەم ئەيلەبان مۇشكىن ھىلالىڭنى كۆرۈپ.

ئە. يېشىم: كۆكتىكى شەپەق ئەمەس، يېڭى چىققان ئاي ئېپار ھىدلىق ئەگىم قاشلىرىڭنى كۆرگەچكە، قامىتىنى ئېگىپ قان يىغلىماقتا (يۇ. ئە. 61ب).

ت: يېڭى چىققان ئاي ئېپار ھىدلىق ئەگىم قاشلىرىڭنى كۆرۈپ، قامىتىنى ئېگىپ قان يىغلىدىكى، كۆكتىكى شەپەق ئەمەس، ئۇ قاندۇر.

بىر نەفەس جان تۇرماسۇن تەندە سەنى گەر كۆرمەسەم،

خىزرى ئۆمرىدۇر ماڭا ئۆلسەم جەمالىڭنى كۆرۈپ.

ئە. يېشىم: سېنى كۆرمىسەم جېنىم تېنىمدە بىر نەپەسمۇ تۇرمىسۇن، سېنى كۆرۈپ ئۆلگىنىم مېنىڭ خىزىر ئۆمرىنى كۆرگىنىمدۇر (يۇ. ئە. 61ب).

ت: ئەگەر سېنى كۆرمەيدىغان ئىش بولسا، جېنىم تېنىمدە بىر نەپەسمۇ تۇرمىسۇن. سېنى كۆرۈپ ئۆلگىنىم مېنىڭ خىزىر ئۆمرىنى كۆرگىنىمدۇر.

ئەي كۆكۈل كويىدا بولدۇڭ نەچە يىلدىن ناتەۋان،

رەھمىسى كەلمەسمۇ بىر ئازۇردە ھالىڭنى كۆرۈپ.

ئە. يېشىم: ئەي كۆڭۈل، ئۇنىڭ كوچىسىدا نەچچە يىلدىن بېرى ناتىۋان بولۇپ ياتتىڭ، بۇ زەئىپ ھالىمنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭ ئىچى ئاغرىمامدىكىنە (يۇ. ئە. 61ب).

ت: ئەي كۆڭۈل، ئۇنىڭ كوچىسىدا نەچچە يىلدىن بېرى ناتىۋان بولۇپ ياتتىڭ، بۇ ئازاپلىق ھالىڭنى كۆرسە، ئۇنىڭ بىر رەھمىسى كەلمەسمۇ؟

ئەھلى دۇنيانىڭ ئېپەك تونىنى قىلما ئارزۇ،

ئەي فەقىر شۇكر ئەت چۇبۇلغان ئەسكى شالىڭنى كۆرۈپ.

ئە. يېشىم: ئەي پېقىر، چۇۋۇلغان ئەسكى كىيىمىڭنى كۆرۈپ شۈكۈر قىل، بۇ دۇنيانىڭ ئېپەك

تونىنى ئاززۇلاپ كەتمە ( يۇ. ئە. 61- 62ب ).

ت: ئەي يوقسۇل، كىيىمىڭ يىرتىق بولسىمۇ، شۈكۈر قىل، دۇنيا ئەھلىنىڭ يىپەك تونىنى ئاززۇلاپ كەتمە.

ئارەزىڭنى باغ ئارا چۈن كۆردى ھەيران بولدى گۇل،
بەرگسىز قالدى نەدىنكىم بەس پەرىشان بولدى گۇل.

ئە. يېشىم: باغدا جامالىڭنى كۆرۈپ گۇل ھەيران قالدى، پەرىشانلىقىدىن ئۇنىڭ بەرگلىرى تۆكۈلدى. ( يۇ. ئە. 62ب )

ت: باغدىكى گۇل جامالىڭنى كۆرۈپ قېلىپ، ھەيران قالدى؛ قاتتىق پەرىشان بولغانلىقىدىن، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ كەتتى.

گۇلئىزارىم كىشۋەرى ھۇسن ئىچرە بولدى پادىشاھ،
راست ئانداغكىم چەمەن مۇلكىدە سۇلتان بولدى گۇل.

ئە. يېشىم: خۇددى قىزىلگۇل چىمەنلىكنىڭ سۇلتانى بولغىنىدەك، گۇل يۈزلۈكۈم گۈزەللىك مەملىكىتىگە پادىشاھ بولدى ( يۇ. ئە.62ب).

ت: خۇددى گۇل چىمەنلىك پادىشاھلىقىدا سۇلتان بولغاندەك، گۇل يۈزلۈكۈم ھۆسن- جامال مەملىكىتىدە پادىشاھ بولدى.

سەيرى باغ ئەيلەردە دەۋران چەشمى زەخمى دەفئىغە،
ھەر تەرەفدىن چابۇكۇم دەۋرىدە قالقان بولدى گۇل.

ئە. يېشىم: باغنى سەيلە قىلغاندا، دەۋرنىڭ كۆزى تېگىپ قالمىسۇن دەپ، گۇللەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ قالقان بولدى (يۇ. ئە. 62ب ).

ت: گۈزىلىم باغنى سەيلە قىلغاندا، دەۋرنىڭ كۆزى تېگىپ كەتمىسۇن دەپ، گۇللەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ قالقان بولدى.

لەئلى كامىدۇر قاشىمغا كەلسە ئول گۇل خىرمەنى،
مەي تىلەر كۆڭلۈم چۇ بەزمىدە فەراۋان بولدى گۇل.

ئە. يېشىم: ئۇ گۈزەل گۇلدەك ئېچىلىپ قېشىمغا كەلسە، ياقۇت لېۋىدىن بەھرىمەن بولىمەن (يۇ. ئە. 62 ب).

ت: ئۇ گۇلزارىم قېشىمغا كەلسە، ياقۇت لېۋىدىن خۇددى مەيگە تەشنا كۆڭلۈم بەزمىدە مەيگە قانغاندەك قېنىپ بەھرىمەن بولسام دېمەن.

كەچە گۈندۈز قىلما گۇلبانگىڭنى بەس ئەي ئەندەلىب،
كىم ساڭا بەش كۈن بۇ گۇلشەن ئىچرە مىھمان بولدى گۇل.

ئە. يېشىم: ئەي بۇلبۇل، بەس قىل، كېچە- كۈندۈزلەپ سايراۋەرمە، بۇ گۇلشەندىكى گۇللەر، ساڭا بەش كۈنلۈك مېھماندۇر (يۇ. ئە. 63 ب).

ت: ئەي بۇلبۇل، كېچە- كۈندۈزلەپ سايراۋەرمە، ئەمدى بولدى قىل. چۈنكى، بۇ گۇلشەندىكى گۇللەر ساڭا پەقەت بەش كۈنلۈك مېھماندۇر.

جاننى جانانغا نىسار ئەتتىم پەرىمۇ ھۇرمۇ،
قالمادى ئەي دوستلاركىم مەندە ئىنسان سۇرەتى.

ئە. يېشىم: ئۇ گۈزەل پەرىمىدۇ؟ مەن جېنىمنى ئۇنىڭغا نىسار قىلىۋەتتىم. ئەي دوستلار، ئەمدى مېنىڭ ئىنسانلىق سىياقىم قالمىدى (يۇ. ئە.63ب).

ت: مەيلى ئۇ جانان پەرى بولسۇن ياكى ھۆر بولسۇن، جېنىمنى ئۇنىڭغا بېغىشلىۋەتتىم. ئەي دوستلار ئەمدى مەندە ئىنسان سىياقى قالمىدى.

ئىزدەبان كەزدىم جەھاننى تاپمادىم سالىپ سوراغ،
زارنى سەرگەشتە ئەيلەپ قىلدى ھەيران سۇرەتى.

ئە. يېشىم: ئىزدەپ سوراپ، جاھاننى كېزىپمۇ ئۇنى تاپالمىدىم. ئۇنىڭ سۈرىتى مەن بىچارىنى ھەيران ۋە سەرگەردان قىلدى ( يۇ. ئە.63 ب).

ت: ئىزدەپ سوراپ، جاھاننى كېزىپمۇ ئۇنى تاپالمىدىم. ئۇنىڭ سىيماسى مەن بىچارىنى ھەيران ۋە سەرگەردان قىلدى.

ئوتقا تۈشكەن قىل كەبى جانىمنى ئەتتى پىچ- پىچ،
ھەلقە- ھەلقە ئەيلەدى زۇلفى پەرىشان سۇرەتى.

ئە. يېشىم: ھالقا- ھالقا بولۇپ يېيىلغان چېچىنىڭ سۈرىتى جېنىمنى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك پۇچىلىۋەتتى (يۇ. ئە. 63 ب).

ت: بۈدرە چاچلىرى يېيىلىپ تۇرغان سىيماسى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ، جېنىمنى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك پۇچىلىۋەتتى.

تىيرە كۆڭلۈمنى مۇنەۋۋەر ئەيلەسە يوقدۇر ئەجەب،
نەييىرى ئەئزەم بولۇپ خۇرشىدى رەخشان سۇرەتى.

ئە. يېشىم: ئۇنىڭ سۈرىتى قاراڭغۇ دىلىمنى نۇرلۇق قۇياشتەك يورۇتسا ئەجەب ئەمەس (يۇ. ئە. 64 ب).

www.uyghurkitap.com



ت: ئۇنىڭ تاۋلىنىپ تۇرغان قۇياشتەك گۈزەل سىيماسى قاراڭغۇ دىلىمنى «لاپپىدە» يورۇتۇۋەتسە، ئەجەب ئەمەس.

رەھىم ئەيتىپ مەن تەلبەگە قىلسا ئۆزىنى ئاشكار،

زاھىر ئولغاي ئول پەرىدىن لۇتفۇ ئېھسان سۇرەتى.

ئە. يېشىم: مەن تەلۋىگە جامالىنى بىر كۆرسەتسە، شۇندىلا ئۇ پەرى ماڭا رەھىم- شەپقەت قىلغان بولىدۇ (يۇ. ئە. 64 ب).

ت: رەھىم قىلىپ، مەن تەلۋىگە جامالىنى بىر كۆرسەتسە، شۇندىلا ئۇ پەرىدىن مەرھەمەت ۋە ئېھساننىڭ سۇرىتى نامايان بولغان بولىدۇ.

دانە-دانە ئەيلەسەم ئەشكىمنى چۇن ئەبرى بەھار،

كۆزدىن ئاقغان سۇ بولادۇر لەئلى رۇممان سۇرەتى.

ئە. يېشىم: باھار بۇلۇتىدىن قۇيۇلغاندەك كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن تارام- تارام ياش تامچىلىرى ئانارنىڭ دانىلىرىغا ئوخشايدۇ (يۇ. ئە. 64 ب).

ت: كۆزۈمدىن خۇددى باھار بۇلۇتىدىن يامغۇر قۇيۇلغاندەك تۆكۈلگەن تارام- تارام ياش تامچىلىرى ئانارنىڭ دانىلىرىغا ئوخشاش قىزىل چۈشىدۇ.

ئەي خاجەئى ھۇسن بەندەڭ بولايىن،

قۇلدەك ئىشىكدە تۇرغالى كەلدىم.

ئە. يېشىم:ئەي گۈزەللەرنىڭ خوجىسى، ساڭا قۇل بولۇپ، ئىشىكىڭدە تۇرغىلى كەلدىم (يۇ. ئە. 65 ب).

ت: ئەي ھۆسن- جامال ئىگىسى، ساڭا قۇل بولاي، ئىشىكىڭدە قۇلدەك تۇراي دەپ كەلدىم.

مەشرەبكە تەگسە بىر كاسە دەۋران،

بەش كۈن جەھاندا تۇرغالى كەلدىم.

ئە. يېشىم: مەشرەبكە دەۋرنىڭ بىر قەدەھ شارابى نېسىپ بولارمىكىن دەپ، بۇ بەش كۈنلۈك جاھانغا كەلدىم (يۇ. ئە. 65 ب).

ت: مەشرەبكە دەۋرنىڭ بىر كاسا شارابى تەگسە كۇپايە، بۇ جاھاندا پەقەت بەش كۈن تۇرغىلى كەلدىم.

بۇسە ئىستەپ كۆزلەرىم سۇرسەم ئاياغىن سۇنمادى،

دەدى ئول بىرەھم كافىر ئىشۋە بىرلە نەرى بار

ئە. يېشىم: ئايىغىغا سۆيەي، كۆزۈمنى سۈرتەي دېسەم، سۇنۇپمۇ بەرمىدى، ئۇ رەھىمسىز كافىر ناز قىلىپ مېنى: «نېرى بار!» دېدى (يۇ. ئە. 66 ب).

ت: «سۆيەي»، «كۆزۈمنى سۈرتەي» دېسەم، ئايىغىنى سۇنۇپمۇ بەرمىدى. ئۇ رەھىمسىز قارا كۆز يار ناز قىلىپ: «نېرى بار!» دېدى.

ئەي مۇسۇلمانلار ھەزەر ئەيلەپ قاچىڭلار ھەر تەرەف،

دىنىنى غازات قىلغالى كۆپرەك بۇگۈن ئازارى بار.

ئە. يېشىم: ئەي مۇسۇلمانلار، ھەزەر ئەيلەپ قېچىڭلار، ئۇ نازىنىن دىنىنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلىش ئۈچۈن بۈگۈن جازا يۈرۈشى قىلدى (يۇ. ئە 66 ب).

ت: ئەي مۇسۇلمانلار، ھەزەر ئەيلەپ تەرەپ- تەرەپكە قېچىپ كېتىڭلار، بۈگۈن ئۇ نازىنىن دىنىنى بۇلاش ئۈچۈن، جازا يۈرۈشى قىلغۇدەك.

ئۈلسە مەندەك ئاجىزۇ مەھزۇن گەدا پەرۋاسى يوق،

بىر قولىدا جامى مەي بىر ئىلكىدە سەتارى بار.

ئە: يېشىم: مەندەك بىچارە مەھزۇننىڭ ئۆلۈشىگە پەرۋا قىلماي، بىر قولىغا مەي جامىنى، يەنە بىر قولىغا ساتارنى ئالدى (يۇ. ئە. 67ب).

ت: بىر قولىدا مەي قەدەھى، بىر قولىدا ساتارى تۇرۇپتۇ، مەندەك ئاجىز ۋە ھەسرەتلىك (مەھزۇن) گاداي ئۆلسىمۇ، پەرۋا قىلمايدۇ.

ھەجرىڭدە تىنماي قىلدىم فىغانلار،

يەتتى بۇ نالەم ئەرزۇ سەماغا.

ئە. يېشىم: ھىجران ئازابىدا تىنماي نالە قىلدىم، مېنىڭ ئەفغانلىرىم پۈتكۈل ئالەمنى قاپلىدى (يۇ. ئە. 67 ب).

ت: جۇدالىقىڭدا تىنماي داد- پىغان چەكتىم، بۇ نالەم ئاسمان- زېمىننى قاپلىدى.

قىلغىل تەرەھھۇم ئەي يارى جانىم،

لايىق ئەمەسمەن جەبرۇ جەفاغا.

ئە. يېشىم: ئەي جېنىمنىڭ جانانى، ماڭا رەھىم قىلغىن، مۇنچىۋالا جەبىر-جاپا سىلىشقا تېگىشلىك ئەمەسمەن (يۇ. ئە. 67 ب).

ت: ئەي جېنىم يارىم، رەھىم قىلغىن، مەن جەبىر-جاپا كۆتۈرەلمەيمەن.

دەردۇ غەم ئىچرە سارغايدى يۈزۈم،

تاپشۇردۇم ئاخىر قادىر خۇداغا.

ئە. يېشىم: دەرد ۋە غەم تۇپەيلىدىن چىرايىم سارغايدى، بۇنىڭ ھەممىسىنى قۇدرەتلىك خۇداغا

تاپشۇردۇم (يۇ. ئە. 67 ب)

ت: دەرد ۋە غەم تۈپەيلىدىن چىرايىم سارغايدى، ئاخىرى قۇدرەتلىك ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم.

دىلخەستە مەشرەب قىلماسمۇ فەرياد،
جەللاد كۆزلەرى ئالسا ئاراغا.

ئە. يېشىم: جاللات كۆزلەر ئارىغا ئېلىۋالسا، بىچارە مەشرەب پەرياد قىلماي قالامتى؟ (يۇ. ئە. 68 ب).

ت: يارنىڭ جاللات كۆزلىرى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالسا، بىچارە مەشرەب پەرياد قىلماي قانداق قىلىدۇ؟

ئەبر ئەمەس ھەر دەم دۇرەفشان ئەي ئايازىي كويىدا،
ھالى زارىمنى كۆرۈپ ئەفلاك گىريانىدۇر ماڭا.

ئە. يېشىم: ئەي ئايازى، دائىم ئۈنچە تۆكۈۋاتقىنى بۇلۇت ئەمەس، بەلكى، مېنىڭ خارۇ زار ھالىتىمنى كۆرۈپ پەلەك يىغلاۋاتىدۇ (يۇ. ئە.68ب).

ت: ئەي ئايازىي، بۇلۇت ھەمىشە ئۈنچە تۆكۈۋاتمايدۇ، بەلكى، ئۇنىڭ كوچىسىدا خارۇ-زار يۈرگەن ھالىتىمنى كۆرگەن پەلەك يىغلاپ ياش تۆكۈۋاتىدۇ.

ئەي زۇھۇرى ئافتابىڭدىن تۈشۈپ ئەئيان ئارا،
زەررە يەڭلىغ ھەر تەرەف جان ئەۋرۇلۇر تابدان ئارا.

ئە. يېشىم: ئەي، جامالىڭ قۇياشىنىڭ شولىسى مەۋجۇتلۇق ئالىمىگە چۈشتى، جان ئۇنىڭ نۇرلىرى ئەتراپىدا زەررىچىلەردەك چۆرگۈلىدى (يۇ. ئە. 69 ب).

ت: ئەي، جامالىڭ قۇياشىنىڭ نۇرى مەۋجۇتلۇق ئالىمىگە چۈشتى، جانلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا زەررىچىلەردەك چۆرگۈلىدى.

ئەيلەدىڭ بارى ئەمانەتكە ئەمىن ئادەمنىكىم،
بۇ جىھەتتىندۇر زۇھۇرى كاملىڭ ئىنسان ئارا.

ئە. يېشىم: سەن ئادەمزاتقا ھەممە ئامانەتنى تاپشۇردۇڭ، شۇڭا، ئىنساندا سېنىڭ مۇكەممەل قىياپىتىڭ نامايان بولدى ( يۇ. ئە. 69ب ).

ت: سەن پۈتكۈل ئامانەتنى ئىشەنچلىك ئادەمگە تاپشۇردۇڭ، شۇڭا، ئىنساندا سېنىڭ مۇكەممەل قىياپىتىڭ نامايان بولدى.

جۇملە ئەشيادۇر نىھالى ئىتىدالىڭغا تانۇق،
كىمكى ئارىفدۇر ئاڭا بۇ راستدۇر يالغان ئارا.

ئە. يېشىم: پۈتكۈل شەيئىلەر سېنىڭ كېلىشكەن قامىتىڭدىن گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرۇپتۇ. كىمكى ھەقنى تونۇسا، ساختىلىق ئىچىدىكى بۇ ھەقىقەتنى ھېس قىلالايدۇ (يۇ. ئە. 69 ب).

ت: پۈتكۈل شەيئىلەر سېنىڭ كېلىشكەن قامىتىڭگە گۇۋاھچىدۇر. كىمكى ھەقنى تونۇسا، ھەر قانداق ئەھۋالدا (ھەتتا ساختا نەرسىلەر ئىچىدە قالغاندىمۇ) بۇ ھەقىقەتنى ھېس قىلالايدۇ.

تا سەنىڭ سەۋدايى زۇلفۇڭ تۈشكەلى ھەر باشغا،
يۈزتۈمەن غەۋغا تۈشۈپدۇر جۇملە ئىنسۇ جان ئارا.

ئە. يېشىم: ھەر بىر باشقا سېنىڭ چاچلىرىڭنىڭ سەۋداسى چۈشكەندىن بېرى، پۈتكۈل جانلىقلار ۋە ئىنسانلار ئارىسىغا يۈز تۈمەن سۈرەن- چۇقانلار چۈشتى (يۇ. ئە. 69 ب).

ت: ھەر بىر كاللىغا سېنىڭ چېچىڭنىڭ سەۋداسى چۈشكەندىن بېرى، پۈتكۈل ئىنسۇجىن ئارىسىدا، يۈز تۈمەن خىل غوۋغا پەيدا بولدى.

ئول بەلى ھۆكمىدە بولدى جانىمە يۈز مىڭ بەلا،
دەردۇغەم مەھزۇن كۆڭۈلگە مېھرى ئىشقىڭ جان ئارا.

ئە. يېشىم: بەللىرىڭ خىيالى جېنىمغا يۈز مىڭ بالا بولدى، غەمكىن كۆڭۈلنىڭ نېسىۋىسى دەرد ۋە غېمىڭ بولدى، مېھىر-مۇھەببىتىڭ جان ئىچىدە ئورۇن ئالدى (يۇ. ئە. 69 ب).

ت: ئىشق ئوتۇڭ دىلىمغا ھەسرەت ۋە غەم، جېنىمغا يۈز مىڭ ئاپەت جەم قىلغان بولسىمۇ، «شۇنداق، ئەلھۆكمىلىللاھ» دېمەي بولمىدى.

مەزھەرى بولغىل قەنائەت كۇنجىدا ۋىيرانە تۇت،
زاھىر ئولغاي گەنجلەر شايەد ساڭا ۋىيران ئارا.

ئە. يېشىم: ئەي مەزھەرى، خارابىلەردە ماكانلاش، قانائەت بۇرجەكلىرىدىن ئورۇن ئال، ۋەيرانە ئىچىدىن ساڭا خەزىنىلەر ئاشكارا بولغۇسى (يۇ. ئە. 69 ب).

ت: ئەي مەزھەرىي، خارابىگە ماكانلاش، قانائەت بۇرجىكىدىن ئورۇن ئال، بەلكىم، ۋەيرانىلىك ئارىسىدىن ساڭا خەزىنىلەر ئۇچراپمۇ قالار.

ئەي سەبا بەرگىل خەبەر ئول شاھسەۋارىم كەلدىمۇ،
لۇتف ئەتىپ ھالىم سورارغا ھەمدىيارىم كەلدىمۇ.

ئە. يېشىم: ئەي تاڭ شامىلى، خەۋەر بەرگىنە،

www.uyghurkitap.com



مېنىڭ ئۇ چەۋەندازىم كەلدىمۇ، شەپقەت قىلىپ ھالىمنى سوراشقا يار- ھەمدەمىم كەلدىمۇ؟ (يۇ. ئە. 70 ب).

ت: ئەي تاڭ شامىلى، خەۋەر بەرگىنە، مېنىڭ ئۇ چەۋەندازىم كەلدىمۇ، شەپقەت قىلىپ ھالىمنى سوراشقا يۈرىدىشىم كەلدىمۇ؟

ۋاسىل ئولسام ھەر زەمان شىرىن لەبىدىن نۇش ئەتىپ،

كامى دىل ھاسىل ئەتىبان روزگارىم كەلدىمۇ؟

ئە. يېشىم: ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتسەم، شېرىن لەۋلىرىدىن سۈمۈرسەم دېيمەن، مېنىڭ مۇرادىمنى ھاسىل قىلىدىغان كۈنلىرىم كەلدىمۇ؟ (يۇ. ئە. 70 ب).

ت: ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتسەم، ھەمىشە شېرىن لىۋىدىن شوراپ سۆيسەم دېيمەن. مېنىڭ مۇرادىمنى ھاسىل قىلىپ، ئۇ ئامىتىم كەلدىمۇ؟

بولدى يۈزۈڭدىن ئالەم مۇنەۋۋەر،

قەنى سەنىڭتەك روھى مۇسەۋۋەر.

ئە. يېشىم: يۈزۈڭنىڭ نۇرىدىن ئالەم يورىدى، كىشىنىڭ خىيالىدا دائىم سۈرەتلىنىپ تۇرىدىغان سېنىڭدەك يەنە بىرى تېپىلارمۇ؟ (يۇ. ئە. 71 ب).

ت: يۈزۈڭدىن ئالەم نۇرلاندى، سېنىڭدەك مەنىۋىيتى گۈزەل يەنە قېنى؟

سەۋدى بۇ جانىم كۆز بىرلە ئاغزىڭ،

ئانداقكى تۈتى بادامۇ شەكەر.

ئە. يېشىم: شاتۈتى خۇددى بادام بىلەن شېكەرنى ياخشى كۆرگەندەك، مېنىڭ بۇ جېنىم كۆزۈڭ بىلەن ئاغزىڭنى سۆيىدۇ (يۇ. ئە. 71 ب).

ت: خۇددى شاتۈتى بادام بىلەن شېكەرنى ياخشى كۆرگەندەك، مېنىڭ بۇ جېنىم كۆزۈڭ بىلەن ئاغزىڭنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

زۇلفۇڭ بىلە يۈز كەچەيۇ گۈندۈز،

لەئلىڭ بىلە سۆز قەندى مۇكەررەر.

ئە. يېشىم: چېچىڭ كېچىگە، يۈزۈڭ كۈنگە ئوخشايدۇ، لىۋىڭ بىلەن سۆزۈڭ بەئەينى قەنتكە ئوخشايدۇ (يۇ. ئە. 71 ب).

ت: چېچىڭ كېچىگە، يۈزۈڭ كۈندۈزگە ئوخشايدۇ، لىۋىڭ بىلەن گېپىڭ بەئەينى قەنتكە ئوخشايدۇ.

ئايرىلۇر گويا قۇياشدىن بىر شىھاب،

ئاتى نەئلىدىن ھەر ئوتكىم ئايرىلۇر.

ئە. يېشىم: ئېتىنىڭ تاقىسىدىن چىققان ئۇچقۇنلار گوياكى قۇياشتىن ئايرىلغان ئوتقا ئوخشايدۇ (يۇ. ئە. 72 ب).

ت: ئېتىنىڭ تاقىسىدىن چاچراپ چىققان ئۇچقۇنلار گوياكى قۇياشتىن ئايرىلىپ چىققان يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ.

دەدىم: « ئەي جانان دەردىمە ۋەسلىڭ بىلەبىر چارە ق»،

كۈلۈپ ئايتۇر: « ئەي ھەۋەسىنى تۇتما مەندىن بۇ گۇمان ».

ئە. يېشىم: « ئەي جېنىم، بۇ دەردىمنى ۋىسالىڭ بىلەن بىر داۋالىساڭچۇ» دېسەم، ئۇ كۈلۈپ: «ئەي ھەۋەسىنى مېنى ئۇنداق قىلىدۇ دەپ گۇمان قىلما» دېيدۇ (يۇ. ئە. 74 ب).

ت: «ئەي جانان، ۋىسالىڭ بىلەن دەردىمگە بىر يەتسەڭچۇ» دېسەم، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ئەي ھەۋەسىنى مەندىن مۇنداق ئۈمىدنى كۈتمە» دېيدۇ.

ئىشق ۋادىسىدا پۈيە ئەيلەدىم چۈن گەردى باد،

رەشكىدىن ھەردەم ئۆچەشتىم چەرخى سەرگەردان بىلە.

ئە. يېشىم: ئىشق ۋادىسىدا قۇيۇندەك چۆرگىلەپ، كۈندەشلىكتىن پېشى ئايلانغان پەلەك بىلەن دائىم ئېلىشتىم (يۇ. ئە. 75 ب).

ت: ئىشق ۋادىسىدا خۇددى قۇيۇندەك چۆرگىلەپ يۈردۈم. بېشى ئايلانغان پەلەك بىلەن كۈندەشلىكتىن دائىم ئېلىشتىم.

زۈلف قۇللابىغا بۇ جامۇ كۆڭۈل بولدى ئەسىر،

تەلبە قۇشتەك تەلپىنۇر ھەر دەم نەۋا ئەفغان بىلە.

ئە. يېشىم: يۈرىكىم بىلەن جېنىم چېچىنىڭ قىسقۇچىغا ئىلىنىپ قالغاچقا، مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن نالە قىلىپ، تەلۋە قۇشتەك تەلپۈنىدۇ (يۇ. ئە. 75 ب).

ت: يۈرىكىم بىلەن جېنىم چېچىنىڭ قىسقۇچىغا ئىلىنىپ قالدى. شۇڭا، جېنىم ھەمىشە مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن نالە قىلىدۇ، يۈرىكىم تەلۋە قۇشتەك تەلپۈنىدۇ.

سەنى ياد ئەيلەبان مۇڭلىغ كۆڭۈللەر ئەسرۇ مەھزۇندۇر،

كى سەن ھەم ياد ئەتىپ تۇز چەبىبەيادىڭ، بولما بىگانە.

ئە. يېشىم: سېنى ئەسلەپ مۇڭلۇق كۆڭۈللەر ناھايىتى غەمكىن بولدى، سەنمۇ ياد ئېتىشتىن خالىي

بولما، سازىڭنى «چەببەياد» مۇقامىغا تۈز (يۇ. ئە. 76 ب).

ت: سېنى ئەسلەپ مۇڭلۇق كۆڭۈللەر ناھايىتى غەمكىن بولدى. سەنمۇ ياد ئېتىپ، سازىڭنى «چەببەياد» مۇقامىغا تۈز، ئۇنداق ياتلىشىپ كەتمە.

چىقىپ قايتا نەفەس چىقماقىغا بائىس بىلمەسەڭ نەدۇر،
تەرەننۇم قىل سەگاھ ئاھەنگى بىرلە نەغمە رىندانە.

ئە. يېشىم: نەپەس ئېلىشتىن مەقسەت نېمە؟ بۇنى بىلمىسەڭ، «سەگاھ» ئاھاڭى بىلەن نەغمە قىلىپ، ھۇزۇر ۋە پاراغەت بىلەن كۈيلە (يۇ. ئە. 76 ب).

ت: قايتىلاپ نەپەس ئېلىشتىكى سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىسەڭ، «سەگاھ» ئاھاڭى بىلەن نەغمە قىلىپ، مەردانىلىك بىلەن كۈيلە.

كۆڭۈل چۈن مۇزتەرىبدۇر تۈرت مەزھەبدىن نەدۇر مەقسەد،
ئىشىتكىل چاھارگاھنى فەھم قىلغىل سىررى مەيخانە.

ئە. يېشىم: تۆت مەزھەبتىن مەقسەت نېمە؟ دەپ كۆڭۈل تەقەززا بولغاندا، «چاھارگاھ» مۇقامىنى ئاڭلاپ، مەيخانا سىرلىرىنى چۈشەنگىن (يۇ. ئە. 76 ب).

ت: تۆت مەزھەبتىن مەقسەت نېمە بولغىيدى؟ دەپ كۆڭۈل ئىزتىراپلىققا چۆمگەندە، «چاھارگاھ» مۇقامىنى ئاڭلاپ، مەيخانا سىرلىرىنى چۈشەنگىن.

كۆڭۈل مۈلكىنى شاھەنشاھى ئىشقىڭ مەقام ئەتتى،
ئاچىپ يۈز پەنجىگاھ نەققارەسىن ئۇرغىلكى فەرزانە.

ئە. يېشىم: كۆڭۈل مەملىكىتىدە ئىشقىڭ خاقانى ئورۇنلاشتى، يۈزۈڭنى ئېچىپ، «پەنجىگاھ» ناغرىسىنى دانالارچە چالغىن (يۇ. ئە.76 ب).

ت: ئىشقىڭ خاقانى كۆڭۈل مەملىكىتىنى ماكان قىلدى، ئەمدى پەيزىڭ بىلەن، «پەنجىگاھ» ناغرىسىنى دانالارچە چالغىن.

تەكەللۇم ئىستەبان شىرىن لەبىڭدىن بىنەۋا بولغاچ،
كۆيەرمىز بىر نەۋا ئۇمىدىدە بىز جەمئى پەرۋانە.

ئە. يېشىم:شىرىن لەۋلىرىڭدىن بىرەر جۈملە ئاڭلاشنى ئىستەپ بىناۋا بولغانلىقىمىزدىن، جىمى پەرۋانىلەرگە ئوخشاش بىر «ناۋا» ئارزۇسىدا كۆيىمىز (يۇ. ئە. 77 ب).

ت: شىرىن لېۋىڭدىن بىرەر جۈملە ئاڭلاش ئىستىكىدە بىناۋا بولغان چېغىمىزدا، ھەممىمىز پەرۋانە بولۇپ بىر «ناۋا» ئارزۇسىدا كۆيىمىز.

دىسۇن كۆڭلۈم مەقامى ئەجز ئارا ئۆز ھالىنى ناقىس،
ئەجەم بىرلە ئىراق ئەھلى بۇ سىرنى بىلمەسۇن يانە.

ئە. يېشىم: ناقىسنىڭ دىلى ئاجىزلىق مۇقامى بىلەن «ئۆز ھال» نى ئېيتسۇن، لېكىن، «ئەجەم» بىلەن «ئىراق» ئەھلى بۇ سىرنى بىلىپ قالمىسۇن (يۇ. ئە. 77 ب).

ت: ناقىسنىڭ دىلى ئاجىزلىق ئورنىدا تۇرۇپ، «ئۆز ھال» نى ئېيتسۇن، لېكىن، «ئەجەم» بىلەن «ئىراق» ئەھلى بۇ سىرنى بىلىپ قالمىسۇن.

بەرقىكى فەلەككە چەكەدۇر شۇئلەئى ئاھىم،
فەردايى قىيامەتدە نىشانى ئەلەمىدۇر

ئە. يېشىم: پەلەكتە چېقىۋاتقان چاقماق ئاھىمنىڭ يالقۇنىدۇر، ئۇ قىيامەت كۈنى تارتقان دەرد-ئەلەملىرىمنىڭ بەلگىسى بولىدۇ (يۇ. ئە. 78 ب).

ت: پەلەكتە چېقىۋاتقان چاقماق ئاھىمنىڭ يالقۇنىدۇر، ئۇ قىيامەت كۈنى بۇ دۇنيادا تارتقان دەرد-ئەلەملىرىمنىڭ بەلگىسى بولىدۇ.

ت.س: «ئۇ قىيامەت كۈنى تارتقان دەرد-ئەلەملىرىمنىڭ بەلگىسى بولىدۇ» دېگەن يېشىمدە، ئۇقۇم بەكمۇ تۇتۇق بولۇپ قالغان. «قىيامەت كۈنى تارتقان» شەكلىدە قارىلىپ، «دەرت-ئەلەملىرىم» نىڭ ئېنىقلىغۇچىسى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، «دەرت-ئەلەملىرىم» نىڭ ئالدىغا «بۇ دۇنيادا» دېگەن سۆزنى قوشقان دۇرۇستۇر.

كەچەلەر خەستە كۆڭۈل غەمكىن ئۆلۈم قورقۇنچىدىن،
كۆز ياشىم بىرلە يۈزۈمگە ئابرويى قىلمادىم.

ئە. يېشىم: جاراھەتلەنگەن كۆڭلۈم كېچىلىرى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن غەمگە تولدى، لېكىن، كۆز ياشلىرىم بىلەن يۈزۈمنى يۇيالمىدىم (يۇ. ئە. 79 ب ).

ت: جاراھەتلەنگەن كۆڭلۈم كېچىلىرى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن غەمكىن بولىدۇ، كۆز ياشلىرىم بىلەن ئىبادەت قىلىپ، يۈزۈمنى يورۇق قىلالمىدىم.

يانە ياز بولدىيۇ تاپتى بوستان نەشۋۇنەما،
ئەي نەسىيمى روھپەرۋەر خەيرى مەقدۇم مەرھەبا.

ئە. يېشىم: يەنە ياز كەلدى، بوستان شادلىققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چۆمىدى، ئەي جان بىغىشلىغۇچى باھار شامىلى، قۇتلۇق قەدىمىڭگە مۇبارەك (يۇ. ئە. 80 ب).

ت: يەنە ياز بولدى، بوستاندا ھاياتلىق ئويغاندى، ئەي جان بىغىشلىغۇچى باھار شامىلى، قۇتلۇق قەدىمىڭگە مەرھابا.

ت.س: «نەشۋۇنەما» دېگەن سۆز «ئۈنۈپ چىقىش، ئۆسۈپ چوڭ بولۇش» دېگەن بولىدۇ. «شادلىقتا چۆمۈش» دېگەن بولمايدۇ. شېئىرنى تېكىستتىكى «تاپتى بوستان نەشۋۇنەما» دېگەن سۆز «بوستانلىقتا گىياھلار ئۆستى، بوستانلىق كۆكەردى» دېگەن بولىدۇ.

گەرچە بار ئەردى بۇرۇن ئەندەك غۇبارى خاتىرىم،
شۈكر لىللاھكىم مۇيەسسەر بولدى ئەنۋائى سەفا.

ئە. يېشىم: بۇرۇن گەرچە دىلىمدا ئانچە ـ مۇنچە غۇبار بولسىمۇ، ئاللاھقا شۈكۈركى، ئەمدى ماڭا پۈتۈنلەي پاكىزلىك مۇيەسسەر بولدى (يۇ. ئە. 80 ب).

ت: بۇرۇن گەرچە دىلىمدا ئاز ـ پاز غۇبار بولسىمۇ، ئاللاھقا شۈكۈركى، ئەمدى مەن پۈتۈنلەي پاكلىقا مۇيەسسەر بولدۇم.

ت.س: ئۇيغۇرچىدا، ئادەتتە، «مەن بىر نەرسىگە مۇيەسسەر بولدۇم» دېيىلىدۇكى، ئەكسىچە، «ماڭا بىر نەرسە مۇيەسسەر بولدى» دېيىلمەيدۇ. چۈنكى، «مۇيەسسەر بولماق» كەلىمىسى «ئېرىشمەك» دېگەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا، «ماڭا پاكىزلىق مۇيەسسەر بولدى» دېمەي، «مەن پاكىزلىققا مۇيەسسەر بولدۇم»، ياكى «ماڭا پاكىزلىق نېسىپ بولدى» دېسە توغرا بولىدۇ.

قىسقىسى، پەنجگاھ مۇقامى تېكىستلىرى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ تېكىستولوگىيەسى ئىچىدە، ئۆزگىچە ئورۇن ۋە ئۆزگىچە قىممەتكە ئىگە. ھالبۇكى، ئۇنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش ھەممىمىز ئۈچۈن بۇرچ ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

## پايدىلانمىلار


1. «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى، 1997-يىلى، بېيجىڭ.
2. «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇيەسسەل بايان»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004-يىلى، بېيجىڭ.
3. «ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2005-يىلى.
4. «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007-يىلى، بېيجىڭ.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ماقالە نومۇرى: 09 _ 061 _ 04 (2011) 5878 _ 1005

# كاشغەردىكى نەۋايىشۇناسلىق ھەققىدە*

كېرىمجان ئابدۇرېھىم

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر. 844008)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان كاشغەردە خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈشىگە، كىتاب قىلىنىشىغا، شائىرلار تەرىپىدىن نەزىرە قىلىنىشىغا، مۇئەللىم-مۇدەررىسلەر تەرىپىدىن ئوقۇتۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك مول ئۇچۇرلار ئارقىلىق، نەۋايىشۇناسلىقنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، جۈملىدىن كاشغەردە ناھايىتى گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要：** 本文通过对维吾尔古代著名诗人艾里西尔•纳瓦依诗歌著作在喀什噶尔的手抄本和成书以及在教育教学领域的使用，把纳瓦依诗作改写成散文体作品、 对纳瓦依作品的仿写等方面的大量信息，探讨了纳瓦依学在维吾尔文人中，尤其是在喀什噶尔取得的巨大成果，以及其对其他诗人作品的影响。

**Abstract:** Based on the study of hand-written copies and books already in circulation in Kashgar of famous poet of ancient Uygur Ali-Shir Nava'i, their usage in the field of education and teaching, and the rewrite of Nava'i's poems into prosiness or imitation of his poems by other poets, the author probes into his great achievements among Uyghur scholars, especially in Kashgar; and his influence on other poets.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I209 ماتېرىيال بەلگىسى: A

كاشغەردە يىراق قەدىم زامانلاردىن تارتىپ، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى ۋە مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ شانلىق نەمۇنىلىرى يارىتىلغان، شۇ سەۋەبتىن پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغان، ناھايىتى مول ۋە رەڭدار ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مۇجەسسەملەنگەنلىكى سەۋەبىدىن تەڭداشسىز شان-شەۋكەتلەرگە ئېرىشكەن ھەم پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولغان مۇقەددەس ماكاندۇر. يەرشارى بىر گەۋدىلىشىشنىڭ، جۈملىدىن تاشقى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرى سەۋەبىدىن بارا-بارا ئاجىزلىشىۋاتقان، ھەتتا يوقىلىپ كېتىۋاتقان ئەنئەنىۋى، مىللىي مەدەنىيەتكە بولغان سېغىنىش ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، كاشغەرنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى گەۋدىسىدىكى ئالاھىدە ئورنىغا بولغان تونۇش بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. كاشغەردىن ئىبارەت بۇ ناھايىتى كەڭ زېمىندا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ شانلىق نەتىجىلىرى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر سەنئىتى، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى، ئۇيغۇر مائارىپى، ئۇيغۇر تېبابىتى ... قاتارلىقلار ناھايىتى مول ۋە شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن ھەم ئەسىرلەردىن بۇيان ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، تېخىمۇ بېيىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ قىممەتلىك مىراسلار ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىك مەنىۋى بايلىقى، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر سۈپىتىدە خەلقىمىزگە كۈچلۈك مەنىۋى ئىلھام بېرىپ،

---

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 5- ئاينىڭ 30-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** كېرىمجان ئابدۇرېھىم (1965- يىلى 10- ئايدا تۇغۇلغان) پىروفېسسور، ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



جاھان مەدەنىيىتىگە ئۆزگىچە رەڭدارلىق بەخش ئېتىپ تۇرماقتا.

كاشغەردە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە دائىر مىراسلار ئىچىدە ئەدەبىيات مىراسلىرى بىلەن سەنئەت مىراسلىرى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى زامانلاردىكى ئەڭ قىممەتلىك نەمۇنىلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان «قۇتادغۇ بىلىك»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» قاتارلىق ئەسەرلەر مانا مۇشۇ زېمىندا مەيدانغا كەلگەن، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق نامايەندىلىرىدىن بولغان گۇمنام-ھېرقىتى، زەلىلى، ئابدۇرېھىم نىزارى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، تەجەللى، ناقىس قاتارلىق ئەدىبلەر ئاجايىپ پاساھەت ۋە بالاغەتلەرگە تويۇنغان ئۆلمەس ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق، ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا شانلىق سەھىپىلەرنى ئېچىپ، بۇ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان؛ ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ گۈلتاجىسى ھېسابلىنىدىغان مۇقاملار، مەشرەپلەر مانا مۇشۇ زېمىندا شەكىللىنىپ، گۈللىنىپ، توپلىنىپ، رەتلىنىپ، داۋاملىشىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ يەردە يەنە ئەدەبىيات بىلەن سەنئەتنىڭ ئاجايىپ بىر گەۋدىگە ئايلانغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولغان خەتتاتلىق، كىتابەتچىلىك ئىشلىرىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن، ئۆزگىچە ئۇسلۇب-ئالاھىدىلىك شەكىللەندۈرگەن ۋە شۇ ئاساستا بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش ۋە ئۇلاردىن كىتاب تۈزۈش ئىشلىرىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە ياراتقان.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى شېئىر ئىجادىيىتى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىنى ياراتقان مەشھۇر شائىر ئەلشىر نەۋايى گەرچە كاشغەردە تۇغۇلمىغان، كاشغەردە پائالىيەت ئېلىپ بارمىغان بولسىمۇ، ئەمما، كاشغەرلىكلەرنىڭ نەۋايىغا باغلانغان رىشتىسى ناھايىتى چىڭ. بۇ ئاساسەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار پائالىيەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. كاشغەرلىكلەر ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرى بىلەن شۇ دەرىجىدە قويۇق ئالاقىلەردە بولغانكى، بۇ ئالاقىلەر نەتىجىسىدە ئەلشىر نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرى كاشغەردە ئەڭ كۆپ كۆچۈرۈلگەن، ئەڭ كۆپ ساقلانغان، ئەڭ كۆپ ئوقۇتۇلغان، شۇنداقلا تولىمۇ ئۇلۇغلانغان. مانا مۇشۇ سەۋەبلەرگە كۆرە كاشغەردە كۆلىمى، نەتىجىسى ۋە تەسىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان نەۋايىشۇناسلىق قىزغىنلىقى ۋە نەۋايىشۇناسلىق ئەنئەنىسى شەكىللەنگەن. كاشغەردىكى ئەدىب-شائىرلار، سەنئەتكارلار، خەتتاتلار، مۇدەررىس-مۇئەللىملەر ئەلشىر نەۋايىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئەلشىر نەۋايىنى ئۇلۇغلاشنى بۇ مۇبارەك زاتنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش، ئوقۇتۇش، ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، ئۇلاردىن دىۋان-كىتابلارنى تۈزۈش، ئۇلارغا نەزىرە - تەقلىد قىلىپ ئەسەرلەرنى يېزىش، ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇش، ئەسەرلەردىن مۇقاملارغا تېكىست ئېلىش، ئەلشىر نەۋايى شېئىرلىرى تېكىست قىلىنغان مۇقاملارنى ئوقۇش قاتارلىق تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىپادىلىگەن.

كاشغەردىكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك نەتىجىلىرىدىن بىرى ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ ساقلاش ۋە تارقىتىش ئىشلىرى بولغاندى. زامانىۋى مەتبۇئاتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمايدىغان قەدىمكى زامانلاردا ئەدەبىياتنىڭ تارقىتىلىشىدا خەتتاتلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆچۈرۈش پائالىيەتلىرى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. شۇڭا، ئەسەر كۆچۈرۈش ئۇيغۇر قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەر-خەلقلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى ناھايىتى مۇھىم ۋە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىلمىي ئەمگەككە ئايلانغان. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ مەركىزى بولغان كاشغەردە باشقا مەدەنىيەت تۈرلىرى، ھۈنەر-كەسىپلەر قاتارى خەتتاتلىق ئىشلىرىمۇ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان، گۈللەنگەن ۋە گەۋدىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. بۇ يەردە ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەردىن باشقا يەنە دىنغا، تارىخقا، تىلغا، تېبابەتكە دائىر ئەسەرلەرمۇ كۆپلەپ كۆچۈرۈلگەن. پەقەت ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ كۆچۈرۈلۈشىنى مىسال قىلىدىغان بولساق، تەخمىنەن 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كاشغەردە ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان خەتتاتلىق

ئىشلىرى ناھايىتى گۈللەنگەن بولۇپ، ھەتتا ئۆز ئالدىغا ئۇسلۇب شەكىللەندۇرۇلگەن. «كاشغەر خەتتاتلىق مەكتىپىدە ئەزىز كىچىك ئىبنى مۇھەممەد ئادىل، موللا ئوشۇر ئىبنى موللا، مىر تىمورىي ماچىنىي ۋە باشقىلار نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈشتە كۆپ ئەمگەك سىڭدۈرگەندى. كاشغەر خەتتاتلىق مەكتىپىدە نەۋايى ئەسەرلىرىنى كىتابەت قىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى نۇقتىسى 1824—1830- يىللاردا ئابدۇرېھىم ئىبنى مۇھەممەد پازىل كاشغەرىي تەرىپىدىن نەۋايى كوللىياتىنىڭ كۆچۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»[1]. ئەشۇ خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ نەتىجىسى ۋە خەتتاتلارنىڭ ئەمگىكى سۈپىتىدە ئەلىشىر نەۋايى ھەزرەتلىرىنىڭ ھەرقايسى ژانىر-تۈرلەردىكى كۆپلىگەن ئەسەرلىرى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ ئەڭ گۈزەل خەت شەكىللىرىدە ناھايىتى ئۇستىلىق خەتتاتلىق ماھارەتلىرى بىلەن كۆچۈرۈلۈپ، كەڭ تۈردە ساقلانغان ھەم تارقىتىلغان. ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى كاشغەردە ناھايىتى كۆپ كۆچۈرۈلۈپ ساقلانغان بولۇپ، ئوخشىمىغان نۇسخىلىرىنىڭ تارقىلىشىمۇ ناھايىتى كەڭرى بولغان، 1950-يىلى پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەكشۈرۈش ۋە توپلاشتا مەلۇم بولغان ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ 400 پارچىدىن كۆپرەك كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى كاشغەردىن تېپىلغان. 1957- يىلىدىكى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە پەقەت يەركەندىنلا 150 خىلدىن ئارتۇق ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى تېپىلغان[2]. بۇ نۇسخىلار ھازىر يەركەن ناھىيەلىك ئارخىپ ئىدارىسى، قەشقەر شەھەرلىك كۇتۇپخانا، قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى، ھەتتا دۆلەتلىك كۇتۇپخانا قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلانماقتا. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ئەلىشىر نەۋايىنىڭ كاشغەردە ساقلىنىۋاتقان 24 پارچە ئەسىرى(كىتاب)نىڭ تىزىمى بار بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئىچىدە كاشغەر خەتتاتلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن «نەۋايى شېئىرلىرى»، «نەۋايى شېئىرلىرىدىن تاللانما»، «پەرھاد-شىرىن»، «لەيلى مەجنۇن»، «خەزائىنۇل مەئانى»، «ئىسكەندەرنامە»، «نەۋايى»، «مۇئەممما»، «سەبئى سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەر»، «نەسرىي خەمسە» قاتارلىق 16 پارچە ئەسەر(كىتاب) ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ[3].بۇ ئەسەرلەر ئاساسەن 18- ۋە 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆچۈرۈلۈشىدە ھەرخىل خەتتاتلىق، كىتابەتچىلىك سەنئەتلىرى، مىنىئاتۇرا ماھارەتلىرى نامايان قىلىنغان. بۇلاردىن باشقا كاشغەر تەۋەسىدە 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا تاش باسما ياكى مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى (كىتابلىرى)مۇ كەڭ تۈردە ساقلانغان ۋە تارقالغان. ھازىر قەشقەر شەھەرلىك كۇتۇپخانا يىغىپ ساقلىغان قەدىمكى ئەسەرلەر ئىچىدە ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرى مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان 180 پارچە قەدىمكى ئەسەر ئىچىدە 40 نەچچە پارچىسى ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ، ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى ئاساسىدا كۆچۈرۈلگەن، كىتاب قىلىنغان ئەسەرلەردىن «نەۋايى»، «يازما نەۋايى»، «نەۋايى شېئىرلىرى»، «دىۋان نەۋايى»، «خەمسە»، «چاھار دىۋان» قاتارلىق 6 پارچە ئەسەر ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر[4]. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا قانچىلىك كەڭ تارقالغانلىقى ۋە ساقلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. بۇ ئەسەرلەر كۆچۈرۈلگەن، كىتاب قىلىنغان ۋاقتىنىڭ ئوخشىماسلىقى، كىتابلاردىكى بەت شەكلىنىڭ پەرقلىقلىكى، توپلامنى تەشكىل قىلغۇچى ئەسەرلەرنىڭ سانى-ھەجمىنىڭ ئوخشىماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەرگە كۆرە خېلى يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش، شۇنداقلا ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى بولۇپ كەلمەكتە. ئەلىشىر نەۋايىغا دائىر ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلىگەن قولىيازما نۇسخىلىرى، تاش باسما نۇسخىلىرى ھېلىھەم خەلقىمىز ئارىسىدا ناھايىتى قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى قولىيازمىلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ ساقلانغانلىقى بىلەن دۇنياغا داڭلىق بولغان ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى قولىيازمىلار ئىنستىتۇتىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتتە بولغان تەتقىقاتچى ئابدۇشۈكۈر تۇردى بۇ ئىنستىتۇتتا ساقلىنىۋاتقان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ئاساسىدا، ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ كاشغەردە كۆچۈرۈلۈشى ۋە كىتاب قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەن: «ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى قولىيازمىلار ئىنستىتۇتى 1960-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەلىشىر نەۋايى خاتىرە مۇزېيى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازما ۋە قەدىمىي ئەسەرلەر ئون بەش مىڭدىن ئاشىدىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىدىن 175 جىلد قولىيازما بار بولۇپ، بۇلار شائىرنىڭ 24 پارچە ئەسىرىنىڭ 254 نۇسخىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. بۇ قولىيازمىلار ھەرقايسى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى كاتىپلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. بۇلار ئىچىدە ‹كاشغەر› تەخەللۇسلۇق كاتىپلار ياكى ئەدىبلەر تۈزگەن قولىيازما ئالتە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەجمى چوڭ، ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇن دائىرىسى كەڭ. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆچۈرۈلگەن جايى، كاتىپنىڭ تەخەللۇسى، ھەتتا ئىسمى ئېنىق بولمىغان قولىيازمىلار خېلى كۆپ. ...قولىيازمىلار ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى ئىچىدە پەقەت 66 قولىيازمىنىڭ تۈزگۈچى ياكى كۆچۈرگۈچىلىرى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ئالتىسى ‹كاشغەرى› تەخەللۇسلۇق ئەدىبلەردۇر» [5]. بۇ ئۇچۇرلاردىن شۇنى ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق قولىيازمىلار ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى قولىيازمىلىرى ئىچىدە كاشغەردە كۆچۈرۈلگەن ئەسەرلەر خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدىكەن؛ ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى قولىيازمىلىرى ئىچىدىكى تۈزگۈچىسى ياكى كۆچۈرگۈچىسى ئېنىق بولغان ئەسەرلەرنىڭ تەخمىنەن ئوندىن بىرى كاشغەردە ياكى كاشغەرلىك خەتتاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا كاشغەردە ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى قولىيازمىلىرىنى كۆچۈرۈش مەزمۇنىدىكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ قانچىلىك گۈللەنگەنلىكىنى ۋە قانچىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ناھايىتى پاكىتلىق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

كاشغەردىكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ گەۋدىلىك نەتىجىلىرى ھېسابلىنىدىغان بۇ قولىيازمىلار يالغۇز ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى مەزمۇن قىلغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر خەتتاتلىقى، ئۇيغۇر كىتابچىلىقى، ئۇيغۇر نەققاشلىقى، ئۇيغۇر مىنياتۇرلۇقىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە نامايان قىلغانلىقى، ئۇلارنى دەۋرىمىزگىچە يەتكۈزۈپ كەلگەنلىكى بىلەنمۇ ئالاھىدە قىممەتلىكتۇر. ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ كاشغەردە كۆچۈرۈلگەن قولىيازمىلىرىنى خەتتاتلار ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەن بولۇپ، ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ ئوخشىمىغان نۇسخىلىرىدا، كۆركەم خەت نۇسخىلىرىدا تۇجۇپلەپ كۆچۈرگەن، كۆپىنچە ئەسەرلەرنىڭ تېكىستلىرى قارا سىياھ بىلەن، ماۋزۇ-سەرلەۋھەلىرى بولسا قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان بولۇپ، بەت چۆرىسى ئالاھىدە نەقىشلەر بىلەن، ھەتتا بەزىلىرى ئالتۇن رەڭدە زەر بىلەن زىننەتلەنگەن. بۇ كىتابلاردا نامايان بولغان، جۈملىدىن «كۈللىيات نەۋايى» ناملىق ئەسەردىكى سەنئەت تەركىبلىرى «ئەينى زامانىدىكى قەشقەر خەتتاتلىقى ۋە نەققاشلىقىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلا ئەمەس، بەلكى، بىر گۈزەل سەنئەت نەمۇنىسى سۈپىتىدىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر»[6]. قولىيازمىلاردىكى بۇنداق سەنئەت تەركىبلىرى ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ھازىر كاشغەردە ساقلىنىۋاتقان باشقا كۆچۈرۈلگەن قولىيازما نۇسخىلىرىدىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، يېزىق بىلەن سەنئەت تەركىبلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى بىر گەۋدىگە ئايلانغانلىقىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ تۇرماقتا.

كاشغەردىكى ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان خەتتاتلار ئەسلى ئەسەرنى كۆچۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى، يەنە كۆچۈرگەن ئەسەرلەر ئاساسىدا دىۋان-كىتابلارنى تۈزۈش ھەققىدىمۇ ئىزدەنگەن بولۇپ، بۇ

جەھەتتە گەۋدىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. كاشغەر خەتتاتلىرى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى ئوخشىمىغان نۇسخىلاردا كىتاب قىلىپ تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلار ئىچىدىن ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلاملىرىنىڭ «كۇللىيات»، «خەمسە»، «باياز»، «دىۋان» قاتارلىق ھەممە تۈرلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. كاشغەردىكى ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش ۋە كىتاب قىلىپ تۈزۈش ئىشلىرىنىڭ ئەڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيىتىنى ياراتقان ئابدۇرەھىم ئىبنى مۇھەممەت پازىل كاشغەرىي ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كىتابەت قىلىشتا ئۆزگىچە يول تۇتۇپ، ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ قوليازمىلىرى ئارىسىدا ناھايىتى نوپۇزلۇق ھېسابلىنىدىغان، نىسبەتەن تولۇق بولغان ئەسەرلەر توپلىمىنى ــ «نەۋايى كۇللىياتى»نى تۈزۈپ چىققان. بۇ كۇللىياتقا ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «بىدايىئۇل بىدايە»، «خەزائىنۇل مائانى»، «مەجالىسۇن نەفائىس»، «لىسانۇت تەيىر»، «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «خەزائىنۇل مائانى» دىباچىسى، «مۇنشائات»، «پەرھاد ۋە شىرىن»، «خەمسەتۇل مۇتەھىيرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «ئەربەئىن»، «ھىلالىيە»، «سەبئى سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەرى»، «ۋەقپىيە» قاتارلىق ئون ئالتە پارچە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان باشقا كۇللىياتلارغا قارىغاندا ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى، ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەرلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە مۇھىملىقى، ئەسەرلەرنىڭ يېڭىچە ئىجادىي يول بىلەن تاللانغانلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كىتاب قىلىشتا مانا مۇشۇنداق ئىجادىي يول تۇتۇپ، تەھلىل-تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئەسەر تاللاپ، ئېنىق مۇددىئالار ئاساسىدا كىتاب تۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئىلمىي پائالىيەت ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شائىرلار ئىجادىيىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان بىر خىل ئەدەبىيات تەتقىقاتى پائالىيىتى سۈپىتىدە، نەۋايىشۇناسلىقنىڭ، جۈملىدىن كاشغەردىكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ بىر يارقىن مەزمۇنىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئەلىشىر نەۋايىنى ئۆزىگە ئۇستاز ھېسابلاپ، ئەلىشىر نەۋايى ئىزىدىن مېڭىپ، ئەلىشىر نەۋايى ئىجادىيىتىگە ئىجادىي يانداشىپ، ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىگە نەزىرە قىلىپ ئەسەرلەرنى يېزىش ــ كاشغەردىكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ يەنە بىر ئاساسلىق مەزمۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللاردىن ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدىكى ھۆرمىتى ناھايىتى يۇقىرى، تەسىرى تولىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، خەلقىمىز بۇ ھۆرمەتلىك شائىرنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، كۆچۈرۈش، ساقلاش يوللىرى بىلەن ياد ئەتكەن بولسا، ئەدىب-شائىرلىرىمىز ئۇنى ئۆزىگە مەنىۋى ئۇستاز تۇتۇش، ئۇنىڭ يولىدىن مېڭىپ ئىجادىيىتىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە نەزىرە قىلىش يوللىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىگە ئىجادىي يانداشىپ، ئەسەرلەرگە نەزىرە قىلىش يولى بىلەن ئوخشاش ماۋزۇلۇق ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت ئالاھىدە ئىجادىيەت ھادىسىسى كاشغەردە ناھايىتى گۈللەنگەن بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق 19-ئەسىردە كاشغەردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىرلار تۈزگەن «ھېكايەتى غەرىب» ناملىق كىتاب ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. بۇ كىتاب تەركىبىدىكى «پەرھاد-شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن» قاتارلىق ئەسەرلەر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ شۇ ناملىق داستانىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش، نەزىرە قىلىش يولى بىلەن يېزىلغان. ئابدۇرېھىم نىزارى يازغان دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان «پەرھاد-شېرىن» داستانى بۇ جەھەتتە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، شائىر بۇ داستانىنى ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «پەرھات-شىرىن» داستانى ئاساسىدا، بۇ داستانغا نەزىرە قىلىش يولى بىلەن يازغان. ئەمما، «ئابدۇرېھىم نىزارى بۇ داستانىنى يازغاندا ئەلىشىر نەۋايىغا پەقەت بىر تەقلىدچى سۈپىتىدە يانداشماستىن، بەلكى، مۇستەقىل ئىجادىي يول بىلەن ماڭغان. ئەلىشىر نەۋايى ئېيتقان پىكىرلەرنى ۋە تەسۋىرلەرنى تەكرارلىمىغان. ئەلىشىر نەۋايى ‹پەرھاد-شىرىن› داستانىنى ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرى ۋافىر دەپ ئاتالغان بەھرى بىلەن يازغان بولسا، ئابدۇرېھىم نىزارى بۇ ۋەزىننى قوللانماستىن، ئۆز داستانىنى بۆلەك

uyghurkitap.com



بىر بەھرىدە ـ مۇتەقارىب بەھرىدە ئۆزىگە خاس يېنىك ئۇسلۇب بىلەن يازغان»[7]. شۇنداقتىمۇ ئابدۇرېھىم نىزارى ئەلىشىر نەۋائىينى ئۆزىگە ئۇستاز ھېسابلىغاچقا، «پەرھاد-شىرىن» داستانىنى يازغاندا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شۇ ناملىق داستانىنىڭ سۇژىتىغا، پېرسوناژلىرىغا خېلى زور دەرىجىدە تەقلىد قىلغان. داستانىنىڭ كۆپ يەرلىرىدە ئەلىشىر نەۋائىينى، ئۇ يازغان «خەمسە»نى، ئىككى داستانىنىڭ باغلىنىشىنى تىلغا ئالغان. داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدىلا ئابدۇرېھىم نىزارى «ئاشىق جۈملەسىدىن بىرىكىم فەرھاددۇر، داستانى گۈلباغ جاھان سەھفاسىدە مەشھۇردۇر، ھەزرىتى مىر ئەلىشىر خەمسەلىرىدە مەزكۇردۇر. بۇ مەجمۇئاتىغە ھەم ئانىڭ ئىشق ئارا تاپقان ئەھۋالىدىن ئەندەك ئىزھار قىلماق، ۋاقىئاتىنىڭ كۆللىسىن كىتابى خەمسەگە ھاۋالە قىلماق»[8] دەپ باشلاپ، ئۆزى يازغان داستان ۋەقەلىكىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىي «خەمسە»سىدىن كەلگەنلىكىنى، بۇ تېمىدىكى ئىجادىيىتىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىي «خەمسە»سىدە تولۇق يېزىلغانلىقىنى كۆرسەتكەن. داستانىنىڭ كۆپ جايلىرىدا «چۇ سۆزنى قىلىپ مۇندا مۇجمەل بايان، نەۋائىي قىلىپتۇر مۇتەۋۋەل بايان. كىشى ئىستەسە نەقل تەتۇلنى، تاپار خەمسەدە كۈللى تەفسىلنى»، «كى مۇنداق بۇ سۆزنى قىلىپ ئىختىسار، ھەممە سۆز نەۋائىي كالامىدا بار. كى خەمسە كالامىدا باردۇر تەۋل، قىلىپ شىمەئى سۆزنى مۇندا قەلىل»، «بۇلار مەسفى تەتۇل ئېرۇر خەمسەدە، ھەممە سۆزى تەپسىل ئېرۇر خەمسەدە. كى مۇجمەل بايان ئەيلەدۇك قەدرھال، نەزەر سالغان ئەل بولامسۇن دەب مالال»[9] دەپ يېزىپ، بۇ داستانىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىي داستانىنى قىسقارتىپ يېزىش يولى بىلەن يېزىپ چىقىلغانلىقىنى، بۇ داستان بىلەن ئەلىشىر نەۋائىي يازغان «پەرھاد-شىرىن» داستانىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە باغلىنىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

دېمەك، كاشغەر شائىرلىرى ئەلىشىر نەۋائىينى ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ئۇستازى ھېسابلاپ، ئەلىشىر نەۋائىيغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتى ۋە ئەقىدىسىنى مانا مۇشۇنداق شەكىلدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە نەزىرە قىلىش يوللىرى بىلەن ئىپادىلىگەن. ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىي يازغان «پەرھاد-شىرىن» داستانىغا ئىجادىي ياندىششىمۇ كاشغەردە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئەمەلگە ئاشقان. بۇلارنى كاشغەردىكى نەۋائىيشۇناسلىقنىڭ گەۋدىلىك نەتىجىلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا نەۋائىيغا باغلانغان مۇقەددەس رىشتە سۆيىتىدە كۆرۈش كېرەك، ئەلۋەتتە.

كاشغەردىكى نەۋائىيشۇناسلىقنىڭ يەنە بىر گەۋدىلىك نەتىجىسى ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ نەسرىيلەشتۈرۈلۈپ يېزىپ چىقىلىشىدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىي ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى خەتتاتلارنىڭ كۆچۈرۈپ كۆپەيتىشى، ساقلىشى، كىتاب قىلىشىدىن كېيىن ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىگە نەزىرە قىلىپ ئەسەر يېزىش ئىشلىرى كەڭ تۈردە ئەۋج ئالغان. رايونىمىزدا ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىگە نەزىرە قىلىشنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى ـ ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنى نەسرىيلەشتۈرۈپ يېزىپ چىقىشتا ئىپادىلەنگەن. 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 19- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شۇ دەۋرنىڭ داڭلىق ئەدىبلىرىدىن ئۆمەر باقى يەركەندى بىلەن موللا سىدىق يەركەندىلەر ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى تەركىبىدىكى بىرقىسىم ئەسەرلەرنى نەسرىي شەكىلدە يېزىپ چىقىپ، بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نەسرىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتىگە زور تۆھپە قوشقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىگە نەزىرە قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەشنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ تۈردىكى ئىجادىيەتلەر ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ خەلقىمىز ئارىسىغا تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. مەشھۇر ئەدىب ئۆمەر باقى يەركەندى (1750- ؟) 1792-يىلى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر داستانلاردىن بولغان «پەرھاد-شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانلىرىنى نەسرىي يول بىلەن يېزىپ چىققان بولسا، موللا سىدىق يەركەندى 1813-يىلى ئەينى يىللاردىكى يەركەن ھاكىمبېگى مىرزا مۇھەممەت ھۇسەيىن بەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە»سى ئىچىدىكى «پەرھاد-شىرىن»، «لەيلى مەجنۇن»، «بەھرام-دىلئارام»، «سەددى ئىسكەندەر» قاتارلىق

تۈت داستاننى نەسرىيلەشتۈرۈپ يېزىپ چىققاندىن باشقا يەنە، «خەمسە» تەركىبىدىكى «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىنىڭ ئورنىغا ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «مەنتىقۇت تەير» داستانىنى كىرگۈزۈپ، ھېسابتا ئەلىشىر نەۋايىنىڭ نەسرىي شەكىلدىكى «خەمسە»سىنى تۈزۈپ چىققان. بۇ ئەسەر «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ، ناھايىتى چوڭ تەسىرلەرنى قوزغىغان، كېيىنكى مەزگىللەردىكى بىر قىسىم خەتتاتلار ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ مانا مۇشۇ نەسرىي نۇسخىلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقاتقان. موللا سىدىق يەركەندى تۈزگەن ئەلىشىر نەۋايىنىڭ نەسرىي «خەمسە»سى ناھايىتى يۇقىرى قىممەتكە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ ئەمگىكى ئارقىلىق موللا سىدىق يەركەندى بىر تەرەپتىن ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ نەسرىي نۇسخىسىنى ئىشلەشتىن ئىبارەت نەۋايىشۇناسلىق ساھەسىگە زور تۆھپە قوشقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا، جۈملىدىن ئاۋام ئارىسىغا تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن؛ ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىگە ئىجادىي ياندىشىپ، ئەسلىدىكى ئەسەرلەرنى مەزمۇن، قۇرۇلما جەھەتتىن زور دەرىجىدە بېيىتقان، «نەسرىي خەمسە» تۈزۈش يولىدا ئىزدىنىپ، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ كاشغەردىكى تۇنجى «نەسرىي خەمسە»سىنى تۈزۈپ چىققان. بۇلار ئارقىلىق كاشغەردىكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ يەنە بىر يۈكسەك پەللىسىنى ياراتقان. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، موللا سىدىق يەركەندى داستانىنى نەسرىيلەشتۈرۈپ يېزىپ چىقىشتا بىرقاتار ئىجادىي ئەمگەكلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما، ئەسەردە «سىرلار مەنىلىرىدىن خەۋەر بەرگۈچىلەر، يوشۇرۇن ئىزلاردىن نەقىل كەلتۈرگۈچىلەردىن بىرى، ئىشق-مۇھەببەت سەھىپىلىرىنىڭ، مېھىر-مۇھەببەت يېزىقلىرىنىڭ مۇئەللىپى، مەنىۋى دۇنيانىڭ ھۆكۈمدارى ھەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر بۇ كۆڭۈللەرنى شادلاندۇرغۇچى يېقىملىق قىسسەدىن تۆۋەندىكىچە رىۋايەت قىلىدۇ»[10] دېگەندەك بايانلار ئارقىلىق ئەلىشىر نەۋايىغا يانداشقانلىقىدىن ۋە ئەلىشىر نەۋايىغا بولغان ھۆرمىتى، قايىللىقىدىن ئۆچۈر بەرگەن.

كاشغەردىكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بىر مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، كاشغەردە ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، تەتقىقات نەتىجىسى سۈپىتىدە لۇغەتلەر تۈزۈلگەن، ماقالىلەر يېزىلغان. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى غەيرەتجان ئوسماننىڭ ئۇچۇر بېرىشىچە، 18-ئەسىردە كاشغەردە ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىگە مەخسۇس لۇغەتلەر تۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كاشغەردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان داڭلىق شائىر ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى «نەۋايىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى يېزىپ، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق داستانىنى تەھلىل قىلغان ھەم ئەلىشىر نەۋايىنىڭ سىياسىي-ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى شەرھلىگەن[11]. مانا مۇشۇلارنى مۇشۇ تۈردىكى تەتقىقاتنىڭ مۇھىم نەمۇنىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە كۆرسىتىش مۇمكىن.

كاشغەردىكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ يەنە بىر مەزمۇنى ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش ئىشلىرى بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ناھايىتى گۈللەنگەن كاشغەر تاكى يېقىنقىچە رايونىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش مەركىزى بولۇپ كەلگەنىدى. كاشغەردىكى مەكتەپ-مەدرىسلەردە دىنىي ئىلىملەر ۋە بىرقىسىم ئەنئەنىۋى پەن تۈرلىرىدىن باشقا، ئەدەبىيات ئەڭ ئاساسلىق دەرس مەزمۇنى قىلىنغان، ئەدەبىيات دەرسىدە ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى ئاساسلىق دەرسلىك قىلىنغان. ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارغا ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چۈشەندۈرۈش، يادلىتىش، مۇھاكىمە-مۇتالىئە قىلدۇرۇش، تەقلىدىي ئەسەرلەرنى يازدۇرۇش... قاتارلىقلارنى ئاساسلىق مەزمۇن قىلغان بولۇپ، بۇ ئوقۇتۇش ئوقۇغۇچىلارنى ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى نىسبەتەن پىششىق تونۇش، چۈشىنىش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە قىلغان. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى شۇكى، 1806-يىلى داڭلىق شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى كاشغەردە «نەۋايى»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نىملىق دەرسلىك كىتاب تۈزگەن[12]. سۆزسىزكى بۇ دەرسلىك كىتاب كاشغەردىكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ ناھايىتى شانلىق بىر مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

كاشغەردىكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى ئەلىشىر نەۋايى شېئىرلىرىنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا تېكىست قىلىنغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ئەلىشىر نەۋايىنىڭ خېلى كۆپ شېئىرى تېكىست قىلىنغان. خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك سەنئەت مىراسى بولغان ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇيغۇرلار ياراتقان ئەڭ يۈكسەك مەنىۋى مىراس سۈپىتىدە ئالاھىدە ئېتىبارلىق بولۇپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ خېلى زور نىسبەتتە تېكىست قىلىنغانلىقىنى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك ماس كېلىپ، بىر-بىرىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن دەپ سۈپەتلەش مۇمكىن. ھەممىمىزگە مەلۇم، گەرچە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تۆھپىسى بولسىمۇ، ئەمما، مۇقام ھادىسىسىنىڭ كاشغەر بىلەن باغلىنىشى يەنىلا ناھايىتى قويۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇقاملارنىڭ رەتلىنىشى، مۇقاملارغا ۋارىسلىق قىلىش ئىشلىرى، ھەتتا مۇقاملارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە يەتكۈزۈلۈشىدىن ئىبارەت بىر قاتار ھالقىلىق پائالىيەتلەردە كاشغەر سەنئەتكارلىرىنىڭ رولى ۋە تۆھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغان. شۇ جۈملىدىن ئەلىشىر نەۋايى شېئىرلىرىنىڭمۇ مۇقاملارغا تېكىست قىلىنىشىنى مانا مۇشۇ سەنئەتكارلارنىڭ ئىجتىھات-ئىزدىنىشلىرى جۈملىسىدىن كۆرۈش مۇمكىن.

كاشغەرنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى تۆھپىسى ۋە ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، بۇ يەردە ھەتتا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەڭداشسىز نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان ئەلىشىر نەۋايى ھەققىدىمۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئەنە شۇنداق كۆپلىگەن رەڭدار ئىلمىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلغان، كۆپلىگەن نەتىجىلەر بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. گەرچە ئەلىشىر نەۋايى كاشغەر تەرەپلەرگە كەلمىگەن ۋە بۇ تەرەپلەر بىلەن بىۋاستە ئالاقىلەردە بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردە نەۋايىشۇناسلىقنىڭ شۇ دەرىجىدە گۈللىنىشى ۋە گەۋدىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئالدى بىلەن كاشغەرلىكلەرنىڭ ئەلىشىر نەۋايى بىلەن بولغان مىللىي بىردەكلىكىدىن پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بولسا، يەنە بىرسى كاشغەرنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى گەۋدىسىدىكى مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانلىقىدۇر.

يۇقىرىقى بايان ۋە مۇھاكىمىلەردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، كاشغەردە ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى كۆپلەپ كۆچۈرۈلگەن، ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ھەرخىل تەركىب-مەزمۇنلاردىكى تۇپلاملىرى كۆپلەپ تۈزۈلگەن، ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىگە نەزىرە قىلىنغان ئەسەرلەر كۆپلەپ ئىجاد قىلىنغان، ئەلىشىر نەۋايى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان، ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى مەكتەپ-مەدرىسلەردە ئوقۇتۇلغان، شۇنداقلا ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدىغان ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا تېكىست قىلىنغان، بۇ ئارقىلىق ئەلىشىر نەۋايىنىڭ نامى ۋە ئەسەرلىرى ئىنتايىن كەڭ تارقالغان، نەۋايىشۇناسلىق ئىنتايىن گۈللىنىپ، گەۋدىلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش كېرەككى، كاشغەردىكى نەۋايىشۇناسلىق ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلاردىكى، شۇنداقلا رايونىمىزدىكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇيغۇرلاردىكى نەۋايىشۇناسلىق ھەققىدە ئابدۇشۈكۈر تۇردى، غەيرەتجان ئوسمان، ئەسەت سۇلايمان، ئەزىزى قاتارلىق كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار خېلى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارنى قىلىپ، بۇ ساھەدىكى نەتىجىلەرنى خېلى زور دەرىجىدە ئۇرلاندۇرغان ئىدى. مەن بۇ ماقالەمدە كاشغەردىكى نەۋايىشۇناسلىقنى مەركەز قىلىپ، ئەشۇ ئۇستازلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇلارنى رەتلەش، ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەلىشىر نەۋايىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ شائىرىغا بولغان رىشتىسىنىڭ قانچىلىك چىڭ باغلانغانلىقىنى، ئۇيغۇرلاردىكى نەۋايىشۇناسلىقنىڭ كاشغەردە تېخىمۇ گەۋدىلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى ۋە

ئىزچىللىق شەكىللەندۈرگەنلىكىنى تەكىتلىدىم.

## ئىزاھلار


[1] مۇھەممەتجان ھەكىموف (ئۆزبېكىستان): «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلار»، ئابدۇقەييۇم خوجا نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1992-يىللىق 2-سان، 93-بەت.
[2] «17-ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن ‹ نەۋايى كۈللىياتى›»، جۇڭگو مىللەتلەر ئەدەبىياتى تورى (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ ئورگان تورى http://iel.cass.cn/news_show.asp?newsid=9048&detail=1 )
[3] ئابدۇراخمان باقى: «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ھازىر قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان ئەسەرلىرىنىڭ ئومۇمىي كاتالوگى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2008-يىللىق 4-سانى، 59- ـ 70-بەرلەر.
[4] قەشقەر شەھەرلىك كۈتۈپخانا تۈزگەن «قەشقەر شەھەرلىك كۈتۈپخانىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئەسەرلەرنى تىزىملاش جەدۋىلى» (ئىچكى قىسىمدا پايدىلىنىش نۇسخىسى)غا قاراڭ، 2011-يىلى 3-ئاي.
[5] ئابدۇشۈكۈر تۇردى: «ئەلىشىر نەۋايىنىڭ قەشقەردە كۆچۈرۈلگەن بىرنەچچە قوليازمىسى توغرىسىدا»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا» دېگەن كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2003-يىلى نەشرى، 116-، 128-بەتلەر.
[6] ئابدۇشۈكۈر تۇردى: «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن كاشغەرلىك خەتتاتلار»، ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقاتلار» ناملىق ماقالىلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2006-يىل نەشرى، 127-بەت.
[7] رەھمىتۇللا جارى : «‹فەرھاد ۋە شىرىن› داستانى ھەققىدە»، رەھمىتۇللا جارى نەشرگە تەييارلىغان ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «فەرھاد-شىرىن» داستانىغا مۇقەددىمە ئورنىدا بېرىلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىلى نەشرى، 3-بەت.
[8] ئابدۇرېھىم نىزارى: «فەرھاد ۋە شىرىن »، رەھمىتۇللا جارى نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىلى نەشرى، 6-، بەت.
[9] ئابدۇرېھىم نىزارى: «فەرھاد ۋە شىرىن»، رەھمىتۇللا جارى نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىلى نەشرى، 42-، 56 -، 268- بەتلەر.
[10]موللا سىدىق يەركەندى: «فەرھاد-شىرىن»، مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن نەشرگە تەييارلىغان، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1989-يىلى 3-سان، 6-بەت.
[11] ئەسەت سۇلايمان: «ئەلىشىر نەۋايىنى ئىزدەپ»، «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىلى نەشرى، 216-بەت.
[12] ئەسەت سۇلايمان: «ئەلىشىر نەۋايىنى ئىزدەپ»، «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىلى نەشرى، 218-بەت.


## پايدىلانمىلار


1. ئابلىمىت ئەھەت تۈزگەن: «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى» ، شنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001- يىلى نەشرى.
2. غەيرەتجان ئوسمان باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002- يىلى نەشرى.
3. ئابدۇشۈكۈر تۇردى: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقاتلار» ، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2006- يىلى نەشرى.
4. ئەسەت سۇلايمان: «‹خەمسىچىلىك› ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 ـيىلى 5-ئاي نەشرى.
5. تېيىپجان ئېلىيوف قاتارلىقلار نەشرگە تەييارلىغان: «نىزارى داستانلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985-يىلى 9-ئاي.
6. ئابدۇرېھىم نىزارى: «پەرھاد-شىرىن»( رەھمىتۇللا جارى نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980- يىلى نەشرى.
7. ئابدۇۋەلى كېرىم : «نىزارى داستانلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004- يىلى نەشرى.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

ئۇيغۇرچە كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 05 ـ 070 ـ 04 (2011) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇرلارنىڭ داستىخان مەدەنىيىتى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش*

گۈلزەپەر مۇھەممەد

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە قەدىمكى خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا كۆپلىگەن جانلىق ۋە جانسىز نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ئاسايىشلىقى، قولايلىقلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان ھەمدە ئەۋلادلار ئۈچۈن بەخت يارىتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ داستىخان مەدەنىيىتى ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ ماقالىدە، داستىخاننىڭ تارىخى، كۆپ خىل مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنىشى، شۇنداقلا داستىخان مەدەنىيىتىنىڭ ئىناقلىق بەرپا قىلىشتىكى قىممىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要：**维吾尔族作为一个拥有悠久文化历史的民族，自古就为中华文化和世界文化做出了不朽贡献。勤劳的维吾尔族人民在自己长期生活实践中，充分利用了各种物质和因素，改善自己的生活，并为子孙后代创造幸福，为人类文化的发展增添了无比的光彩。维吾尔族达斯提汗（食台布）文化就是其中之一。本文讲述了达斯提汗（食台布）的历史和对各种意义的使用以及对达斯提汗（食台布）文化在构建和谐中的价值进行了初探。

**Abstract:** Uyghur, a nation with long history and rich cultures, made a monumental contribution to Chinese culture and world culture since ancient times. During long-term practical experience of lives, diligent Uyghur people made full use of various substances and elements to improve their lives and well-being of future generations, and added tremendous glory to the development of human culture. Uyghur dastighan (tablecloth) culture is one of them. In this paper, the author talks about the history and significance of Uyghur dastighan (tablecloth), and probes into the value of Uyghur dastighan (tablecloth) culture.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: K89　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇرلار كۆپ خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە خەلق بولۇپ، يېمەك ـ ئىچمەك، مېھماندارچىلىق مەدەنىيىتىمۇ ئۇلارنىڭ سەر خىل مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك ئۈچ ۋاق تاماق ئۈچۈن داستىخان سېلىش، ئائىلە ئەزالىرى بىر داستىخانغا جەم بولۇپ غىزالىنىش ئادەتلىرى تاكى بۈگۈنگىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق تۇرمۇش رىتىمى تېزلەشكەن بۈگۈنكى كۈندە داستىخان مەدەنىيىتىگە سەل قاراش ئۇنىڭدىن چەتنەش، بارا ـ بارا ئۇنتۇلۇشقا قاراپ يۈزلىنىش خاھىشى پەيدا بولماقتا. شۇڭا داستىخاننىڭ تارىخى، داستىخاننىڭ كۆپ خىل مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنىشى، شۇنداقلا داستىخان مەدەنىيىتىنىڭ ئىناقلىق بەرپا قىلىشتىكى قىممىتى ھەققىدە

---

* بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** گۈلزەپەر مۇھەممەت (1959 ـ يىلى 8 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت. جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئاياللار جەمئىيەتشۇناسلىقى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىزدىنىش زۆرۈر ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. داستىخاننىڭ تارىخى

ھەر قانداق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى. داستىخاندىن ئىبارەت ئۆرپ-ئادەت تۇسىنى ئالغان ئۆزگىچە مەدەنىيەتنىڭمۇ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسىدىن ئىبارەت ئۆزگىرىش جەريانى بار ئەلۋەتتە. داستىخاننىڭ قايسى دەۋردىن باشلاپ، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلىپ، كەڭ ئومۇملاشقانلىقى ھەققىدە ئېنىق تارىخىي مەلۇماتلار يوق دېيەرلىك. بىراق، بىز خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «ئېچىلىڭ داستىخنىم» ناملىق خەلق چۆچىكىگە ئاساسلىنىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ داستىخاننى ئىشلىتىش تارىخىنىڭ خېلى ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

11-ئەسىردە يېزىلغان دىداكتىك ئەسەر «قابۇسنامە»دە يېمەك-ئىچمەك ئەدەپلىرى توغرىسىدا «ئەتتىگەندە قۇۋۋەتلىك، چۈشتە تويغىدەك، كەچتە ئاز سىڭىشلىك يېيىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، ئۇيچە تاماققا ئولتۇرغاندا باشقىلاردىن ئاۋۋال تاماققا قول سۇنماسلىق، مېھمان كېلىشتىن ئاۋۋال داستىخانغا تاماق ئەكىلىپ قويماسلىق، تاماق يېگەندە ئالدىرىماي، ئاستا يېيىش، مېھماندارچىلىقتا باشقا مېھمانلارنىڭ قولىغا، ئاغزىغا قاراپ قېلىشتىن ساقلىنىش، بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ قولىغا ئالغان لوقمىسىغا قارىماسلىق توغرىسىدىكى نەسىھەتلەر يېزىلغان.

11-ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئۇلۇغ پەيلاسوپ، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ئۇلارنى ياخشى كۈتۈش توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق مىسرالارنى تىزغان.

4644. قىچقىرماق بولۇرسەن ئەگەر كىشىنى،
قىچقىر ياخشى قىلغىن كۈتۈش ئىشىنى.
4645. سېلىپ كۆرپە، داستىخان، قاچا تازا قىل،
يېمەك-ئىچمىكىڭنى ئوبدان خىللىغىن.
4660. غىزادىن كېيىن تارت شىرنىلىك يېمىش،
قۇرۇق- ھۆل يېمىش قوي ۋە ئازراق سىمىش.

بىز بۇ مىسرالاردىن ئەجداتلىرىمىزنىڭ مېھمان چاقىرىشتىن ئاۋۋالقى تەييارلىق پائالىيەتلىرى، نېمىلەرگە دىققەت قىلىش لازىملىقى، تاماقتىن كېيىن مىۋە-چېۋىلەرنى تىزىش ئادەتلىرىنىڭمۇ ئومۇملاشقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

يېقىنقىلاردىن باشقا يەنە ئۇيغۇرلاردا ئۆيگە مېھمان كەلگەندە مېھمانلارنىڭ ئالدىغا پاكىز داستىخانلارنى سېلىپ چاي قۇيۇش، تاماق تارتىش، تاماقتىن كېيىن مېۋە-چېۋە تىزىش، تاماقتىن كېيىن چوڭلارنىڭ باشچىلىقىدا قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ تارقىلىشتەك ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنلار ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. شۇڭا خەلقىمىز ئارىسىدا «مېھمان ئۆيىنىڭ بەرىكىتى»، «ئۆيگە مېھمان كەلسە بەرىكەت ياغىدۇ»، «داستىخان مېھمان بىلەن ئاۋات»، «داستىخاندىن يۈز تاپىسەن»دېگەندەك ماقال تەمسىللەر تارقالغان. بۇ ھال ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىگە مېھمان كەلسە داستىخاننى كەڭ يېيىپ، بارلىق ئېسىل نازۇ - نېمەتلەرنى قويۇپ، تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن باشقا، ئۆز-ئارا مۇڭدىشىش، كۆڭۈل سورىشىش، ھال-ئەھۋاللىشىشتىن ئىبارەت مېھماندارچىلىق جەريانىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## 2. داستىخاننىڭ كۆپ خىل مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنىشى

داستىخان ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان موھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ. ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇشى ۋە ئېتىقادى داستىخان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇش، توي -تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدا، مېھماندارچىلىقتا داستىخاندىن ئايرىلالمايدۇ. داستىخان ئائىلىلەردە، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردا، چوڭ-كىچىك

www.uyghurkitap.com



يىغىلىشلاردا مېھمانلارنىڭ ئالدىغا سېلىنىشتىن باشقا يەنە تۇرمۇشىمىزدا كۆپ خىل مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**1)ساھىبخانىنىڭ مېھمانغا بولغان پوزىتسىيەسىنى ئىپادىلەيدۇ**

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن مېھماننى ئۇلۇغلايدىغان مېھماندوست خەلق، ئۇلار ئۆيگە مېھمان كەلگەن ھامان پاكىز داستىخان سېلىپ ئوچۇق، چىراي بىلەن قىزغىن قارشى ئالىدۇ، بارلىق ئېسىل نازۇ-نېمەتلەرنى داستىخانغا تىزىپ، مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز مېھمانلارنى كۈتۈشتە ساھىبخانىنىڭ چىراي ئىپادىسى، داستىخانغا تىزىلغان يېمەك-ئىچمەكلەر ئارقىلىق ساھىبخانىنى«داستىخىنى كەڭ»، «داستىخانلىق» ياكى«داستىخىنى يوق» دەپ باھالايدۇ. مېھمانغا سەل قارىغان ساھىبخانىغا «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمۇ؟» دەپ تەنبىھ بېرىپ، مېھمانغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىش، خۇش پېئىل، قىزغىن بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

**2) ئىككى تەرەپنىڭ تويلىشىش ئەھدىسىنىڭ بەلگىسى بولالايدۇ**

ئۇيغۇرلاردا ئوغۇل-قىز پەرزەنتلىرى چوڭ بولغاندا ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىپ، تويلىشىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدىلەيدىغان ئادەت بار، قىز تەرەپ بۇ تويلىششقا قوشۇلمىغان تەقدىردىمۇ «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق»دەپ قاراپ، مېھمانلارغا داستىخان سېلىپ مول زىياپەت تەييارلاپ ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. قىز تەرەپ ئەگەر بۇ تويغا قوشۇلسا «ھەرقايسىلىرىدىن قىزىمىزنى ئايىمايمىز»دەپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئەگەر مۇناسىپ كۆرمىسە «قىزىمىزنىڭ داستىخىنى بار ئىدى» دەپ رەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ يەردىكى«داستىخىنى بار» دېگەن ئىبارە قىزىمىزنىڭ لايىقى بار، بېشى باغلاقلىق، باشقىلارنىڭ داستىخىنىنى قوبۇل قىلىپ قويغان دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرسە، ئوغۇل تەرەپنىڭ «داستىخان كىرگۈزۈپ قويدۇق»، «داستىخان تاشلاپ قويغان» دېگەن سۆزلىرى ئوغۇل تەرەپ لايىقىنىڭ تەييار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

**3)داستىخان توينىڭ مۇقەددىمىسى بولالايدۇ**

توي مۇراسىمى داستىخان تاشلاشتىن باشلىنىدۇ. قىز-يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆز ئارا پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ ئەڭ ئېسىل نازۇ-نېمەت، قەنت - گېزەك، كىيىم-كېچەكلەرنى يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىدۇ. قىز تەرەپ ئېسىل داستىخان ۋە مول نازۇ-نېمەتلەرنى تەييارلاپ مېھماننى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. بۇ داستىخان ئادەتتىكى مېھمان كۈتۈشلا بولماستىن بەلكى قىز تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ تۆشۈك ماھارىتىنى كۆرسىتىش سورۇنىدۇر. چۈنكى ئوغۇل تەرەپ بىر تەرەپتىن قۇدىلارنىڭ تۆشۈك ماھارىتىنى (رەتلىك، پاكىز، تاماققا ئۇستا ياكى نائۇستا ئىكەنلىكىنى، بولغۇسى كېلىنىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلگەن مۇھىتىنى) كۆزەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن قۇدىلارنىڭ مېھماندوست، قائىدىلىكلىكىنى سىنايدۇ.

**4) ھال-ئەھۋال سوراش، كۆڭۈل ئىپادىلەش ۋاستىسى بولالايدۇ**

ئۇيغۇرلاردا مۇسىبەت بولغان ئائىلىلەرگە داستىخان كىرگۈزۈپ تەسەللىي بېرىش؛ تۇغۇتلۇق ئۆيلەرگە داستىخان ئاپىرىپ قۇتلۇقلاش؛ كېسەل ئاغرىقلارغا داستىخان كىرگۈزۈپ ھال ئەھۋال سوراش؛ توينىڭ ئەتىسى قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپكە داستىخان ئەۋەتىپ ھاردۇق سوراش، قاتارلىق ئۆرپ -ئادەتلەر كەڭ ئومۇملاشقان. شۇنداقلا داستىخانغا ئالاقىدار بىر قاتار قائىدە- يوسۇنلار شەكىللەنگەن، مەسىلەن، مېھماننىڭ ئالدىغا سېلىنىدىغان داستىخاننىڭ پاكىز، چىرايلىق بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. چۈنكى بۇ ساھىبخانىنىڭ مېھمانغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتى، ئىززەت-ئابرۇيى، قائىدە-يوسۇنغا دىققەت قىلىدىغان- قىلمايدىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ساھىبخانا داستىخاننى سېلىۋاتقاندا بويىغا يېتىپ قالغان قىز-ئوغۇللىرى بار مېھمانلار دەرھال داستىخاننىڭ بۇرجەكلىرىنى ئالدىغا تارتىشىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىگىمۇ مۇشۇنداق قۇتلۇق ئىشنىڭ كېلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ؛ چوڭلارنى داستىخاننىڭ تۆرىگە باشلايدۇ؛ داستىخان ئۈستىدە چوڭلار تاماق يېيىشنى باشلىغاندىن كېيىن باشقىلار ئەگىشىپ قول ئۇزىتىدۇ، بۇ مىللىتىمىزنىڭ

چوڭلارنى ھۆرمەتلەش جەھەتتىكى كۆرسەتمىلىك تەربىيە شەكلىدۇر. داستىخان ئۈستىدە ھەر قانداق كىشى ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپ، گەپ-سۆزگە دىققەت قىلىشى، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى تاماققا چاڭگال سالماسلىق، داستىخان ئالدىدا پۇتنى سوزۇپ ئولتۇرماسلىق، داستىخانغا دەسسىمەسلىك، داستىخان ئۈستىدە چۈشكۈرۈش، يۆتىلىشكە توغرا كەلگەندە ئاغزىنى توسۇۋېلىش ياكى باشقا تەرەپكە قارىۋېلىش؛ نەرسە چايناۋېتىپ گەپ قىلماسلىق؛ داستىخان ئۈستىدە تاماقنى ئاۋاز چىقىرىپ يېمەسلىك؛ قورسىقى تويغان بولسا ئالدىراپ قول سۈرتمەسلىك تەلەپ قىلىنىدۇ.

## 3. داستىخان مەدەنىيىتىنىڭ ئىناقلىق بەرپا قىلىشتىكى قىممىتى

مېھماندارچىلىق داستىخىنى ئەخلاق-پەزىلەت سەيلىگاھى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش، ئۆز-ئارا ئۆگىنىش، دوستلۇق ئالاقىلىرىنى كۈچەيتىش، يېڭى ئۇچۇر بىلىملەرنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 1) داستىخاننىڭ ئىناق-ئىتتىپاقلىق رولى

ئۇيغۇرلار ئىناق-ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. بۇ خىل ئىناقلىق ئالدى بىلەن ئائىلىدىن، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا داستىخاندىن باشلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار ئائىلىدە ھەر كۈنى بىر داستىخان ئەتراپىغا جەم بولۇپ غىزالىنىدۇ. بۇ جەرياندا بىر-بىرى بىلەن سىردىشىدۇ. پەرزەنتلەرگە ئاتا-ئانا، ئاكا-ئۇكا، ھەدە-سىڭىللارنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇرۇپ، سەبىي قەلبلەرگە ئۆملۈك-ئىناقلىق، غەمخورلۇق، ۋاپادارلىق، دوستلۇق ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ. ئائىلىدە ئاتا- ئانىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن قوبۇل قىلغان بۇ خىل كۆرسەتمىلىك تەربىيەلەر خۇددى تاشقا مۆھۈر بېسىلغاندەك پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ، ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ قائىدە- تەرتىپلىرىگە رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ. دېمەك، ئائىلىدە سېلىنغان داستىخان بىر تەرەپتىن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىناقلىقىنى، بىر- بىرىگە بولغان بولغان چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببىتىنى يېتىلدۈرسە، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردا سېلىنغان داستىخان كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىش، تونۇشۇش، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ھال-مۇڭ بولۇپ، بىر-بىرىنىڭ خۇشاللىقلىرىغا ئورتاقلىشىش، غەم-قايغۇسىغا تەسەللىي بېرىش پۇرسىتىنى كۆپەيتىدۇ. شۇ ئارقىلىق قولۇم-قوشنا، ئەل-جامائەتچىلىكنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى، ئىناق-ئىتتىپاقلىقىنى، كوللېكتىۋىزملىق روھىنى يېتىلدۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم.

### 2) ئىسراپخورلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى رولى

ئۇيغۇرلار ئۇزۇن مۇددەت دېھقانچىلىق ئەمگەكلىرىگە قاتنىشىپ، ئاش-نانىنىڭ قانداق جاپا-مۇشەققەت بىلەن تەييارلىنىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئاشلىقنى، يېمەك-ئىچمەكلەرنى قەدىرلەش، ئاسراش، ئۇنى ئىسراپ قىلماسلىق ئېڭى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى. خەلقىمىزنىڭ ئۈچ ۋاق تاماقتا داستىخان سېلىپ غىزالىنىشى بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى چوڭلار تاماق تاللىماسلىق، تاماقنى ئاشۇرۇپ قويماسلىق ھەققىدە ئىزچىل تەربىيە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، داستىخانغا چۈشۈپ كەتكەن نان ئۇۋاقلىرىنى يەۋېتىدۇ. ئەگەر يېگىلى بولمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا توخۇ، كەپتەر قاتارلىق قۇشلارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن ئادەم دەسسىمەيدىغان پاكىز ئورۇنلارغا ئېلىپ قويىدۇ. شائىرلار مۇنداق مىسرالارنى يېزىپ قالدۇرغان:

ئاش ھاياتنىڭ يىلتىزى، يېمىسەڭمۇ تاشلىما،
قورسىقى توق مېھماننى داستىخانغا باشلىما.
نەدىن كەلگەن بىلەمسەن، سەن تاشلىغان قاتلىما
ئادەم بولساڭ دېھقاننىڭ كۆزلىرىنى ياشلىما.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك فولكلور ئەنئەنىسىدە ھەشەمەتچىلىك ۋە ئىسراپچىلىق قىلىش ئەڭ يامان ئىللەت دەپ قارىلىپ، ئەيىبلىنىدۇ. شۇڭا بىز ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن گۈزەل ئەنئەنىلەرنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، پەرزەنتلەرگە ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ئۈلگە بولۇش، ئاددىي- ساددا ياشاش ھەققىدە تەربىيە بېرىشىمىز

www.uyghurkitap.com



كېرەك.

### 3) داستىخاننىڭ يېمەكلىك ساقلاشتىكى رولى

داستىخان سېلىپ تاماق يېيىش يەنە ئاشقان يېمەكلىكلەرنى يىغىنچاق، پاكىز، يۇمشاق ساقلاش رولىغا ئىگە بولغاچقا، ئىلگىرى هازىرقىدەك توڭلاتقۇ ۋە خالتىلار ئىشلىتىلمىگەن شارائىتتا، ئەجدادلىرىمىز ناننى داستىخانغا يۆگەپ ساقلىغان. بۇ ئارقىلىق ناننى پاكىز، يۇمشاق پېتى ساقلاش مەقسىتىگە يەتكەن. يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇيغۇرلار يەنە قولۇم-قوشنىلارغا تاماق سۇنغاندا نەپىس كەشتىلەنگەن، هەر خىل گۈللەر تىكىلگەن پاكىز داستىخانلارغا ئوراپ، ئاياللىرىنىڭ قولى گۈل، چېۋەر-چاققانلىقىنى نامايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە ئۈچ ۋاق تاماق ئۈچۈن داستىخان سېلىپ غىزالىنىش ئومۇملاشقان بولۇپ، ئاخىرىدا ئائىلىدىكى چوڭلار«ئامىن»دەپ قول كۆتۈرۈپ، شۈكۈر- سانا ئېيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋاپات بولۇپ كەتكەن بارلىق ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇققانلار، قولۇم- قوشنا، قەۋم قېرىنداشنىڭ روھىغا دۇئا قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئائىلە ئەزالىرىنىڭ سالامەتلىكى، خاتىرجەملىكى، ئىناق- ئىجىللىقى، ئىشلىرىنىڭ ئاسايىشلىقى، ئائىلىسىنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈلىدۇ. بۇ ئارقىلىق پەرزەنتلەرگە ئەجدادلىرىنى ئەسلەش، بارىغا شۈكۈر قانائەت قىلىش، نەپسانىيەتچىلىكتىن، ئاچكۆزلۈكتىن ساقلىنىش تەربىيەسى بېرىلىدۇ.

ئومۇمەن داستىخان مەدەنىيىتى- ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەدەرىجىي مۇكەممەللەشتۈرگەن يۈكسەك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك ئىناقلىق بەرپا قىلىش، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەش جەھەتلەردىكى ئىجتىمائىي قىممىتى زور. شۇ سەۋەبلىك داستىخان مەدەنىيىتى خەلقىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى هاياتىدا تۇتقان ئورنىنى، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ۋارىسلىق قىممىتى ناهايىتى زور.

## پايدىلانمىلار

1. ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن : «ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىللىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007- يىل 6- ئاي نەشرى.
2. ئابدۇكېرىم راخمان : «ئۇيغۇر فولكلورى هەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989-يىل نەشرى.
3. يۈسۈپ خاس هاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991-يىلى 11-ئاي نەشرى.
4. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «ئائىلە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002-يىلى نەشرى.
5. ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن، جېلىل ئۆمەر تۈزگەن«ئەدەپ-ئەخلاقتىن تەۋسىيەلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004- يىلى 12- ئاي نەشرى.
6. ئابدۇرەهىم هەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىلى 4- ئاي نەشرى.
7. شەمسۇلمائالى قابۇس: «قابۇسنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 -يىلى 1- ئاي نەشرى.
8. شەرىپە ئابدۇغوپۇر: «ئۇيغۇرلارنىڭ داستىخان مەدەنىيىتى ۋە تەلىم تەربىيە »، «مىراس» ژۇرنىلى، 2009-يىللىق 4- سان.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 075 ـ 04 (2011) 5878 ـ 1005

# ئۇيغۇر بالىلار خەلق قوشاقلىرى ۋە ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن قۇشلار توغرىسىدا*

ئەركىن داۋۇت ئوغۇز

(خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، خوتەن. 848000)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر بالىلار قوشاقلىرىنىڭ قەدىمىيلىكى، خەلقىمىزنىڭ تۈرلۈك ياۋايى هايۋانلارنى، قۇشلارنى كۆندۈرۈپ، ئۇنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، كۈندىلىك تۇرمۇش، داۋالاش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىپ، ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن قۇشلار بىلەن يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەنلىكى، بالىلارغا قۇشلارنى سۆيۈش، قۇشلارنى ئاسراش توغرىسىدا بەدىئىي يول ئارقىلىق تەربىيە بەرگەنلىكى، ئىنسانلار بىلەن قۇشلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن زىچلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت ۋە قۇشلارنى ئەڭ بالدۇر چۈشەنگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق چوڭقۇر، ئىلمىي مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**摘要:** 本文通过实例深刻而科学地探讨维吾尔童谣的古老历史，人们驯化各种兽类和鸟类，将其运用到农业生产、日常生活和治病当中，由此关注人身健康，并且他们是历来和鸟类友好相处，通过艺术的途径教育孩子爱护鸟类以及表达人类和鸟类有着深厚的友谊，维吾尔族人是最早了解大自然和鸟类的一个民族等。

**Abstract:** In this paper, the author profoundly and scientifically elaborates on the ancient Uygur history of nursery rhymes, the records of people's domestications of a variety of wild animals and birds, and their applications to agricultural industry, daily life and medical industry. The author also points out that through these, people concern their health and always live on friendly terms with birds. Uyghur people also educate their children to love birds and express profound friendships between human and birds through these artistic forms (nursery rhymes). And they can be regarded as one of the first nations to learn about nature and birds.

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I18 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان خىلمۇخىل ئېكولوگىيەلىك مۇھىتلاردا ياشاش داۋامىدا تەبىئەت دۇنياسىغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سىلىپ، تەبىئەت هادىسىلىرى هەققىدە ئاز بولمىغان چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغان. تەبىئەت بىلەن ئىناق ياشاش نۇقتىسىدىن تەبىئەت هادىسىلىرى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتكە بولغان كۆيۈنۈشى هەم سۆيۈنۈشىنى ئىپادىلەپ، قاقاس قۇملۇقلارنى باغۇ ـ بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ، ئىككىلەمچى تەبىئىي گۈزەللىكنى بەرپا قىلىپ، ئادىمىيلىكلىكنى ئىپادىلىگەن. بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، ماددىي مەدەنىيەت يارىتىشتىن مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشقا يۈزلىنىپ، خىلمۇخىل شەكىل، خىلمۇ خىل ژانىردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنى مەنىۋىيىتىمىزنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. ئۇيغۇر بالىلار قوشاقلىرى شۇ شەكىل، ژانىرلار ئىچىدىكى ئالاھىدە تەركىب بولۇپ، ئۇ بالىلارنىڭ تۈرلۈك قىزىقىشلىرىنى، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى،

* بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

بۇ ماقالە خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى 2010 ـ يىللىق «ئۇيغۇر بالىلار شېئىرىيىتى توغرىسىدا تەتقىقات»نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

ئاپتور: ئەركىن داۋۇت ئوغۇز (1959 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، بالىلار ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان سىرلىق چۈشەنچىلىرىنى بەدىئىي يول ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم روللارنى ئوينىغان.

ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا مەدەنىيەت دەۋرىگە خېلى بۇرۇن قەدەم قويغان مىللەت بولغاچقا، ئۇلار تۇرلۇك ياۋايى ھايۋانلارنى، قۇشلارنى كۆندۈرۈپ ئۇنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، كۆندىلىك تۇرمۇش، داۋالاش ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىپ كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىنى مەلۇم جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلغان. قۇشلاردىن پايدىلىنىپ كۆڭلىنى ئاچقان، ئوۋ ئوۋلاپ بەزى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرغان، يېڭىچە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئەۋج ئالدۇرغان. ئاۋازلىرى يېقىملىق، شەكىل قىياپىتى كۆركەم قۇشلارنى كۆرگىنىدە ئۇنىڭدىن سۆيۈنگەن، ئېستېتىك زوق ئالغان. قۇشلارنىڭ ئاۋازىنى دوراپ قىزىقچىلىق قىلغان، قوللىرى بىلەن ئۇۋىلارنى ياساپ، قۇشلارنىڭ شۇ ئۇۋىلارغا ماكانلىشىشىنى ھەم شۇ ئۇۋىلارغا ماكانلاشقاندىن كېيىن تۇخۇملاپ كۆپىيىشىنى ئارزۇ قىلغان. بۇ ئۇلارنىڭ قۇشلار بىلەن يېقىن، ئىناق ئۆتۈشتەك ھېسسىياتىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قۇشلار بىلەن يېقىن، ئىجىل-ئىناق ئۆتۈشنى مەقسەت قىلغانلىقىدەك ياخشى كۆڭلى، ئۇلار باللىرى ئۈچۈن ئىجاد قىلىپ بەرگەن ئۇيغۇر باللار قوشىقىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

قارا-قارا قۇشلارىم،
ئارقاڭدىكى نېمىلەرىڭ؟
ئۇششاق-ئۇششاق باللارىم !
ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ؟
كۈچۈك يەتسە ئالساڭچۇ !
كۈچۈك نەگە كېتىپتۇ؟
ئالا تاغقا كېتىپتۇ !
ئالا تاغدا نېمە بار؟
ئالا-يېشىل قۇشلار بار.
ئۇنداق بولسا بارايچۇ،
قۇشتىن بىرنى تۇتايچۇ.
(«ئۇيغۇر خەلق باللار قوشاقلىرى»دىن)

مانا بۇ «قارا-قارا قۇشلارىم» ئويۇن قوشىقى بولۇپ، باللار ئويۇن ئوينىغاندا بۇ قوشاقنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىپ، «ئانا» بولغۇچى قۇشلارنى لازىم قىلماقچى بولغان «رەقىپ»كە تۇتقۇزۇپ قويماسلىق نىيىتىدە، قۇشلارنىڭ رولىنى ئالغان باللارنى چاققان، جۇشقۇن بولۇشقا ئۈندەپ ئۇلارنى قوغدايدۇ. ئويۇندا «ئانا» بولغۇچى «رەقىب»نىڭ سورىغان سوئاللىرىغا تەمتىرىمەي جاۋاب بېرىپ، قۇشلىرىنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىگە باشتىن ـ ئاخىر كاپالەتلىك قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن ئوچۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇشلار ئىنسانلارنىڭ دوستى، جۈملىدىن باللارنىڭ دوستى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن باللار قوشاقلىرىدا ھەم ئويۇنلىرىدا باللار قۇشلارنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ ھەرىكەت قىلىدۇ، قۇشلارغا خاس سىياقتا قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرنى ئورۇندايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ قۇشلارنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى، قۇشلارغا مېھىر-مۇھەببەت بىلەن قارايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

قارلىغاچىنىڭ بالىسى،
ئۇچۇپ كەتكەن ئانىسى.
كېلەمدىكىن-كەلمەمدىكىن،
يېتىم قاپتۇ بالىسى.
ئۆللەللەي بالامنى، ئۆللەللەي.

ئۆللەللەيىنىڭ بالىسى،
سايدا ياتقان ئانىسى.
سارغانلىقتا قۇشقاچتەك،
ئۇچۇپ كەتكەن ئانىسى،
ئۆللەللەي بالامنى، ئۆللەللەي.
(«ئۇيغۇر خەلق باللار قوشاقلىرى»دىن)

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىز «ئەللەي قوشىقى» بولۇپ، ئانىلار بالىسىنى قۇچاققا ئالغاندا ياكى ئۇنى بۆشۈكتە تەۋرەتكەندە ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ، بالىنىڭ خۇشال-خورام، ساغلام چوڭ بولۇشىنى تىلەيدۇ، تىنچ، خاتىرجەم، يىغلىماي ئۆتۈشىنى كۈتىدۇ. بۇ ئەللەي قوشىقى بولسىمۇ، ئۇنىڭدا قارلىغاچ، قۇشقاچ سۆزلىرى كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. بۇ يەردە قارلىغاچ بالىلىرىنىڭ ئانىسىز ياشىيالمايدىغانلىقى، ئانىسىزلىقنىڭ دەردىنىڭ يامانلىقى، ئادەم بالىسى ئۈچۈنمۇ ئانا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئانا قۇشلارنىڭ باللىرى ئۈچۈنمۇ، ئادەم باللىرى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا مۇھىم، ئەلۋەتتە. قوشاقتا ئانا بالىسىنى قۇشلارنىڭ باللىرى بىلەن بىرگە قويۇپ بەزلەيدۇ، ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ، مۇشۇ ئارقىلىق قۇشلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ يېقىنلىقى، ئۆز ئارا مايىللىقىنى كۈيلەيدۇ.

ئانىنىڭ قارلىغاچ بالىسىنىڭ يېتىم قېلىشىدىن ئەنسىرىشى، ئۇنىڭ ئۆز بالىسىدىن باشقا قۇش باللىرىنى دەپ غەم يەيدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلدۇرىدۇ.

قۇشلار تەبىئەت دۇنياسىدا ئادەملەرگە ئوخشاشلا مەۋجۇت، بۇ مەۋجۇتلۇقنى ئەجدادلىرىمىز ھېچقاچان چەتكە قاققان ئەمەس. بەلكى، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن مەدھىيەلەپ، قۇشلارنىڭ رولىنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى نۇرغۇن تەرەپلەردىن كۆرسىتىپ، تىلى ئوبرازلىق ھەم جانلىق، قۇرۇلمىسى بىر قەدەر مۇكەممەل قوشاقلار ئارقىلىق سۆيۈنۈش ھېسسىياتلىرىنى ئىزھار قىلغان.

دوك-دوك-دوككاڭ-دوك،
ئەتىسى قوپسام بىر هام يوق.
ئۇ بىر هامنى كىم ئالدى؟
زۇمرەت قېرى ئالدى.
زۇمرەتنىڭ نېمىسى بار؟
ئالتۇن-ئالتۇن قۇشلىرى بار،
تاۋاقتا ئاشلىرى بار.
قۇشلارنى قۇشلايلى،
ئەتىۋارلاپ باقايلى.
(«ئۇيغۇر خەلق  باللار قوشاقلىرى»دىن)

بۇ «دوككاڭ-دوك» قوشىقىدا زۇمرەتنىڭ بىر خامنى ئېلىۋېلىشىدىن ئىبارەت قىسقىغىنە جەريان تەسۋىرلىنىپ، زۇمرەتنىڭ قۇشلىرى بارلىقى ئەسكەرتىلگەن ھەم باللار تىلى ئارقىلىق قۇشلارنى تاماشا قىلىپ ئويناش، قۇشلارنى قوغداش ۋە ئاسراش، ئۇنىڭ بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئۆتۈشتەك ئاكتىپ ئىدىيە يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ خەلقىمىزنىڭ قۇشلارغا كۆيۈنىدىغانلىقىنى، باللارغا مۇھىتنى سۆيۈش، قۇشلارنى قوغداش توغرىسىدا بەدىئىي يول بىلەن ئىجابىي تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا «قۇشلار ئىنسانلارنىڭ دوستى» دېگەن ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرۈپ، قۇشلارنى كەلسە-كەلمەس تۇتماسلىق، زەخىملەندۈرمەسلىك توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن. قۇشلارنى ئۆركەشتۈۋەتمەي، ئۇنىڭ باللىرىنى ئارامخۇدا چوڭ قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشتەك ئېسىل ئادەتلەرنى باللارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغۇزۇپ، قۇشلارنىڭ خاتىرجەملىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەخلاقسىزلىقلارنى قىلماي، تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق

قۇشلارغا كۆڭلىنى ئىپادىلەپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

زىيتۇنەمنىڭ بېغىدا
بىر تۈپ ئالۇچا،
ئالۇچىنىڭ شېخىدا
بىرلا تۇمۇچا.
تۇمۇچىنىڭ پۇتلىرى
بوغۇم-بوغۇمچا.
ئالۇچىنى لىڭشىتسام
قايانغا ئۇچار ؟
(«ئۇيغۇر خەلق باللار قوشاقلىرى»دىن)

«تۇمۇچا» ناملىق بۇ قوشاقتا زىيتۇنە ۋە ئۇنىڭ بېغى، ئالۇچا ھەم ئالۇچىنىڭ شېخىغا قونۇپ ئولتۇرغان تۇمۇچا (تۇمۇچۇق) قاتارلىقلار تەسۋىرلەنگەن. بۇ قوشاقنى ھەر قانداق بىر بالا ئوقۇغىنىدا تۇمۇچىنىڭ بوغۇم-بوغۇم پۇتلىرى ئوبرازلىق، كونكرېت ھالدا كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ. بۇ يەردە قوشاقنىڭ ئىجادچىسى بولغان خەلق باللار تەرەپتە تۇرۇپ، باللارنىڭ تۇمۇچىغا بولغان قىزىقىشى، ياخشى كۆرۈشىنى باللارچە تۇيغۇ بىلەن ئىپادىلەپ، قوشاقنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى، ئىلھاملاندۇرۇش قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. يەنە:

تۇمۇچىنىڭ پۇتلىرى
بوغۇم-بوغۇمچا.
ئالۇچىنى لىڭشىتسام
قايانغا ئۇچار ؟

دېيىش ئارقىلىق بىر خىل ئەنسىرەش، كۆزى قىيماسلىق، ئارماندا قېلىش، پۇشايمان قىلىش ھېسسىياتىنى يېپىق ئىپادىلىگەن. ئەگەر قوشاقتىكى لىرىك پېرسوناژ شوخلۇق قىلىپ ئالۇچىنىڭ شېخىنى شۇنداق مىدىرلاتتىمۇ، تۇمۇچىنىڭ بۇ ھالدىن چۆچۈپ يىراق- يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ قايانغا ئۇچىدىغانلىقىنى، نەلەرگە بېرىپ قونىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ. قوشاقتىكى مۇشۇنداق ئەھۋالنى نەزەرگە ئالغان لىرىك پېرسوناژ بۇ مەسىلىنى ئويلايدۇ، ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويىدۇ، بۇ ئۇنىڭ تۇمۇچىنى ئۈركىتىۋېتىپ، ئارماندا قېلىشىنى خالىمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇرۇنقىلار قۇشلارنىڭ پايدا-زىيىنىغا قانداق باھا بېرىش، قۇشلارنى ئاسراش، قۇش بايلىق مەنبەلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بىلەن قارىغان. نۇرغۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



قۇشلار قۇرت-قوڭغۇزلارنى يەيدۇ، كۆكتاتلارنى ئاسرايدۇ، يېزا ئىگىلىكىگە زىيان ئەمەس، پايدا ئېلىپ كېلىدۇ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن زىيانسىز، خۇش ئاۋاز قۇشلارنى كىشىلەر چىن كۆڭلىدىن ياقتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى ئىپادىلەپ، قۇشلار بىلەن ئەپ ئۆتۈشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدەنگەن.

ئالا تاغدا ئالا قۇش،
قارا تاغدا قارا قۇش.
ئىگىز ئۇچۇپ، پەس ئۇچۇپ،
قاياقلارغا بارار قۇش.
ئالا قۇش ھەم قارا قۇش،
ئاداش ئاداش بولايلى.
كۆرسۇن بىزنى بىلىقلار
سۇ بويىغا بارايلى.
زىيانداشنى تۇتايلى،
باغقا زىيان سالمىسۇن.
يامراپ قۇرت-قوڭغۇزلار،
ھويلىنى بىر ئالمىسۇن.
ئۈزۈم پىشتى، نان پىشتى،
يەيلى ئۇنى تالىشىپ.
خۇش قىلايلى ئانامنى،
ئۆي ئىشىغا قارىشىپ.
ئالا تاغدا ئالا قۇش،
قارا تاغدا قارا قۇش.
ئالدامچىنى، تۈلكىنى
ساراسىمگە سالار قۇش.

(«ئۇيغۇر خەلق باللار قوشاقلىرى»دىن)

مانا بۇ قوشاقتا باللارنىڭ قۇشلارغا كۆيۈنىدىغانلىقى، قۇشلارغا يېقىنلىششنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى، قۇشلار بىلەن دوست بولۇپ ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدا ئىكەنلىكى، تاپقاننى قۇشلار بىلەن تەڭ يەپ، زىياندىش ھاشاراتلارنى بىرلىكتە يوقىتىپ، خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە ئىنتىلىدىغانلىقى، ئۆي ئىشىغا ياردەملىشىپ، ئاتا-ئانىلارنى رازى قىلىش ئويىنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت مەزمۇن ئالغا سۈرۈلۈپ، قۇشلارنىڭ تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى پايدىلىق تەرەپلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر باللار قوشاقلىرىنىڭ بەزىلىرىدە ئايرىم يىرتقۇچ قۇشلار، زىيانلىق ياكى يامانلىقنى سىمۋول قىلىنغان قۇشلار تەسۋىرلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالدامچىلىق، ئاچكۆزلۈككە ئوخشاش قىلىقلار تەنقىد قىلىنغان. ئادەتتە كىشىلەر يىرگىنىدىغان قاغىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئۇ كۆرۈنۈشىنىڭ سەتلىكى، ئاۋازىنىڭ يېقىمسىزلىقى بىلەن شۇملۇقنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەنە كۈز پەسلىدە، ياڭاق، كۆممە قوناق، قوغۇن ئۇرۇقى قاتارلىقلارنى ئوغرىلاپ يەيدۇ، بۇلبۇل، سوپسوپياڭغا ئوخشاش قۇشلار يېقىملىق سايراپ، ھاياتنىڭ گۈزەل، تەبىئەتنىڭ سىرلىق، قۇچقىنىڭ كەڭلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

غاققاڭ-غاققاڭ، غاق،
قىچقىرىپ قاغا.
ئۇچتى پالاقشىپ،
باردى كۆكيارغا.
چوقلاپ تېزەك.
ئىزدىدى ئوزۇق.
يامانلىق تىلەپ،
ئۇ نىيىتى بۇزۇق
ئوغرىلاپ ياڭاق،
كۆمدى قۇملۇققا،
كۆڭلى بەك يېقىن
بولغاچ شۇملۇققا.
غاققاڭ، غاق،
قىچقىرىپ قاغا.
تۇخۇم ئوغرىلاپ
قاچتى مازارغا.

(«ئۇيغۇر خەلق باللار قوشاقلىرى»دىن)

«قاغا»ناملىق بۇ قوشاقتا قاغىنىڭ بىر قاتار يېتەرسىزلىكى تىلغا ئېلىنغان، ئۇنىڭدىن قاغىنى ماختاش تېپىشقا ياتىدىغان سۆز ياكى مىسرالاردىن بىرەرنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى قاغا ئەزەلدىن زىيان سالغۇچى، شۇملۇق تىلىگۈچى سۈپىتىدە قارىلىپ كەلگەن. شۇڭا، باللار قاغىنى ئەمەس، باشقا قۇشلارنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى مەدھىيەلەپ ناخشا-كۈيلەرگە قاتقان، تىللاردا داستان قىلغان، ھويلىلىرىدىن ئورۇن بېرىپ، تۇخۇملاپ باللىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ، ئۇلارغا بولغان غەمگۈزارلىقىنى ئىپادىلىگەن.

سار، سار، سار،
نەگە بارساڭ بار.
يېمە چۈجىنى،
نەپسىڭنى ئايا.
سار، سار، سار،

ماڭا ئۈز قارا،
يورغىلاپ يۈرمە،
بوستانلىق ئارا،

سار، سار، سار،
كەچ بولدى مانا.
ياخشى كۈن كۆرمەس
كۆڭلى قاپقارا.

سار، سار، سار،
نەگە بارساڭ بار.
پىشمىدى ياڭاق.
تاشنى غاجىلا.

(«ئۇيغۇر خەلق باللار قوشاقلىرى»دىن)

«سار، سار، سار» قوشىقىدا «سار» دەپ ئاتىلىدىغان قۇش زىكىر قىلىنغان. «سار» ئەتىياز، كۈز پەسلىدە بوستانلىقلارنى ئارىلاپ، چۈجىلەرنى تۇيۇقسىز قاماللىغانچە ئەكېتىپ يەۋېتىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا چۈجىلەرنى يېمەسلىك توغرىسىدا خىتاب قىلىنغان. بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ يەنە نەپسىنى يىغىش، كۆڭلى قارىلىق قىلماسلىق، دۇرۇس ياشاش توغرىسىدا بەلگىلىك قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قانداقتۇر بۇ قوشاقتا ئەگەر سار چۈجىلەرنى يەۋەتسە بويىنىنى ئۈزىمەن، جېنىنى ئالىمەن، چالمايمەن، قانىتىنى كېسىپ تاشلايمەن دېگەندەك ئىبارىلەر يوق. ئۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ، جۈملىدىن باللارنىڭ باشتىن-ئاخىر قۇشلارغا كۆيۈنۈش، سەۋرچان بولۇش، ئۇنىڭغا يول قويۇش پوزىتسىيەسى ئىپادىلەنگەن.

گەرچە، بەزى قۇشلار زىرائەت دانلىرىنى، كۆكتاتلارنى، مېۋىلەرنى، تۇخۇملارنى ئوغرىلاپ يېگەنلىكى تۈپەيلى، مۇنداق قۇشلار زىيانلىق قۇشلار دەپ ئاتالسىمۇ، ئاشۇ زىيانلىق دەپ ئاتالغان قۇشلارنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە. شۇڭا، باللار قوشاقلىرىدا قانداق زىيانلىق قۇش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ مۇتلەق ئىنكار قىلىنغان ئەمەس. بۇ ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدا مۇتلەق پايدىلىق ياكى زىيانلىق قۇشلارنىڭ بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنىڭ ئىلمىي ۋە بەدىئىي شەرھىيسىدۇر.

قارلىغاچ قارا بولۇر،
قۇيرۇقى ئاچا بولۇر.
قارلىغاچنى باقمىغان-
باللار گاچا بولۇر.
قارلىغاچ ئۇۋاسىنى،
لاي ئېتىپ لايلاپ بېرەر.
تاڭ سەھەر ۋىچىر-ۋىچىر،
توختىماي سايراپ بېرەر.
شۇڭا مېنى جان ئانام،
قارلىغاچ بالام دېيدۇ.
كۆكتە ئۇچسا قارلىغاچ
قول شىلتىپ سالام دېيدۇ.

(«ئۇيغۇر خەلق باللار قوشاقلىرى»دىن)

قارلىغاچ تەبىئەت دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان پەسىل قۇشلىرىنىڭ بىرى، قوشاقتا ئۇنىڭ بىر قاتار ئالاھىدىلىكى تەسۋىرلەنگەن، بۇ قوشاقنى كىم ئوقۇسۇن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاچا قۇيرۇق قارلىغاچ پەيدا بولماي قالمايدۇ. رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا قارلىغاچ «ئادەمنىڭ قېنى ھەممىدىن تاتلىقكەن» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن پاشىنى گاچا قىلىپ قويۇپ، يىلاننىڭ ئادەمنىڭ قېنىنى شوراپ ياشىشىنىڭ يولىنى ئەتكەنمىش. شۇڭا، قارلىغاچنىڭ ئوبرازى ناھايىتى يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ.

قارلىغاچ ھەر يىلى كەلگىنىدە دېھقانلارنىڭ ھويلا ئارامىلىرىدا ئۇۋىلايدۇ، تۇخۇملاپ بالا چىقىرىدۇ، ۋىچىرلاپ سايراپ باللارنىڭ قەلبىنى شادلىققا چۆمدۈرىدۇ، كۆڭلىنى ئاچىدۇ. باللار تا قارلىغاچ باللىرىنى چوڭ قىلىپ ئۇچۇرۇما قىلىپ كېتىپ بولغۇچە قارلىغاچ ۋە ئۇنىڭ باللىرىغا زىيان- زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ، ئۇلارنىڭ دەخلىسىز ياشىشىغا كەڭ ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ. خۇددى قوشاقتا ئېيتىلغاندەك باللار ئەقلىسىزلىق قىلمايدۇ، چۈنكى، قارلىغاچلارنى خاتىرجەم قىلمىغان بالا ياخشى بالا سانالمايدۇ، قارلىغاچ دېھقانلارغا بەخت ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭىمۇ ئانىلار ئۇنىڭغا ئامراق.

بىلىش كېرەككى، باللار قوشاقلىرىدىن باشقا، ئومۇمىي شېئىرىيەتتىمۇ «كۆكتە پەرۋاز قىلغان قىران بۈركۈت»، «ئۇسسۇلغا چۈشكەن بىر جۈپ تۇرنا»،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com



«قىزىل گۈل ئىشقىدا سايرىغان بۇلبۇل» دېگەندەك مىسرالار ئىنسانلارنىڭ قۇشلار توغرىسىدىكى گۈزەل ھېسسىيات-تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. قۇشلارنىڭ يېقىملىق، مۇڭلۇق سايراشلىرى، ئادەمنىڭ نېرۋىسىنى تىنچلاندۇرۇپ، دىلغا ئارام بەخش ئېتىدۇ. شۇڭا، ھەر خىل قۇشلارنى ئىنسانلار ئېسىل قەپەزلەرگە سېلىپ، ئەتىۋارلاپ باقىدىغان ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلاردا كەكلىك سەيلىسى، قارچۇغا سەيلىسى، بۆدۈنە سەيلىسى دېگەندەك ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئومۇملاشقان. ئەجدادلىرىمىز بۇندىن بىر قانچە مىڭ يىل ئىلگىرى توخۇ، ئۆردەك، غاز، كەپتەر قاتارلىق نۇرغۇن قۇشلارنى بېقىپ كۆندۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆي قۇشلىرىغا ئايلاندۇرغان. غاز، ئۆردەكلەرنىڭ پەي-تۈكلىرىدىن پايدىلىنىپ ماموق ياستۇق، ماموق يوتقان، ماموق كۆرپىلەرنى تىكىپ، تۇرمۇشىنى راھەتتە ئۆتكۈزگەن.

قۇش قۇشلارنىڭ
پەيلىرى بار.
تۇختاخۇننىڭ
نەيلىرى بار.

قۇش قۇشلارنىڭ
پەيلىرى دوست،
ئەجەب ئېسىل
زىننەتكەن.

ئالمىخاننىڭ
كۆينىكى،
تۈۋار- دۇردۇن
قىممەتكەن.

قۇش قۇشلارنى
سۆيەيلى،
تاماق ئېتىپ
كۈتەيلى.
قۇشلار بىلەن سىردىشىپ،
ئىجىل-ئىناق
ئۆتەيلى.

(«ئۇيغۇر خەلق باللار قوشاقلىرى»دىن)

بۇ نېمە دېگەن چۆچەك، نېمە دېگەن ئېسىل ھەم نېمە دېگەن لىرىكىلىق قوشاق-ھە؟ بۇ قوشاقنى باللار يېڭى كىيىم كەيگەندە، بىرگە ئوينىغاندا يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىپ، كەيپىياتلىق ھالەت شەكىللەندۈرۈپ، كۆينەكلىرىنىڭ مەيدىسىگە، دوپپىلىرىغا توخۇنىڭ، كەپتەرنىڭ پەيلىرىنى تاقاپ، كۆڭلىدە كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ كۆركەملەشكەنلىكىنى، گۈزەل تۈسكە كىرگەنلىكىنى، سالاپەتلىك بولۇشقانلىقىنى ھېس قىلىشىپ شادلىنىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ مەلۇم ئاساسى بار بولۇپ، بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز بەزى قۇشلارنىڭ پەي-تۈكلىرىنى يىپەك، تىۋىتلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يىپ ئىگىرىش قاتارلىق سۈپەتلىك ۋە چىداملىق رەختلەرنى ئىشلىگەن. توز، بۈركۈت، قارچۇغا، شۇڭقار، سار، قىرغاۋۇل قاتارلىق قۇشلارنىڭ پەيلىرى ئۇزۇن، رەڭلىك بولغاچقا ئۇنىڭدىن زىننەت بويۇملىرى ۋە گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. تۆگىقۇش، غاز، لەيلەك، تۇرنا قاتارلىق قۇشلارنىڭ تېرىسىدىن نېپىز خۇرۇملارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئۇنىڭدىن ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنى ياسىغان. بۇ ئىنسانلار بىلەن قۇشلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن زىچلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ناھايىتى روشەنكى، قۇشلار پۈتكۈل ھاياتلىق، بايلىق مەنبەسىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھاياتلىق ئېكولوگىيىسى، جۈملىدىن، تەبىئەت ئېكولوگىيىسىگە بىۋاسىتە ۋە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇشلارنىڭ ئېكولوگىيە ھەم ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشتىكى رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇق ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەمدە تەبىئەت بايلىق مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپلەپ بايلىق يارىتىشى، روناق تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك.

قۇشلار ئېتىز-دالىلاردا، باغ-ۋاران، ئورمانلىقلاردا، ئوتلاق، سۇ بويلىرىدا ياشايدۇ ھەمدە مۇتلەق كۆپ ساندىكى قۇشلار قۇرت-قوڭغۇز، زىيانداش ھاشاراتلار ۋە ياۋا ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۇرۇقى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، شۇ ئارقىلىق ياۋا ئوت-چۆپ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. خەلق قۇشلارنىڭ بۇنداق پايدىلىق تەرىپىدىن شادلىنىپ، ئۆز ھېسسىياتلىرىنى مۇنداق ئىزھار قىلىشقان.

ئىگىز ئۇچۇپ پەس ئۇچۇپ،
قۇشلار كەلدى باغلارغا.
شۇنچە خۇشال سايرىدى،
گۈل ئېچىلغان چاغلاردا.
قۇشلار كەلدى باغلارغا،
زىيانداشلار قاچالماس.
زەھەرنى گۈللەرنىڭ
ياپرىقىغا چاچالماس.
قۇشلار گۈزەل، بىز گۈزەل،
قۇشلار بىلەن ئوينايمىز.
قۇشلار شاختا سايرىسا،
ئاڭلاپ ئۇنى تويمايمىز.
قۇشلار بىلەن ئوينايمىز،
بالىلارنى ئويلايمىز.
ئاسراپ ئەشۇ قۇشلارنى،
يامان كۈنگە قويمايمىز.
بالام، بالام جان بالام،
تۇمۇچۇقتەك شوخ بالام.
قايتتى قۇشلار ئۇۋىسىغا،
ئۇخلاپ ئارام ئال بالام.
(«ئۇيغۇر خەلق بالىلار قوشاقلىرى»دىن)

بۇ قوشاقتا خەلقىمىزنىڭ قۇشلارغا بولغان چىن مۇھەببىتى، قۇشلارغا بولغان ئامراقلىقى، ياخشى كۆرۈشى، قۇشلارنى ئەتىۋارلاش خاھىشى ئوبرازلىق تىللار بىلەن يورۇتۇلغان. دېمىسىمۇ قۇشلار شەكىل گۈزەللىكى، ئاۋاز گۈزەللىكى، يېقىملىق قىلىقلىرى، چاققان، جۇشقۇن ھەرىكىتى، ھويلا-ئارام، باغ-ۋارانلاردا ئۇۋا ياساپ، بۇ جايلارنى ئۆز كۆرۈشتەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى چوڭلاردىن تارتىپ كىچىكلەرگىچە ھەممىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، ئۇلاردا مايىللىق كەيپىياتى يارىتىدۇ.

قۇشلار ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولغاچقا قەدىمدىن بۇيان خەلق قوشاقلىرىنىڭ مۇھىم بىر بۆلىكى بولغان بالىلار قوشاقلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسىغا ئايلىنىپ كەلدى. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلقى باغرىنى يېرىپ چىققان بالىلىرىنى«قۇچقاچتەك بالام»، «تۇمۇچۇقتەك بالام»، «بۈركۈت كۆز بالام»، «قۇشتەك ئۈز ئولتۇرىدىغان بالام»، «ئاۋازى بۇلبۇلدەك چىرايلىق بالام» دەپ تەرىپلەپ، سۆيۈنۈش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشكەن. بۇ ئارقىلىق ئىنسانلار بىلەن قۇشلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلۇقىنى، ئىنسانلار بىلەن قۇشلار تەبىئەت دۇنياسىدا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، ھايات كەچۈرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى بالىلار ئۈچۈن ئىجاد قىلغان بەدىئىي ئەمگەكلىرىدە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ، بالىلارنى قۇشلارنى سۆيۈشكە، قۇشلارغا زىيان سالماسلىققا، ئۇلارنىڭ قۇشلار بىلەن ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈپ، تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا ئۈندىگەن. بۇ ئەنئەنە شۇ ئاساستا ئۈزۈكسىز داۋاملىشىپ، بالىلار بىلەن قۇشلارنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان.

دېمەك، خەلقىمىز قۇشلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىر چوڭ تۆر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ داۋالاش، زىيانداشلارنى يوقىتىش، ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، تەبىئەتنى ۋە تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۈرۈش جەھەتتىكى رولىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلق بالىلار قوشاقلىرىدا، قۇشلارنى كۈچلۈك مەدھىيەلەپ، بالىلارنى قۇشلارنى سۆيىدىغان، تەبىئەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىپ تەربىيەلەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان، شۇڭا، قۇشلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

## پايدىلانمىلار


1. «ئۇيغۇر بالىلار ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008 - يىلى10 - ئاي.
2. «تارىم غۇنچىلىرى» نىڭ 2005-، 2006- يىللىق سانلىرى.
3. «قۇشلار ئىنسانلارنىڭ دوستى»، 2-، 14-، 18- بەتلەر.


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

32 ـ يىللىق 4 ـ سان　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　第 32 卷第 4 期
2011 ـ يىلى 12 ـ ئاي　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2011 年 12 月

ماقالە نومۇرى: 10 ـ 082 ـ 04 (2011) 5878 ـ 1005

# بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى تىراگېدىيە ئېڭى ۋە «كۆمۈرچى بالا» رومانى*

رىشات ئاسىم

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830056)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە تىراگېدىيە ھەققىدە توختىلىپ، يازغۇچى جالالىدىن بەھرامنىڭ «كۆمۈرچى بالا» رومانىدىكى پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇشتىكى پاجىئەلىك تەقدىرىنى نوقتىلىق مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تىراگېدىيە ئېڭى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：** 本文通过对加拉力丁.拜克热木的长篇小说《卖煤的孩子》中人物的悲剧生活的分析，简要地阐述了维吾尔文学作品中的悲剧情节。

**Abstract:** In this paper, the author brief talks about the tragedies of Uygur literature through analyzing the characters' miserable lives in *the Little Coal Boy*, a novel of Jalalidin. Behram.

كىتابلارنى جۈگگۈچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I29　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىنسان ئۈچۈن ئۆلۈم قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تىراگېدىيە. بۇ ھەقتە ئارىستوتېل مۇنداق دېيدۇ: «ئۇ بىر خىل يېڭىپ بولمايدىغان زىددىيەت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئىجابىي قەھرىماننىڭ مەغلۇبىيىتى ياكى ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ». تىراگېدىيە ئەسەردىكى زىددىيەت توقۇنۇشلارنىڭ كەسكىنلىكى بىلەن رېئال ھاياتقا ماسلىشىدۇ. رېئاللىقتىكى ئىجابىي كۈچلەر بىلەن پاسسىپ كۈچلەر (ئىدىيەلەر) ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنىڭ كەسكىن كۈرەشلىرى ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئىلغار كۈچلەر (ئىدىيەلەر)نىڭ مەغلۇبىيىتىنى ۋە ئۆلۈمىنى مۇقەررەرلەشتۈرىدۇ. ھامان ئەسەردىكى ئىجابىي كۈچلەرنىڭ بەختسىز سەرگۈزەشتىسى كىتابخاننى ئاجايىپ قايغۇ ـ ھەسرەتكە سالىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئىجابىي قەھرىمان (كۈچلەر) كۈرەشلىرىنىڭ ھەققانىي پائالىيەتلىرى كىتابخاننى تىراگېدىيە تۇغرىلىق تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ تىراگېدىيەنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى. ئۇنداقتا ھەرقايسى دەۋرلەردە ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن يازغۇچى، شائىرلارنىڭ تۇرمۇش چۈشەنچىسىمۇ ئوخشاش بولمىغاچقا، ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان تۇرمۇش، قاراشمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، يازغۇچىلار ياشىغان دەۋرنىڭ ئوخشاش بولماسلىق سەۋەبىدىن ئەسەرلەردە ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنمۇ، خۇلاسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ ئەلۋەتتە! شېكسپىر تىراگېدىيەلىرىدىكى قەھرىمانلار دەۋرنىڭ تەلىپى، شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلى ئومۇمەن ئۆلۈم بىلەن خاراكتېرلەنگەن. بۇ دەۋرنىڭ تەلىپى بىلەن بىرلىشىپ، يازغۇچىنىڭ رېئاللىقتىن چىقارغان ئاخىرقى خۇلاسىسى.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى تىراگېدىيە مەسىلىسىگە قانداق قارىشى كېرەك؟ ئۇزاق ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تىراگېدىيەگە قانداق قارالدى؟ شۇ كەمگىچە بىز تىراگېدىيەنى ئۆلۈم دەپ تار دائىرىدە چۈشىنىپ كەلدۇق، ھەتتا بۈگۈنكى دەۋردە تىراگېدىيە ئۈستىدە سۆز ئېچىشتىن ئەنسىرىدۇق، قەلەم تەۋرىتىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇردۇق. ئۇنداقتا بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزدا تىراگېدىيە يېزىش مۇمكىنچىلىكى يوقمۇ؟ ئەلۋەتتە بار. تىراگېدىيە پۈتۈنلەي ئۆلۈم

---

* بۇ ماقالە 2011 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** رىشات ئاسىم (1957 ـ يىلى 2 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

پاجىئەسىنى يازىدۇ دېيىشنىڭ ئۆزىمۇ خاتا. بىز ئۇزاق ئەسىرلىك مىللىي ئەدەبىياتىمىزغا نەزەرىمىزنى ئاغدۇرساق، ھەرقايسى دەۋرلەردە رېئاللىقنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەلپىي ئاستىدا، ئوخشاش بولمىغان جەمئىيەت تىراگېدىيەلىرىنى بېشىمىزدىن كەچۈردۇق. شۇڭا، مەيلى جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا بولسۇن، ياكى چەت ئەل ئەدەبىيات تارىخىدا بولسۇن ئوخشاش بولمىغان تىراگېدىيەلىك مەزمۇنلار ئىپادىلەندى ۋە ئەدەبىياتتا ئوخشاش بولمىغان تىراگېدىيەلىك ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى. سىياسىي غايە تىراگېدىيەلىرى، ئائىلە تىراگېدىيەسى قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللار كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بىز ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىمىزدا تىراگېدىيەنى زادى قانداق چۈشەندۇق؟ قانداق ياندىشىۋاتىمىز؟ دېگەن تېما ئاستىدا پىكىرلىرىمىزنى ئاتاقلىق يازغۇچى جالالىدىن بەھرامنىڭ «كۆمۈرچى بالا» رومانىدىكى پېرسوناژلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى پاجىئەگە يۆتكەپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تىراگېدىيە ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرەيلى.

جالالىدىن بەھرام ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تىراگېدىيە چۈشەنچىسىنى پەقەت ئۆلۈم دەپ قارايدىغان چۈشەنچىگە باشقىچە ئېنىقلىما بەردى. ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىدىكى تۇرمۇش، يارىتىلغان خاراكتېرلار ئاساسەن پۇل، ھوقۇق، جەمئىيەت، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ مۇھەببەت-نەپرەت قۇربانلىرى بولۇپ خاراكتېرلەندى. ئەلۋەتتە، يازغۇچىنىڭ «كۆمۈرچى بالا» دېگەن تىراگېدىيەسىدىكى تۇردى ھەسەن، تۇغلۇق، خالىداي، نەئىمە، ئاياز، ئايىسىمە، ئەغزىم تۆرەم، قاۋۇز قاتارلىق بىر-بىرىگە ئوخشاش پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى تىراگېدىيەلىك تەركىبلەرگە بۈگۈنكى دەۋردىكى ھېسسىياتىمىز، دەۋر تەلپىي بىلەن ياندىشىشاق ئۇلاردا ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش تىراگېدىيەسىنى كۆرىمىز. نازىر تۇردى ھەسەن پاجىئەسى ئاساسەن ھوقۇق، پۇل بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ھايات تىراگېدىيەسىنىڭ گەۋدىلىك ۋەكىلى. ئۇ ھاياتقا ھوقۇق نۇقتىسىدىن ياندىشىدۇ، «ھوقۇق، پۇل بولسا ھەممە بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

تۇردى ھەسەننىڭ «ھوقۇق بولسا، پۇل، مۇھەببەت، بايلىق ئۆزى كېلىدۇ» دېيدىغان ھايات مەنتىقىسى ئۇنىڭ تىراگېدىيەسىنىڭ ئاساسى. ئەسەردە تۇردى ھەسەن دەل ئاشۇ خىل ھايات ئەمەلىيىتى بىلەن بارلىقىنى ئاتىغان چىرىك ئەمەلدار بولۇپ، ئۇ ئاياز، ئايىسىمەنىڭ كۆز يېشى بەدىلىگە ئۇلارنىڭ يېرىنى تارتىۋالىدۇ. خالىداي، نەئىمەلەرنىڭ پاك سۆيگۈسىگە سۇيىقەست بىلەن ئېرىشىپ، ئانا-بالا ئىككەيلەننىڭ تىراگېدىيەسىنى ھەم تۇغلۇق بىلەن نەئىمەنىڭ پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەغزىم تۆرە، قاۋۇزلارمۇ شەكلى ئۆزگەرگەن پۇلپەرەس ئىپلاس قەلب ئىگىسى قىلىپ سۈرەتلىنىدۇ. ئەسەر قەھرىمانى تۇردى ھەسەن ئىچ-ئىچىدىن چىرىپ كەتكەن ياۋۇز خاراكتېر. دېمەك، ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان بارلىق ھايات كۆرۈنۈشلىرى تۇردى ھەسەن (نازىر)نى چۆرىدىگەن ھالدا راۋاجلىنىدۇ.

«تۇردى ھەسەن ئەمەلنىڭ تەمىنى تېتىغانسېرى ئەمەلنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. بۆلۈمچە باشلىقى بولغاندا ئۇنىڭ مائاشىغا قانچە پۇل قېتىلغانلىقى ھەم شۇ ئازغىنە پۇلغا نەقەدەر خۇشال بولغانلىقى ئۇنىڭ ئېسىدىن زادىلا چىقمايدۇ. كېيىن «مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى»، «ئىدارە باشلىقى»، «مۇئاۋىن نازىر»، «نازىر» بولغانلىرىدا مائاشىغا قېتىلغان پۇلمۇ، ئولتۇرىدىغان ئۆينىڭ كىۋادرات مېتىر سانىمۇ، تەمىنلەش مەنئىشەتلىرىمۇ پەيدىنپەي ئۆسۈپ، سۆيەت ئۆلچەملىرى كۆتۈرۈلدىكىنىدەك بولۇپ تۇردى»[1]. ئەمەلنىڭ ئۆسۈشى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ قەلبىدىكى قارا بۇرجەكمۇ چوڭىيىپ، ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدىكى سۆيگۈ - مۇھەببەت دېگەن ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، ئەسەردىكى بارلىق پاجىئەلەرنىڭ تۈگۈنىگە ئايلىنىپ، بارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش تىراگېدىيەلىرىنى كەينى- كەينىدىن سادىر قىلغان جىنايەتچى سۈپىتىدە كىتابخانلار ئالدىدا ئۆز خاراكتېرىنى ئاشكارىلايدۇ.

تۇردى ھەسەن دەسلەپتىلا خالىداي، نەئىمەلەرنىڭ تۇرمۇش تىراگېدىيەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ ئانا-بالىنىڭ مەڭگۈلۈك پاجىئەسىنىڭ سەۋەبچىسى. خالىداينىڭ بىرىنچى ئېرىنىڭ تىراگېدىيەسى دەل

www.uyghurkitap.com



خالىئاينىڭ گۈزەللىكى تۇپەيلى تۇردى ھەسەن ئوينا پ چىققان بىر قېتىملىق تۇرمۇش ئويۇنى تەرىپىدىن ۋەيران بولغان مۇھەببەت تىراگېدىيەسى ئىدى. «خالىئاي يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئىسسەدەپ ـ ئىسسەدەپ، يۇقىرى-تۆۋەن تىنغانلىرى ئايازنىڭ ئىچ-باغرىنى ئۆرتىۋەتتى. نېمە دېگۈلۈك؟ بۇ ئالەم شۇنداق تەڭشەلمىگەن ئالەم ئىكەن. ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق! خالىئاينىڭ ئالدىنقى ئېرى مەسئۇت ياش، كېلىشكەن، سۇباتلىق يىگىت بولسىمۇ، پەزىلەتسىز ئەر ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ پەزىلەتسىزلىكى ئاخىرى بېشىغا چىقتى. ئەمدى ئىككىنچى ئېرى ـ ئۆزىدىن ئون بەش، ئون ئالتە ياش چوڭ. ئۇ خالىئاينى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، نەئىمە ئۇنىڭ ئۆز قىزى بولمىسىمۇ، ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىدىنمۇ چارە كۆرۈپ ئەزىزلەيدۇ. شۇڭا، قىزى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان خالىئاي چىرايلىق، ياش ئاياللارغا ھېرىسمەن قىرى ئېرىنى ئەخلاق يۈزىسىدىنلا ياخشى كۆرىدۇ. ئەپسۇس تۇردى ھەسەننىڭ بىردىنبىر ئاجىزلىقى ‹پۇل ھەم ئەمەل› ئۈچۈن ھەرقانداق پەسكەشلىك قىلىشتىن يانمايدۇ»[2].

تۇردى ھەسەننىڭ خاراكتېرىدىكى بۇ خىل ئاجىزلىق ھاياتتىكى بارلىق تىراگېدىيەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىردىنبىر پىسخىك ئامىل. ئەسەردىكى نەئىمە، خالىئاي، تۇغلۇق قاتارلىقلارنىڭ تىراگېدىيەسى دەل مۇشۇ پىسخىك دۇنيادىن كېلىپ چىققان. تۇردى ھەسەننىڭ پىسخىكىسىدىكى «ھوقۇق پۇل» دېگەن قاراش، ئۆزىنىڭ ئىككى بالىسى نەئىمە بىلەن تۇغلۇق پاجىئەسىنى كەلتۈرگەن يىلتىز (نەئىمە ئۆگەي قىزى، تۇغلۇق نىكاھسىز ئوغلى). ئۇنىڭ قارىشىچە، نەئىمە ئۇنىڭ ھوقۇقى ئارقىلىق قولغا كەلگەن ئالتۇن تاپىدىغان دەرەخ بولغاچ، نەئىمەنى ئۆلسىمۇ جېنىدىن ئەزىزلەپ قوغدايدۇ. ئەر يۈرەك، پاك قەلب، ۋىجدانلىق يىگىت تۇغلۇق نەئىمەنىڭ پاك سۆيگۈسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەلب رۇجەكلىرىنى چەككەندە، نەئىمە كۆڭۈل ئىزھارىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ ئەمما، بۇ ئىككىسىنىڭ پاك سۆيگۈسى، تۇردى ھەسەننىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا كۆمۈرچى بالا بىلەن نەئىمەنىڭ مۇھەببىتى «بىرسى ئالتۇن بۇلاق، بىرسى قارا پاتقاق». بۇ ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتى مەڭگۈ رويابقا چىقماسلىقى كېرەك. ئەمما، بىز خالىئاي، تۇغلۇق، نەئىمە قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ ھاياتقا، تۇرمۇشقا، مۇھەببەتكە ۋە رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ھەم قىممەت قارىشىنى، ئۇلارنىڭ خاراكتېر، تەقدىر تىراگېدىيەسىنى تەھلىل قىلساق، ھوقۇق، پۇل ئالدىدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ئاپتور يۇقىرىقى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتا بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ۋە روھىي چوڭقۇرلۇقىغا سىڭىپ كىرىپ، بۇرۇختۇملۇق، چىرىكلىك، پارىخورلۇق، پۇلپەرەسلىك، ھوقۇق ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاش قاتارلىق پەسكەشلىكلەرنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەش بىلەن بىرگە، مۇشۇلارنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقان نۇرغۇنلىغان سەبىيلەرنىڭ تىراگېدىيەسىنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەيدۇ. ئەسەردە بىر جۈپ ياشنىڭ تونۇشقاندىن تارتىپ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلۈشىگىچە بولغان جەريان ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا گۈزەل بىر مۇھەببەت مېلودىيەسىدەك ياڭرىغان، بۇ ئىككى ياشنىڭ مۇشۇ خىل ساپ سۆيگۈسىگە باشتىن ـ ئاخىر تۇردى نازىر، ئەغزەم تۆرە، قاۋۇز قاتارلىق ئىنسانىيەت دۇنياسىنى پۇل، ھوقۇق بىلەن ئىگىلەشنى مەقسەت قىلىدىغان قارا كۈچلەر يانداشىپ كېلىدۇ. مۇشۇ ئىككى خىل تەبىئەتلىك پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىش ئارقىلىق، ئاپتور ئىنسان تەبىئىتىدىكى مەۋھۇم ئۇقۇمنى سەنئەتلىك ھايات ئادەملەر پىسخىكىسى بىلەن جانلاندۇرۇپ، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئۆزگەرمەس، قېلىپلاشقان نەرسە بولماستىن بەلكى، ئۆزگىرىشچان چەكسىز ئىكەنلىكىدەك قانۇنىيىتى ئارقىلىق، پېرسوناژلار خاراكتېرىگە تامغا باستى، بەلكى، ھەقىقىي ئادەملەر خاراكتېرىنى يېشىپ، ئادەم پىسخىكىسىدىكى مۇرەككەپ بىر پىكىر جەريانىنى تەسۋىرلىدى. ئەلۋەتتە، جەمئىيىتىمىزدە تۇردى ھەسەندەك ئۆزىنى ھوقۇق، پۇل ئۈچۈن ئاتىۋەتكەنلەر ئاز بولمىسا كېرەك. ئەغزەم تۆرىدەك بايلار، قاۋۇزدەك «پۇل ھەممىگە قادىر» دەپ ياشايدىغان بايۋەچچىلەرمۇ ئۆز پىسخىك دۇنياسىدا سېپىل سوقۇپ ياشايدۇ، شۇ يولدا نۇرغۇن پەسكەشلىكلەرنى قىلالايدۇ. تۇردى نازىردەك كىشىلەر

ھوقۇق، پۇل ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىكى پەسكەشلىكلەرنى قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىنى سېتىۋېتەلەيدۇ، ئۇنىڭ سۆيگىنى تۇغلۇقنى ھەيدەپ چىقىرىپ، زەھەرلىك تىللار بىلەن ھاقارەتلەيدۇ. بۇنداق ئەسكىلىكلەر ئۇلارنىڭ چىرىپ كەتكەن روھىي دۇنياسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. چۈنكى، ئۇلاردا ھوقۇق، پۇل تەل. شۇڭا، ئۇلار دۇنيانى باشقىچە چۈشىنىدۇ. بىراق، بۇنداق رەزىللىك، پەسكەشلىك ھادىسىلىرىنى كۆتۈپ تۇرغىنى ھالاكەت يولى. چىن ھەقىقىي مېھىر- مۇھەببەت ئىگىلىرىنىڭ ئېرىشىدىغىنى گۈزەللىك ۋە ئىنسانىي سۆيگۈ.

« ـ ھەي، نېمانداق قېلىن نېمىسەن، ـ ھۆرپەيدى تۇردى ھەسەن.

ـــ سەن پاسكىنا قىلمىغان مېنىڭ داچام قالدىما ؟

ـــ قىزىڭىزدىن سوراڭ، نېمە قىلغىنىمنى ئۇ دەپ بېرىدۇ.

ـ پاھ، گېپىڭ يوغانغۇ سېنىڭ،- تۇردى ھەسەن تۇغلۇقنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى ـ دە، ئارقىدىن ياقىسىغا ئېسىلدى، نەئىمە ۋارقىرىغان پېتى يۈگۈرۈپ كەلگەندى، ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى، ـ قېنى گەپ قىلە؟ ئەجەپ بۇ داچىغا كۆنۈۋالدىڭا، سەن ئوغرى بولمىساڭ نېمە ئۈچۈن بۇ دەرۋازىدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيسەن ؟

ـ مەن بىر كۆمۈرچى، خېرىدارلىرىمنىڭ كۆمۈرىنى ھويلىلىرىغا ئەكىرىپ بېرىمەن، ـ تۇغلۇق ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتكەنىدى، ـ نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەم سىلى !...»[3] مانا بۇ ھەققانىيەت بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش. ھەققانىيەت ھامان ھوقۇق، پۇل ئالدىدا ئاجىز كېلىدۇ. تۇردى ھەسەن ھوقۇقى ۋە پۇلى بولغانلىقى تۈپەيلى كۆمۈرچى بالىنى ئۇرالايدۇ، تىللىيالايدۇ. كۆمۈرچى بالا ھاقارەتلەنگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ۋىجدانى، ئەخلاقى بىلەن ھەقىقەتنى ياقلايدۇ. كۆمۈرچى بالىنىڭ «زەڭگى» بولۇشىدا ئۇنىڭ ھالال ئەمگىكى، قەلبى يورۇقلىقى مەۋجۇت. ئۇنىڭ تۇرقى «زەڭگى» بولۇنى پەقەت ئىككى پېرسوناژنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكى بەلگىلەيدۇ. رەزىللىك ھامان بىر مەزگىل ئالىيجانابلىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ھەققانىيەت يولى بىر مەزگىل تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما، ئاخىرقى ھېسابتا ھەققانىيەتنىڭ يەنىلا رەزىللىك ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقى مۇقەررەر. ئاپتور مۇشۇ تەپسىلاتلار ئارقىلىق تۇردى ھەسەن خاراكتېرىدىكى رەزىل ماھىيەتنى ئاشكارىلايدۇ. ھوقۇق، پۇلدىن ئىبارەت رەزىل ماھىيەتنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق، بۈگۈنكى دەۋردىكى ھوقۇق، پۇل گىرەلەشكەن جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى يارقىن ئېچىپ بېرىدۇ. ئاپتور ئەسەر قەھرىمانىنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتا ھەرگىز سۈنئىي يول، توقۇلمىغا ياندىشماي، بەلكى، ئەسەر قەھرىمانىنىڭ ئۆز ھەرىكىتى، تىلى بىلەن ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق تەسۋىرلەپ كىتابخانىنىڭ پىسخىك دۇنياسىدا يارقىن ئوبرازنى يارىتالىغان. ئارىستوتىل «پوئېتىكا» دېگەن ئەسىرىدە، «تىراگېدىيە كەسكىن ۋە مۇكەممەل بولغان، مۇئەييەن ۋاقىت داۋاملىشىدىغان ھەرىكەت ئەندىزىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىسى تىل، ھەر خىل جەلپكار تاۋۇشلاردۇر. ئۇلار ئەسەرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىگە سىڭگەن بولىدۇ. تەقلىد ئۇسۇلى بولسا شەخسلەرنىڭ پائالىيىتىنى دوراشنى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ بايان قىلىش ئۇسۇلىنى ئىشلىتىش دېگەنلىك ئەمەس» دەيدۇ. ھەقىقەتەن شۇنداق، تۇردى ھەسەن خاراكتېرى يارىتىلىشتىنلا بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ھەرىكەتلىنىۋاتقان ھايات ئادەم. ئۇ رېئاللىقتىكى ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى كۆرسە كۆچۈكلىنىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەيدىغان، ئۆزىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسە گېدىيىپ، بېشى ئاسمانغا تاقىشىدىغان خاراكتېر ئىدى. تۇردى ھەسەننىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتا ھەرگىز ھەل بېرىلمىگەن. چۈنكى، ئۇ نازىر بولغىچە يۇقىرىدىكى ئۆزىدىن چوڭ ئەمەلدارلارغا قانچە قېتىملاپ پەسكەش يوللار بىلەن يالاقچىلىق قىلىپ سورۇن راسلىدى، پۇل شۇڭغۇتتى، مال ئەكىردى، ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلەرنىڭ مەرىدىن كەچتى، ۋىجدانىنى پۇلغا سېتىش يولى بىلەن ھوقۇققا ئېرىشتى. ئاپتور يارىتىۋاتقان مۇشۇ خىل تۇرمۇش پاكىتلىرى ھېچقاچان تۇرمۇشنىڭ ئاددىي بايانى بولماي، بەلكى، مەۋجۇت ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى، يەنى پۇل، ھوقۇق تاماسىدا ۋىجدان، ئەخلاق،

قانۇننى دەپسەندە قىلىۋاتقان بىر قىسىم دۆلەت مەمۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل قاراشنى ئەسەر ۋەقەلىكى ئاساسىدا تۇردى نازىرنىڭ روھىي دۇنياسىغا چۆكۈپ تەھلىل قىلساق، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پەسكەشلىك بىز ئويلىغان تۇرمۇش مەنتىقىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈش قىيىن بولمىسا كېرەك.

تۇردى نازىرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پەسكەشلىك ئۇنىڭ تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئايلانغانلىقى ئەسەردە مۇنداق تەپسىلاتلاردا روشەن كۆرۈلىدۇ : تۇردى نازىر ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن خالىئايىنىڭ ئېرى مەسئۇت ئىككىسىنىڭ بۇزۇقچىلىقىنى بىلىسىمۇ بىلمەسكە، كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدۇ. ۋىجدانى مۇشۇ خىل پەسكەشلىككە تەسەللىي بېرىدۇ، «ئېرىڭىزنىڭ ئايالىم بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىدىم، ئاڭلىدىم، ھەتتا كۆردۈم... ئۇنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا يەنە سولتىۋېتەلەيتتىم. لېكىن بۇ زىناخور ئادەم مەن ياخشى كۆرگەن، ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ھەقىقىي مۇھەببەتنى تونۇتقان بىر پەرىشتىنىڭ ئېرى ئىدى! شۇڭا، ئېرىڭىز ياغلىق ئارتىپ قويسا ئارتىپ يۈرۈۋەردىمكى سىزگە، سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا قارا سانىمىدىم...»[4] مانا بۇ تۇردى نازىرنىڭ روھىيىتىدىكى چىرىك، پاسكىنا ئەخلاق كىرىزىسى. ئۇ ئۆز ئايالىنى دەسمايە قىلىش بەدىلىگە خالىئايىنىڭ پاك قەلبىنى مەينەت قىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسقان ئىدى. بۇ پەسكەشلىكنىڭ قۇربانى ئۆزىنىڭ ئايالىلا بولماي بەلكى، خالىئايمۇ ئەشۇ پەسكەشلىكنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان ئىدى. خالىئايىنىڭ تۇرمۇش تىراگېدىيەسى پۇل، ھوقۇق، ئەخلاق كىرىزىسى مۇجەسسەملەنگەن رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى، شۇڭا، خالىئاي ئۆز ھاياتىدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوشۇلۇپ كېلىۋاتقان تۇرمۇشنىڭ رەڭگارەڭ چاقچاقلىرىنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلانغان بولۇپ، رېئاللىق ئۇنىڭغا ئاتا قىلىۋاتقان تەقدىر، تۇردى نازىرنىڭ قاباھەتلىك چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان مىدىرلىماس ھالەتتىكى ماشىنا ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئېرىگە چىش يېرىپ گەپ قىلمايدۇ، ئېرىنىڭ سىزغان سىزىقى بىلەن ماڭىدۇ. ئۇ قىزى نەئىمە ئۈچۈن قانچىلىك ئازاب چەكسىمۇ رازى. شۇڭا، تۇردى نازىر خالىئاينىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قەلبىنى ئازابلايدىغان ھەرقانداق سۆزلەرنى قىلالايدۇ. خالىئاي بۇنداق ئاچچىق ھاقارەتلەنگەندە پەقەت ئاجىز قارشىلىق بىلدۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

كۆمۈرچى بالا نازىر داچىسىدىن ھەيدەلگەندىن كېيىن، تۇردى نازىر غەزەپ بىلەن قورۇق ئېگىسى ئايازنى يامان تىللار بىلەن ھاقارەتلەيدۇ : «مەن سىزگە قانچىلاپ دېدىم، مۇشۇ ئاياز دېگەن نان قېپىنى ھەيدەۋېتەيلى دەپ... ــ تۇردى ھەسەن ھۇجۇمنى نەئىمەدىن باشلاشنى خالىمىدى، ــ مانا داچىغا ئات ـ ئېشەك، ئىت ـ مۈشۈك كىرسىمۇ ھېچكىمنىڭ چاتىقى يوق! »[5].

تۇردى ھەسەننىڭ بۇ ھەيۋىسى، ئۇنىڭ كۆمۈرچى بالىنى تىللىشى، قوغلىشى، ئايالى ئەمدىلا قازا قىلغان ئايازنى تىللىشى ئەسلى «قىزى» غا (نەئىمەگە) كۆيۈنگەنلىكى ياكى ئۆزىنىڭ قورۇقىنى قوغداش ئۈچۈن بولماي، بەلكى ئۇنىڭ ھوقۇق، تىللا دەرىخى بولغان نەئىمەنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا، خالىئاي نازىرنىڭ بۇ خىل قارا نىيىتىنى بىلىدۇ. ئەمما، ئاكتىپ قارشىلىق قىلالمايدۇ. بۇ ئاياللاردىكى ئەجەللىك ئاجىزلىق. خالىئايمۇ مۇشۇ خىل پىسخىك نۇقتىدا تۇرمۇشقا ياندىشىدۇ. «ئەپەندىم، ــ خالىئاي بادام قاپاقلىرىنى لەپپىدە كۆتۈردى، ــ گەپلىرىڭىز ئېنىقراق بولسۇن... ئۇ ئادەم ھازىر قەدىنىسىنىڭ تۇپراق بېشىدا ياش تۆكۈپ ئولتۇرغاندۇ»[6].

« ــ نېمە دېگىنىڭىز بۇ، بىراۋنى ئورۇنسىز ئەيىبلىسىڭىز بولامدۇ ؟ ــ ئوغرى، بۇلاڭچى، بۇزۇق ئەبلەخ دېگەن گەپ خالىئايىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەنىدى، ــ ئۆزىڭىز كۆردىڭىزغۇ، ئۇ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئارانلا ئېلىپ كېتىۋاتقان ياۋاش ـ يۇمشاق كۆمۈرچى بالىغۇ!»[7].

مانا بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇنلىغان ئاياللارغا ئوخشاش خالىئايىنىڭ ئاجىز قارشىلىقى. ئۇ قانچىلىك قارشىلىق قىلسىمۇ پۇل، ھوقۇق ئىگىلىرىنىڭ ئالدىدا بەرىبىر ئەمەلگە ئاشمايدىغان قارشىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ قارشىلىقى ھاياتنى ئەخلاق نۇقتىسىدىن

چۈشەندۈرۈشلا خالاس. خالىئاينىڭ بۇ قارشىلىقى بەختى قارا قىزى نەئىمەنى قوغداش ئۈچۈنلا. شۇنىڭ ئۈچۈن خالىئاي تۇردى نازىرغا غەزەپلىك سۆزلەرنى قىلالمايدۇ.

خالىئاي، نەئىمە قاتارلىق خاراكتېرلار ئەسەردە پۇل، ھوقۇق تەرىپىدىن دەپسەندە بولۇۋاتقان، ئۆز ئەركىنلىكىنى يوقاتقان ئاياللارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى سۈپىتىدە ئەسەر باش قەھرىمانىغا ياندىشىدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى رېئال ھايات ئاپتورنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىكى ئۆزى كۆرگەن، بىلگەن ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ يىغىندىسى. تۇردى ھەسەننىڭ پاجىئەسى، خالىئاينىڭ، نەئىمەنىڭ تىراگېدىيەسى، كۆمۈرچى بالىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى رېئال تۇرمۇشنىڭ كارتىنىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور تۇردى نازىر، خالىئاي، نەئىمە، كۆمۈرچى بالا، ئەغزەم تۆرە، قاۋۇز قاتارلىق سەلبىي ۋە ئىجابىي قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنى يارىتىشتا، مىللىي تۇرمۇش بىرلىكىمىزدىن ئۆرنەك ئېلىپ، تۇرمۇش قارىشىمىز، دۇنيا قارىشىمىزنى قىلچە مۇبالىغىلەشتۈرمەي، مىللىي ئاڭ، مىللىي ئەخلاق، مىللىي پىسخىك ھېسسىياتلىرىمىزغىچە نۇقسانسىز سىزىپ چىققان. بۇ نۇقتىدا بىز ئەسەردىكى يەنە بىر خاراكتېر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزسەك. تۇغلۇق ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ھالال ياشايدىغان، مەردلىك، ئەرلىك غۇرۇرىنى قولدىن بەرمەيدىغان، مىللىي روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان دېھقان يىگىت. ئۇ ئەسلى تۇردى نازىرنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان ئوغلى. ئۇ تۇغۇلۇپ ئاتا ــ ئانىسىنىڭ تەربىيەسىنى كۆرمەيلا چوڭ بولغان. ئانىسى تۇغلۇق تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۆلۈۋالغان. ئاتالمىش دادىسى تۇغلۇق تۇغۇلۇپ بولغىچە كەتكەن پېتى قايتا كەلمىگەن. تۇغلۇق بوۋىسىنىڭ تەربىيەسى ئاستىدا چوڭ بولغان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىلا ئوقۇيالىغان. ئەمما، دېھقانلارنىڭ ھالال ياشاشتىن ئىبارەت مىللىي ئېڭى، تەربىيەسى ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. شۇڭا، ئۇ ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەشتە ھېچقاچان باشقىلارغا بويسۇنغان ئەمەس. ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق كۆمۈر سېتىپ كۈن كەچۈرىدىغان، پاك ياشايدىغان دېھقان ئوغلى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى پاك، كىرسىز. باشقىلارغا قىلچە يامانلىق ئويلىمايدۇ، ئۇ تۇردى نازىر تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەندىمۇ، قىلچە يامانلىق ئويلىغان ئەمەس. ئەمما، ئۇ نەئىمەنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولالىدى، ئۇ نەئىمەنى سۆيدى، ئۇنىڭغا بارلىقىنى ئاتىدى، ئەمما، دۇنيادا ئەڭ ئالىي ھېسابلىنىدىغان مۇھەببەتمۇ تۇغلۇققا كۈلۈپ باقمىدى. ئۇنىڭ شەھەرلىك قىز ــ تۇردى نازىرنىڭ ئۆگەي قىزىنى ياخشى كۆرۈشى، قىزنىڭ بارلىق پاجىئەلىرىنىڭ باشلانغانلىقى ئىدى.

«ــ خۇددى كەشتە ئۈستىگە گۈل قوندۇرغاندەك قارا ئۈستىگە قارا سۇۋاپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز، قاراڭ بۇنىڭغا، ــ نەئىمە يانچۇقىدىن كىچىككىنە يۇملاق ئەينىكىنى چىقىرىپ بېرىۋېدى، يىگىت قولىنىڭ قارلىقىنى كۆرسىتىپ ئالغىلى ئۇنىمىدى، شۇڭا، نەئىمە ئەينەكنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىن تۇتۇپ بەرگەن ئىدى، ئۇمۇ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ساددا ھەم سەممىي ئىدى.... راستىنلا قىزلار ئاشىق بولۇپ قالغىدەك ‹چىرايلىق› بولۇپ كېتىپتىمەن ئەمەسمۇ....»

ــ ئەمسە مېنى كۆرۈپلا قەستەن سۇۋاپسىز-دە؟...»[8]

مانا بۇ تۇغلۇق بىلەن نەئىمەنىڭ قەلب دۇنياسىدىن پارلاپ چىققان سۆيگۈ ئىزھارى. نەئىمە پۇلدار ئائىلىنىڭ قىزى، چوڭ ئەمەلدارنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى. چوڭ شەھەردە چوڭ بولغان. ئەمما، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇرغىنى يەنىلا ئۇيغۇر قىزلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك مىللىي روھىيەت، ساددىلىق، پاكلىق. ئۇ تۇغلۇقنى «ئۇ دېھقان، قارا كۆمۈرچى بالا» دەپ قارىماي، تۇغلۇقنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۇيغۇر ئەرلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك مىللىي روھنى كۆردى. تۇغلۇقنى ياخشى كۆردى، تۇغلۇق نەئىمەنىڭ قەلب دۇنياسىغا سىڭىپ كىردى. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر قىزلىرى تۇغلۇقتەك ساپ قەلب، شىر يۈرەك يىگىتلەرنى سۆيىدۇ.

«ــ ئۆزۈم بىر كۆمۈرچى تۇرۇقلۇق، سىزدەك چىرايلىق، بىلىملىك بىر قىزغا بەزى قوپال گەپلەرنى قىلىۋېرىپتىمەن، تېخى ئۆزۈمنى چاغلىماي شېئىر ئوقۇپ كەتكىنىمنى كۆرۈڭ.

ــ ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، سىز بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىردەم گەپلىشىپ كۆڭلۈم ئېچىلىپلا قالدى ... مەن ئاشۇنداق ئوسما قويمىغان گەپلەرگە ئامراق. نەئىمە چىن دىلىدىن يىگىتكە قىزىقسىنىپ قالغانىدى، — كېلىڭ دوست بولۇپ قالايلى !...»[9]

مانا بۇ نەئىمە ئىزدەيدىغان ئۇيغۇر يىگىتى، ئەمما، دادىسى تۇردى نازىرنىڭ قەلب دۇنياسىدا تۇغلۇق بىر كۆمۈرچى زەڭگى، شۇڭا، ئۇ كۆمۈرچى بىلەن نەئىمەنىڭ سۆھبىتىدىن نارازى بولىدۇ، ئۇنىڭچە بولغاندا، نەئىمە دۆلەت كادىرى، پۇلدار، رېستوران دىرېكتورى بىلەن سۆھبەتلىشىشى كېرەك. ئۇنىڭ دۇنياسىدا كۆمۈرچى بالا ھەرگىز مەۋجۇت بولماسلىقى كېرەك. تۇردى نازىر «مۇھەببەت» ئۈستىدە ئويلانغان ئادەم ئەمەس. ئۇ نەئىمەنى «پۇل تېپىشنىڭ قورالى» دەپ قارايدۇ. شۇڭا، نەئىمەنىڭ مۇھەببەت ئىستەكلىرىگە قەتئىي قارشى.

« — نەگە بارسىز؟ — تۇردى ھەسەننىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى.

— ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغىلى!...

— بىر زەڭگى دېۋاندىنما !؟...

— سىزنىڭ نەزەرىڭىزدە دىۋانە بولسا، مېنىڭ نەزەرىمدە ئۇ بىر ئادەم! بىلەمسىز، ئۇ كۆچىنى خار قىلىپ ئۆزىنى خار قىلمىغان غۇرۇرلۇق ئادەم!»[10]

دەل شۇنداق. تۇغلۇق ھالال ياشايدىغان، ئۇيغۇر ياشلىرىدىكى ئەخلاق مىزانى بويىچە ئۆلچىنىدىغان ياشلارنىڭ بىرى. ئۇ مەھەللىدە ياشلار ئارىسىدا ئەتىۋارلىنىدىغان، ئەقىللىق، ساپ دىللىق، تۇرمۇشقا ئۈمىد بىلەن قارايدىغان قەلب ئىگىسى. شۇڭا، ئۇ ئۆز كۆچىنى خار قىلىپ ياشاشنى خالايدۇكى، ھەرگىز يۈز - ئابرۇيىنى خار قىلمايدۇ. ھالال ياشاشنى نىشان قىلغان قەلب ئىگىسى. ئۇ تۇردى نازىرنىڭ داچىسىدىن قوغلانغان بولسىمۇ، ھەرگىز ئۆزىنىڭ ياشاش يولىنى ئۆزگەرتمىدى. يەنىلا ساپ دىل بىلەن ياشاش نىشانىدا بولدى. قەلبى ئازابلانغان، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا نەئىمەنىڭ قەلب دۇنياسىدىن ھەقىقىي يىگىتلىكى بىلەن ئورۇن ئالدى. شۇڭا، تۇغلۇق تۇردى نازىر ئالدىدا، نەئىمە ئالدىدا ھەقىقىي ئەركەك سۈپىتىدە نامايان بولدى. تۇغلۇق نەئىمەنىڭ قەلبىدە ھەقىقىي ئەركەك. ئۇ كۆمۈرچى بالا بولسىمۇ زېرەك، خۇشپېئىل. قىسقىسى، شەھەر باللىرىغا ئوخشىمايدىغان خىسلەتلىك بالا. تۇردى نازىرنىڭ نەزىرىدە ئۇ بىر بۇلاڭچى، قاراقچى. شۇڭا، تۇغلۇق ئۇنىڭ داچىسىدىن قوغلانغان. ئەمما، تۇغلۇقنىڭ روھى ئۇ داچىدا، نەئىمەنىڭ قەلبىدە ھەقىقىي ئەركەك سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان.

تۇغلۇق ۋەقەسىدىن كېيىن تۇردى نازىر باشقىچە ئويدا بولىدى. چۈنكى ئۇ نەئىمە ئارقىلىق چىرىكلەشكەن سودىگەر ئەغزەم تۆرە بىلەن قاۋۇزلاردىن كېلىدىغان ئالتۇن، بايلىقلارنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدى. شۇڭا، ئۇ كۆمۈرچى بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بايلىق تويلاش يولىدىكى پۇتلىكاشاڭ ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ھاياتىدىكى ئەڭ ئېپلاس پىلانلىرىنى تۈزۈپ، تۇغلۇقنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشنى پىلانلىدى. شۇڭا، تۇردى نازىر تۇغلۇق بىلەن نەئىمە توغرىلىق ئوچۇق-ئاشكارا سۆزلىشىپ، تۇغلۇقنىڭ نەئىمەگە بولغان مۇھەببىتىنى سېتىۋالماقچى بولىدى. ئەكسىچە، مۇھەببەتكە سادىق تۇغلۇق ئەخلاق ۋىجدان جەھەتتىن تۇردى نازىرنى يېڭىپ چۈشتى. بۇ تۇردى نازىرنىڭ بىر كۆمۈرچى بالا ئالدىدا ئەخلاق، ۋىجدان، مۇھەببەت قاتارلىق ئىنسانىي بۇرچ ئالدىدا مەغلۇپ بولغانلىقى ئىدى.

تۇردى ھەسەن ئەمدى ھەقىقىي مەقسىتىنى ئاشكارىلىدى. بۇ ئۇنىڭ قارا نىيىتىنىڭ ئاخىرقى كوزۇرى ئىدى. «... نېمە دېسەڭ دېگىنە، قېنى نەچچە پۇل ئالىسەن ؟

— مەن ھېچ چۈشىنەلمىدىم. تۇغلۇق راستتىنلا چۈشىنەلمەي قالغان ئىدى. — ماڭا... ماڭا نېمە ئۈچۈن پۇل بەرمەكچى بولۇپ قالدىلا؟ ئارىمىزدا ھېچقانداق پۇل ئېلىم — بېرىم بولمىغان تۇرسا.

— راست چۈشىنەلمىدىڭمۇ ياكى خۇپسەنلىك قىلىۋاتامسەن ؟

— راستتىنلا ئۇقالمىدىم...

— ئەمسە قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا. تۇردى ھەسەننىڭ كۆزلىرى ئالايدى، — مەن ساڭا ئون مىڭنى، بوپتۇ، ئون بەش مىڭنى بېرەي. بىرلا شەرت نەئىمەدىن ئۈمىدىڭنى ئۈزۈل - كېسىل ئۈزىسەن!...»[11]. كۆمۈرچى بالىنىڭ كۆزىگە

مۇھەببەتنى پۇلغا سېتىۋېلىشنى «كەسىپ» قىلىۋالغان بۇ كىشى نازىر، ئاۋام ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بىر ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ئەمەس، بەلكى، ئۇ بىر ئىپلاس، چىرىك مەخلۇق سۈپىتىدە كۆرۈندى. مانا مۇشۇنداق پەسكەش پىسخىك ھالەت كىشىلەرنىڭ قەلب دۇنياسىنى پاكلاش رولىنىمۇ ئوينايدۇ ئەلۋەتتە.

ــ ئەگەر مەن ئۇنداق قىلالمىسامچۇ؟

ــ نېمە؟ پۇلنى ئاز كۆرۈۋاتامسەن؟

ــ سىلى پۇلنى شۇنچە چوڭ بىلەملا؟[12]

تۇغلۇقنىڭ قەلب ئېكرانىدا ئەكس ئېتىۋاتقان غەزەپ، نازىر ئالدىدا ئۇنى ھاياتىكى باشقىچە ئادەمگە ئايلاندۇردى. ۋاھالەنكى، ئىنسان روھىغا، ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا بىۋاستە تەسىر قىلىدىغان، شەخسنىڭ غايە ۋە ئەقىدىسىگە تاقىلىدىغان ھەرقانداق ئىش، ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىدا قارشىلىق قوزغىماي قويمايدۇ. ھەم كىشىنىڭ قەلب دۇنياسىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش ياسىيالايدۇ. ھەرقانداق ئادالەتسىزلىك، خورلۇق كىشى قەلبىدە، سۆيگۈنىي ئېقىنلاردىن دولقۇن ياساپ، قەلب دۇنياسىنى يۇيۇپ، ئۇنى ھەقىقىي ئادەم، ئەسلى ئادەم تەبىئىتىگە قايتۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، يېڭى ئادەمدە يېڭىچە ئىنسانىي غۇرۇر بىلەن كۈچلۈك ھاياتىي بۇرچ پەيدا قىلىدۇ. تۇغلۇق تۇردى نازىر ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەقىل-ئىدراكى، ساپ ۋىجدانى بىلەن ياشاۋاتقان ئاجايىپ غايىلىك، غۇرۇرلۇق، ئادەم بولۇپ كۆرۈندى. دەل مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تۇغلۇق شۇنداق روھىي ھالەتنى، يەنى مەنىۋىي جەھەتتىكى ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ماھىيەتلىك بۇرۇلۇش ياساپ، ئۆزىنىڭ خېلىلا پىشقان، ھاياتقا توغرا قارايدىغان خاركتېرىنى، ئەرلىك ھېسسىياتتا ياشايدىغان قەلب دۇنياسىنى ئاشكارىلىدى. بۇ ئىككى خاراكتېرنىڭ تېز سىزمىسى كىتابخانغا شۇنچىلىك تەبىئىي، رېئال شەخسلەردەك كۆرۈنىدۇ. ئىككى خىل پېرسوناژ ئوبرازىنى، ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇش بىرلىكىمىز ئاستىدا ياشاۋاتقان، بوياقسىز ھايات دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىنىپ، رېئاللىقنى ئاساس قىلىپ، يارىتىلغان شەخسلەر خاراكتېرى. شۇڭا، كىتابخان قەلبىدە ئاجايىپ ئېسىل ھېسلارنى پەيدا قىلالايدۇ. ئاپتور قەلىمى ئاستىدا تۇردى نازىر خاراكتېرىدىكى يەنە بىر خىل ئۆزگىرىش، ئۇنىڭ نازىرلىقتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىنكى پىسخىك ھالىتى. ئۇنىڭ نازىرلىقتىن قالدۇرۇلۇشى، ئۇنىڭ روھىيىتىدىكى چۈشكۈنلۈك، زەئىپلىك، رەزىللىك، ھاياتتىن ئۈمىدسىزلىنىش قاتارلىقلار ئىنساندا بولىدىغان بارلىق ئەمەلىي پىسخىك ھالەت. تۇردى نازىر چۈشىنەلمەي نازىرلىقتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا كەسكىن كۈرەش بولۇپ، نازىرلىق كىبىرى بىلەن «ئالەم مېنىڭ» دەپ ياشاپ يۈرگەن دەۋرلىرىدە قىلالمىغان نۇرغۇن ئىشلىرىنى تولۇقلاپ قىلىش ئۈچۈن ئالدىرايدۇ. ئاتا-بالا ئەغزەم تۆرە، قاۋۇز قاتارلىق قەلبى كاردىن چىققان، پەسكەش پۇلدارلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە كەم قالغان ئورۇنلارنى تولۇقلاش، تۇغلۇقنىڭ ئەدىپىنى بېرىش، ئەڭ ئاخىرقى كوزىرى نەئىمە ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان نىشانلىرىنىڭ ھەممىسىگە يېتىش ئۈچۈن ئالدىرايدۇ.

«ئۆرۈمچىدىن پالتا ــ كەكىسىنى قاقتۇرۇپ يېنىپ كەلگەن تۇردى ھەسەن داچىغا كېلىپلا خالىئاي بىلەن ‹سەن- پەن› دېيىشىپ قالدى. نېمە كەلگۈلۈك، قانداق تارتقۇلۇق بۇ؟ پېشانىسىدىكى چاققانغىنە نازىرلىق تاجىسىدىن ئەيمىنىپ كىرگىلى بولمايدىغان سۈرلۈك ئىشخانىسىدىن، ئەمەل ئورۇندۇقىدىن، ئەڭ ئېچىنىشلىقى بىر قەدەم ئۇيان، بىر قەدەم بۇيان پىيادە ماڭغۇزمايدىغان قۇلىقى يۇمشاق ماشىنىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، خۇددى بېشى ئۈزۈلگەن يىلاندەك بولۇپ قالغان. تۇردى ھەسەن ئەمدى كىشىلەر ئالدىدا، بولۇپمۇ ئەغزەم تۆرىدەك كۆندەشلىرىنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرەر...»[13].

ھايات شۇنداق رەھىمسىز. ئۇ «ئوڭ قولى بىلەن مەڭزىڭنى سىلىسا، سول قولى بىلەن كاچىتىڭغا ئۇرىدۇ». بۇ ھەقىقەت، نازىر ئەمەلدىن چۈشكەندىن كېيىن ھېچكىم ئۇنىڭ ئەمەلدارلىق كىبىرىگە باقمىدى، ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقمىدى. ئەكسىچە بۇرۇن ئۇنى «ۋاي» دەپ ئۆتكەنلەر ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن قاچتى. مانا بۇ ھەقىقىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى. ئاپتور تۇردى نازىر ئوبرازىنى باشتىن ــ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاخىر تۇرمۇشتىكى ئىككى خىل ئىجتىمائىي شارائىتنى ئىككى خىل ئىدىيەۋى خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى تەسۋىرلەش ئاساسىدا گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ھايات يولىدىكى ماھىيەتلىك زىددىيەتلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق خاراكتېر ئۆزگىرىشىنى چىنلىققا ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خاراكتېرىدىكى ئىككى خىل زىددىيەت توقۇنۇشى ئارقىلىق تۇردى نازىرنى رېئال ئادەم قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ تۇيغۇ ـ تەسىراتلىرى، كەچۈرمىشلىرى ئۆزى ياشاپ ئۆتكەن، ھەرىكەت قىلغان دەۋر روھى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئاپتور ئۆز قەھرىمانى تۇردى ھەسەن خاراكتېرىنى يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل ھايات سەرگۈزەشتىسى بىلەن ئىككى خىل خاراكتېرىنىڭ راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ تەسىرىدە يارىتىدۇ. «كۆمۈرچى بالا» رومانىدىكى پېرسوناژلار خاراكتېرى رېئاللىقنىڭ ئادەتتىكى يەكۈنى ۋە ھاياتنىڭ ئاددىي تەسۋىرى ئەمەس. بەلكى، ھايات چوڭقۇرلۇقىنى تەھلىل قىلىپ، خاراكتېر ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئۆزىگە خاس پەلسەپەۋى مۇرەككەپلىكتە ئېچىپ بېرىپ كىتابخاندا ئۆزگىچە تەسىرات پەيدا قىلغان.

تۇردى نازىرنىڭ خاراكتېرىدىكى ئىككى خىل ئۆزگىرىش ئۇنىڭ تۇرمۇش ئىزچىللىقىدىن ھەرگىز ئايرىلالمايدۇ. ئۇ نازىر دەۋرىدە قولى ھەممىگە يېتەتتى. خالىغىنى «يۇلاپ» ئالالىدى، ئەغزىم تۆرە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن پىرقىراپ كېتەلمىدى، ئايازلارنىڭ يەرلىرىنى مەجبۇرىي تارتىپ ئالالىدى، تۇغلۇقنى كاچاتلاپ قوغلىيالىدى. ئۇنىڭ ھوقۇقى ۋە پۇلى بار ئىدى. ئۇ نازىرلىقتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق مەئىشەتلەر ئۇنىڭدىن يىراقلاپ، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالدى. مانا بۇ ئاپتور تەسۋىرلىگەن ھەقىقىي ھايات ئەمەلىيىتى. بۇ ئىككى خىل تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى تۇردى نازىرنىڭ خاراكتېر ئىزچىللىقىدىن قىلچە ھالقىپ كەتكەن ئەمەس. بۇ خاراكتېر تۇرمۇش مەنتىقىسىنىڭ ئۆزى، يەنى ئاپتورنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، رېئاللىقنىڭ ئۆزى ئىدى.

تۇردى ھەسەن ئەمەلدىن چۈشكەندىن كېيىن، ھەممە باشقىچە ئۆزگىرىش ياسىغان. ئۇ ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنى يوق ئەلۋەتتە. ئۇ ياشىشى كېرەك. ئۇنىڭ ياشاش ئۈمىدىنى كېپىللىككە ئىگە قىلىدىغان بىردىنبىر كوزۇرى قىزى نەئىمە. ئۇ قىزىنى پۇل ئۈچۈن بارلىقىنى ھەتتا ھاياتىنى ساتىدىغان ئاتا ـ بالا سودىگەر ئەغزىم تۆرە ۋە قاۋۇزلارغا «سوۋغا» قىلىش بەدىلىگە ياشاشنى راۋا كۆرگەن. ئەمما، بۇ يولدا بىرلا پۇتلىكاشاڭ بار، ئۇ بولسىمۇ تۇغلۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇغلۇقنى قاۋۇزنىڭ قولى بىلەن يوقىتىپ بۇ مەقسەتكە يەتمەكچى بولدى.

«مېنىڭچە، تۇغلۇقنى ئۆلتۈرۈپ، ــ دېدى تۇردى ھەسەن پەس ئاۋازدا، ــ دەريا ئەتراپىغا كۆمۈۋېتىڭلار، باغلاپ دەرياغا تاشلىغان بىلەن بەرىبىر سۇ جەسەتنى قىرغاققا چىقىرىۋېتىدىكەن»[14].

دەل شۇنداق بولدى. تۇردى ھەسەننىڭ قاتمۇقات تۇزاقلىرىنىڭ بىرىگە چۈشكەن تۇغلۇق بىلەن نەئىمە ئاخىرى تۇردى ھەسەن، قاۋۇزلار تەرىپىدىن قەتلە قىلىنىپ، ھايات بىلەن خوشلاشتى. تۇردى ھەسەننىڭ جىنايەتلىك قولى ئاخىرى ئۆز ئوغلى، ئۆز قىزىنىڭ قانلىق تەقدىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان جاللات «ئاتىغا» ئايلاندى. مانا بۇ ئەسەردىكى تىراگېدىيەنىڭ ئەڭ كەسكىن كۆرۈنۈشى. «ــ بالام تۇغلۇق، ــ دېدى ئەمرۇللا بوۋاي ياشلىرىنى سۈرتمەي.- ئۇ... ئۇ سېنىڭ داداڭ بولىدۇ، بالام... ئۆز داداڭ!

ــ دادا، كۆزلىرى ئېلىشىپ تۇرغان تۇغلۇق بوۋايغا تەلمۈردى، ــ دادا، سېنىڭدىن باشقا دادام يوق...

ئاتا دېگەن شۇنداق ئۇلۇغ. گەرچە نازىر داداڭ ئۇلۇغلۇقنى يەتكۈزەلمىگەن بولسىمۇ...

ــ دادا! ئۇ... ئۇ ئادەم... نەئىمە ئىككىمىزنىڭ قاتىلى تۇرسا...

ــ توغرا دېيىسەن بالام، لېكىن، سېنىڭ تومۇرلىرىڭدا ئېقىۋاتقىنى ئاشۇ قاتىلنىڭ يۈرەك قېنى!... شۇڭا، ئۇ بەرىبىر ئاتا...

كۆزلىرىنى ئارانلا ئاچقان تۇغلۇق بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆتۈردى ـ دە، تولىمۇ زەئىپ ئىڭرىدى :

ــ دادا !...

ــ ھە، مەن... مەن... مەن... ــ تۇردى ھەسەن ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

ــ مەن بالام... مەن سېنىڭ ئەسكى داداڭ... ئۆمرىدە

ئەمەل بىلەن پۈلدىن باشقىنى تونۇمايدىغان داداڭ!»[15].

تۇردى نازىر بىر قوللۇق لايىھەلەپ چىققان ھايات پاجىئەسى ئارقىلىق ئەسەردىكى نەئىمە، تۇغلۇق قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ تىراگېدىيەسى ئەسەرنىڭ تىراگېدىيەلىك قىممىتى — تۇرمۇش توقۇنۇشلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتتى. ئاپتور سۇرەتلىمەكچى بولغان ھايات ئەمەلىيىتىمۇ شۇ ئىدى. ئەمما، ئاپتورنىڭ دۇنيا قارىشىدا تىراگېدىيە پەقەتلا ئۆلۈم بولماي، بىر قىيتمىلىق كۈلكىمۇ تۇرمۇشتىكى تىراگېدىيەدۇر. خالىئىنىڭ ھايات قىلىشى، ئاياز بىلەن قوشۇلۇشى كىتابخانلارنى ھايات ئۈستىدە ئويلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئاپتور ئەسەر قەھرىمانىنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشتا ئىنچىكە ۋە نازۇك تەپسىلاتلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭ زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار مۇھىتىدىكى مەنىۋى ھالىتىنى، روھىي تەسۋىرىنى سۈرەتلەپ، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ، ئىچكى دۇنياسىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئىجتىمائىي ئاساستا ئىگە قىلالىغان. تۇردى نازىرنىڭ ھوقۇق، پۇلپەرەسلىكى، تۇغلۇقنىڭ ئۇچۇق سۆز دېھقان خاراكتېرى، شۇنداقلا پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ئاددىي تۇرمۇش پاكىتلىرى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەنلىكى جالالىدىن بەھرام ئىجادىيىتىدىكى بىر ئۇتۇق.

ئومۇمەن، ئاپتور ئەسەردە باشتىن - ئاخىر ھەرقايسى پېرسوناژلارنىڭ ياشاش مۇھىتى ئاساسىدا ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئاساسەن ماس قەدەملىك ھەرىكەت ئەندىزىسىنى سىزىپ چىققان. شۇڭا، ئەسەر ئۇيغۇر رومانچىلىقىدا ياخشى چىققان بىر — تىراگېدىيەلىك ئەسەر!

## ئىزاھلار

[1] جالالىدىن بەھرام : «كۆمۈرچى بالا» (29-بەت).
[2] جالالىدىن بەھرام: «كۆمۈرچى بالا» (155-156-بەت).
[3] جالالىدىن بەھرام: «كۆمۈرچى بالا» (124-بەت).
[4] جالالىدىن بەھرام: «كۆمۈرچى بالا» (178-179-بەت).
[5][6][7] جالالىدىن: بەھرام «كۆمۈرچى بالا» (126-بەت).
[8] جالالىدىن بەھرام: «كۆمۈرچى بالا» (58-بەت).
[9] جالالىدىن بەھرام: «كۆمۈرچى بالا» ( 61-بەت ).
[10] جالالىدىن بەھرام: «كۆمۈرچى بالا» (64-بەت).
[11][12] جالالىدىن بەھرام: «كۆمۈرچى بالا» ( 265-بەت ).
[13] جالالىدىن بەھرام: «كۆمۈرچى بالا» ( 299-بەت ).
[14] جالالىدىن بەھرام: «كۆمۈرچى بالا» ( 441-بەت ).
[15] جالالىدىن بەھرام: «كۆمۈرچى بالا» ( 465-466- بەت).

## پايدىلانمىلار


1. ئارستوتېل «پوئېتىكا» (لو نىيەنشىڭ تەرجىمىسى)، خەلق نەشرىياتى، 1962-يىلى نەشرى، 19-بەت (خەنزۇچە).
2. «ماركس، ئېنگېلس سەنئەت ھەققىدە»1- توم، 41-بەت (خەنزۇچە).


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن

www.uyghurkitap.com

32 ـ يىللىق 4 ـ سان　　شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)　　第 32 卷第 4 期
2011 ـ يىلى 12 ـ ئاي　　新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)　　2011 年 12 月

ماقالە نومۇرى: 11 ـ 092 ـ 04 (2011) 5878 ـ 1005

# تېيىپجان ئېلىيوف شېئىرلىرىدىكى فولكلورلۇق خۇسۇسىيەتلەر توغرىسىدا*

## مۇختەر سوپۇرگى

(خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى تولۇقسىز مائارىپ فاكۇلتېتى، خوتەن. 848000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىللىك شائىرنىڭ بىرى ـ تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدىكى فولكلورلۇق ئامىللار، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىنىڭ شائىرنىڭ شېئىرلىرىغا سىڭىشىشى، ئۇيغۇر ئەل ئىچى ئېتىقادچىلىقىنىڭ شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلىنىشى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ شائىرنىڭ شېئىرلىرىغا سىڭىشىشى، ئېتىكا، شەرم ـ ھايا ۋە باشقا ئادەتلەرنىڭ شائىرنىڭ شېئىرلىرىغا سىڭىشىشىدىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي نۇقتىدىن چىقىش قىلىپ بايان قىلىنغان.

**摘要：**本文着重论述维吾尔当代文学著名诗人之一铁依甫江·艾里尤夫诗歌创作中被运用的维吾尔民间民俗成分。论文从四大角度阐述主体：一、诗人诗歌创作中维吾尔谚语的运用。二、维吾尔民间信奉在诗人诗歌中的表现。三、诗人诗歌中被描写的维吾尔传统生活、习俗、礼仪等民俗现象。四、诗人诗歌中的伦理道德及其习惯表现。

**Abstract:** In this paper, the author elaborates on the usage of Uygur folk custom elements in the poetry of Tiyipjan. Iliyof, a well-known poet of the Uyghur contemporary literature. The author expounds the main parts from four perspectives: firstly, the usage of Uighur proverbs in Tiyipjan. Iliyof's poetry; secondly, the manifestation of Uyghur folk believe in his poetry; thirdly, the descriptions of Uyghur traditional life , customs , rituals and other folk phenomenon in his poetry; lastly, the manifestation of ethic and habits in his poetry.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I29　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

تېيىپجان ئېلىيوف (1930 ـ 1989) ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىدىكى مۇھىم ۋەكىللەرنىڭ بىرى.

تېيىپجان ئېلىيوف مىجەزىدىكى ئوچۇقلۇق ۋە يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەت، شېئىرىيەت ساھەسىدىكى يۇقىرى ئابرۇيى، ئەل ئىچىدىكى شۆھرەت ـ ئىناۋىتى ئارقىلىق، مىللەت ئىچىدە ھەممىگە تونۇشلۇق جامائەت ئەربابىغا ئايلىنىش بىلەن بىرگە، نام ـ ئاتاق جەھەتتىن ئاللىقاچان مىللەتتىن ھالقىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە تونۇلغان گىگانت شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى تىل جەھەتتىن كەڭ ئاۋام خەلق تىلىنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىپادىلەش قورالى قىلغانلىقى بىلەن كىشىلەر كۆڭلىگە يېقىن تۇرغان بولسا، ئۆز ھېسسىياتىدىن ئۆرلەپ چىققان يۇمۇرىستىك ئېلېمېنتلارنى ئۆزىدە جىلۋىلەندۈرۈش ئارقىلىق زوقمەنلىرىگە ئوزۇق، ئازادىلىك بېغىشلىيالىدى.

شائىر ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە مۇنتىزىم دىنىي مەكتەپ تەربىيەسى ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان. ئۇنىڭ ئاتىسى زاكىر خەلپەم ئۆز يۇرتىدا بىر مەسچىتنىڭ ئىمامى، يەنە كېلىپ خېلى يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە مۆتىۋەر كىشى بولغاچقا، ئوغلى تېيىپجاننى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇتۇپ، مۇكەممەل قۇرئان ساۋاتىنى چىقارغان. تېيىپجان باللىق ۋاقىتلىرىدا دىنىي تەربىيە ئېلىش بىلەن بىللە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، نۇرغۇن

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 10- ئاينىڭ 27-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** مۇختەر سوپۇرگى(1963 ـ يىلى 3 ـئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

خەلق قوشاقلىرىنى ياد ئالغان، خەلق ماقال - تەمسىللىرى، خەلق چۆچەك - رىۋايەتلىرى ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بىلەن بىر قەدەر پىششىق تونۇشقان. دېمەك، دادىسىغا ئەگىشىپ تۇرلۇك دىنىي سورۇنلارغا ۋە مەھەللىۋى قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش ئۇنى مول بولغان تىل بايلىقى ۋە بەلگىلىك ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىنى پىششىق ئىگىلىشىگە پۇختا ئاساس سالغان. شائىردىكى بۇ ئالاھىدە ئۇستۇنلۇك ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا ئىنتايىن تەبىئىي ھالدا سىڭىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت جەھەتتىكى خاسلىقىنى شەكىللەندۇرگەن.

بىز دائىم ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىقى مەسىلىسىنى تالاش - تارتىش قىلغاندا، ئەگەر شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى مىللىيلىققا ئىگە بولمىسا، ئۇنىڭ ھېچقانداق قىممىتى بولمايدۇ، مىللىيلىق بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ جېنى... دېگەندەك «پىرىنسىپ»لىق سۆزلەرنى ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەيمىز. ئەمما، ئەدەبىياتتىكى مىللىيلىقنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيدىغان يەرلىرىمىزمۇ يوق ئەمەس. قانداقتۇر، مىخائىلنىڭ ئىسمىنى مىجىتقا، ناتالىيەنىڭ ئىسمىنى نادىرەگە ئالماشتۇرۇپ قويسىلا مىللىيلىق بولمايدىغانلىقىنى بىر قىسىم ئەدىبلەر ئايدىڭلاشتۇرۇۋالىغان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسى تازا ئېنىق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەدەبىياتىمىزدا مىللىيلىق ۋە خاسلىق شەكىللەندۇرەلمەي، بۇ ھەقتىكى «ئىزدىنىش» سەپىرىدە بەك ئۇزاق مېڭىپ كەتتۇق. ئەمەلىيەتتە بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مىللىيلىقى شۇ مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادى، تىلى، خاس تۇرمۇش ئادەتلىرى، جۇغراپىيەلىك شارائىتى، ئەخلاق - ئېتىكىسى، ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى، ھەر خىل چوقۇنۇشلىرى، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم چىقىرىش يوسۇنلىرى، مەۋسۇم - مۇراسىم، ھېيت - بايرام قائىدىلىرى، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ئادەتلىرى، ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش ۋە ئۇنىڭغا بولغان قاراشلىرى، سان - ساناق چۈشەنچىلىرى، ئىلىم - بېرىم شەكىللىرى، قوشنىدارچىلىق ۋە ئۆتنە - يېرىم قىلىش ئۇسۇلى، ئۆي - ماكان شەكىللىرى، زىبۇ - زىننەت ۋە بېزەك شەكىللىرى... قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئۇششاق تەرەپلەردە ئىنچىكە ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ئىنچىكە ۋە خاس تەرەپلەر «ئۇششاق ئىشلار تەپسىلاتى» دېيىلىپ، نەزەردىن قالدۇرۇلسا ئەدەبىيات ئۆز مىللىيلىقىنى ئەبەدىي تاپالمايدۇ. چۈنكى، تۇرمۇشنىڭ يىرىك تەرەپلىرى دۇنيادىكى ھەممە مىللەتتە ئوخشاش. يەنى كېچىسى ئۇخلاپ، تاڭ ئاتقاندا قوپۇش، قورساق ئاچسا تاماق يېيىش، ئەر كىشى ئايال كىشى بىلەن توي قىلىش، ئاشلىقنى يەرگە تېرىش... قاتارلىقلار بىرلا مىللەتكە خاس ئۆرپ - ئادەت ئەمەس.

شائىر تېيىپجان ئېلىيوف ئۆز ئەسەرلىرىگە مىللىي فولكلور خۇسۇسىيەتلىرىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە سىڭدۇرۇپ، شېئىرلىرىنى قويۇق مىللىي پۇراق ۋە مىللىي تۈسكە ئىگە قىلالىغان. بۇنىڭ بىلەن شائىرنىڭ ھەر بىر شېئىرى روشەن مىللىي خاسلىقنى ھاسىل قىلالىغان. مانا بۇ ئۇنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا تەۋە بولغان ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۇرۇپ، شېئىرىدا بىر قاراپلا «بۇ تېيىپجاننىڭ شېئىرى ئىكەن...» دېگىلى بولىدىغان خاسلىقنى بارلىققا كەلتۇرگەن. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىكى بۇ خاسلىق ئۇنىڭ ئۇيغۇر فولكلورىغا تولىمۇ پىششىق ئىكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. دېمەك، شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى چوڭقۇر مىللىيلىققا ۋە روشەن خاسلىققا ئىگە قىلغان ئەڭ تۈپ ئامىل — ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ قويۇق فولكلور خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولالىغانلىقىدا. مەن تۆۋەندە بۇ قارىشىمنى بىر قانچە نۇقتىدىن يورۇتۇپ ئۆتىمەن.

## 1. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرىنىڭ شائىرنىڭ شېئىرلىرىغا سىڭىشىشى

ماقال - تەمسىل خەلقىمىزنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيانقى تۇرمۇشىدىن خۇلاسىلەنگەن

www.uyghurkitap.com



ھېسسىي ھەقىقەت بولۇپ، ئۇ ئوي ـ پىكىرنى ئىخچام، چۈشىنىشلىك ئىپادىلەشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپلا قالماي، شۇ مىللەتنىڭ فولكلور ئادەتلىرىنىمۇ ياندىن يورۇتۇپ بېرىدۇ. چۈنكى ھەر بىر ماقال ـ تەمسىلنىڭ ئارقىسىدا شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئورتاقلىققا ئىگە بولغان ھېكمەت خاراكتېرلىك ھېكايەت بار. شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا ماقال ـ تەمسىللەردىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، ئۇزۇن ۋە تەپسىلىي تەسۋىرلەشنى تەلەپ قىلىدىغان جايلارنى ماقال ـ تەمسىل ئارقىلىق ئىخچام ئىپادىلەشكە تىرىشقان.

مەسىلەن: شائىرنىڭ «‹يېتىم›نىڭ ئۆيىدە» ناملىق شېئىرىغا قاراپ باقايلى.

ئەنە شۇ چاغدا بۇ يېتىم بالا،
دەرد تۆككەن زالىم باينىڭ ئۈستىدىن.
ئاتا ـ ئانىسى ئۆلگەن بۇرۇنلا،
زالىم زۇلمىدىن، تاياق دەستىدىن.
ئۇ ئۆزىمۇ ئاش ـ نان ئورنىدا،
تاياق يېگەن نەچچە ئون قېتىم.
دېگەن ئۇ شۇچاغ:‹يېگەنتى بۇرۇن ـ
ھالۋىنى ھېكىم، تاياقنى يېتىم...›
شۇ بالا بۈگۈن گوڭشې ئەزاسى،
كىم ئۇنى ئەمدى يېتىم دېيەلەيدىكەن!؟
بۇرۇن ئۇماچقا تويمىغان يېتىم،
بۈگۈن ھالۋىنى تويۇپ يەيدىكەن.
ھېچكىمنىڭ ھەددى يوق ئۇرۇشقا ئۇنى،
ئاتىسى بار گوڭچەنداڭ ئاتلىق.
ئاچچىق ئازاب كېتىپ بېشىدىن،
ئۆتتۈۋاتىدۇ تۇرمۇشى تاتلىق.

شائىر شېئىرنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە ‹يېتىم›نىڭ كونا جەمئىيەتتە بايغا شۇنچە ئىشلەپمۇ ئاش ـ نان ئورنىغا تاياق ـ توقماق يەپ، ئىت ـ ئېشەكنىڭ كۈنىنى كۆرگەنلىكىدەك ئېچىنىشلىق جەريانىنى «ھالۋىنى ھېكىم يېدى، تاياقنى يېتىم (يېدى) » دېگەن تەمسىل ئارقىلىق تولىمۇ ئىخچام، چۈشىنىشلىك ۋە تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەگەر ئۇ ئازابلىق جەرياننى بۇ تەمسىل ئارقىلىق ئىپادىلىمەي، تەپسىلىي تەسۋىرلەشكە توغرا كەلسە شېئىرنىڭ يەنە بىر ھەسسە ئۇزىراپ، ھۆررۈن خوتۇننىڭ پايتىمىسىدەك بىر نەرسە بولۇپ قالاتتى. شائىر بۇنىڭدىن باشقا يەنە «‹كۆرەش›ئۆستەڭى ـ كۆرەش داستانى» ناملىق شېئىرىدا ئۇزۇن يىللار قۇرغاقچىلىقنىڭ دەردىنى تارتىپ، سۇغا زار بولغان خەلقنىڭ ئۆستەڭ چېپىپ يۇرتقا سۇ باشلاش ئىرادىسىنى:

60- يىلنىڭ ئاخىرى،
دامىكۇ، گۇلاخما شمايلاپ يەڭنى،
ئۇلۇغساي يېنىدا گەمە كولاپ... ياق،
ئاكۇپ كولاپ باشلىدى جەڭنى.
تانا تارتىپ جەڭچىلەر چۆلگە،
ئۆستەڭ قازدى تانا ئىزىدىن.
دېيىشتى:« قايتمايمىز تىلسىمنى يەشمەي،
شىر يانماس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن».

بۇ مىسرالاردا شائىر «يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن (قايتماس)» دېگەن ماقالنى بوغۇم ۋە ۋەزىن ئېھتىياجىدىن ئازراق ئۆزگەرتىپ قوللانغان. شېئىرنىڭ بۇ بۆلىكىگە بۇ ماقالنى قىستۇرماي، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىرادىسىنى كىشىنى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە تەسۋىرلەشكە توغرا كەلسە شېئىرنىڭ بىھۇدە ئۇزىراپ كېتىشىدىن ساقلىنىش تەس بولۇش بىلەن بىرگە، ھېسسىياتنىڭ چۈشىنىشلىك ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشىمۇ تەسىرگە ئۇچرىغان بولاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ ماقال ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ گېپىدىن يېنىۋېلىشنى ھەممىدىن يامان كۆرىدىغان مەردلىك ئادەتلىرىنى، سودا ـ سېتىق ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە «ئېغىزدىن چىققىنى ھۆججەت» دەيدىغان تۇرمۇش خاسلىقىنى يورۇتۇپ بېرىشتە يانداش رول ئوينىغان. مىللىتىمىزدە «ئېغىزدىن چىققىنى ھېساب» دەيدىغان ئادەت، قانۇن ـ مىزانلار ئومۇملىشىۋاتقان ھازىرقى كۈندىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ يېزىلىرىمىزدىكى دېھقانلار ھېلىھەم «لەۋزى»نى ھۆججەت سۈپىتىدە قوللىنىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ خوتەننىڭ قاشتېشى بازىرىغا كېلىپ قارىساق

بۇ ئادەتنىڭ ئەڭ يارقىن ئۈلگىلىرىنى كۆرەلەيمىز. «يوقال ئەمدى تۆھمەت دەستىكى» ناملىق شېئىردا شائىر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى يېڭىگە «قىزىل قوغدىغۇچى» دېگەن بەلگىنى تاقىۋېلىپ، چوڭ خەتلىك گېزىت ئارقىلىق بىگۇناھ كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلاپ، ھەقىقەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە نەيرەڭۋازلىق قىلىپ، قالپاق كىيگۈزۈپ ئادەم قورقۇتىدىغان مۇتىھەملەرنىڭ قىلمىشىنى «زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» دېگەن ماقال بىلەن ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

«بىر مۇتىھەم دەستەك تارقىتىپ،
كۆرۈنگەنلا تامنى بۇلغىدى.
تامنى بۇلغاش ئۇ ياقتا تۇرسۇن،
ئاندىن بەتتەر نامنى بۇلغىدى.
..............................
ئۆڭتەي - توڭتەي قىلىندى تارىخ،
ئاستىن - ئۈستۈن بولدى ھەقىقەت.
«زامانە زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ»،
چەيلەندى پەننى يېڭى تەرىقەت.
پۇت - قولىمىز كىشەندىن ئازاد،
بولغاندىلا شۈكۈر دەپتىمىز.
خۇراپاتنىڭ ئاسارىتىدىن،
قۇتۇلماپتۇ بىراق ئەقلىمىز.
ئەقىل كۆزىمىز يورۇغانسېرى،
بولىدۇ دەردىنىڭ سوراق - ئىستىكى.
يوقال ئەمدى، چۈشكىن سەھنىدىن،
"دازىباۋ" ئاتلىق تۆھمەت دەستىكى.

قاچانكى ھەقىقەت ئاستىن - ئۈستۈن بولسا زامان زورنىڭ بولىدۇ، بۇنداق چاغدا نومۇس تۇيغۇسى تۈۋەن، ۋىجدانى ئاسان زەخمىگە ئۇچرىمايدىغان كىشىلەر ھېچ ئىش بولمىغاندەك خۇشال - خۇرام تاماشا كۆرۈپ ياشاۋېرىدۇ...

.....................
ئۈچ - تۆت يىل ئۆتۈپلا بىر قۇيۇن چىقتى،
كۆلكىلىك، قورقۇنچلۇق ئويۇن چىقتى.
ئەۋج ئالدى زوراۋانلىق، ھىيلە - مىكىر،
چىقىشتى يەر يۈزىگە مۇنكىر- نىكىر.
چىقىمىدى كۆتكەن يەردىن زور «ئىنقىلاب»،
قايتىدىن قۇرغان بىنا چۈشتى غۇلاپ.
نەس باستى مېنى يەنە شۇندىن بېرى،
نائېنىق ئىدى ماڭا بۇنىڭ سىرى.
چىدالماي، كوللېكتىپنى ئالدامچى دەپ،
ھاقارەت، دۇمبالىمۇ تويغىچە يەپ.
دادلىسام دادىگاھقا، سۆزۈم ئۆتمەي،
يۇرتۇمدا ساق قېلىشقا كۆزۈم يەتمەي.
بېشىمنى ئېلىپ قاچتىم چوڭ گۈرزىدىن،
مىڭ تەستە نېرى بولدۇم گۆر ئاغزىدىن.
ئېسىمدە، سەن شۇ چاغدا ـسولانماستا،
دېگەنتىڭ قۇلىقىمغا شۇنى ئاستا:
«ئۆچىدۇ ئوتمۇ ئاخىر يېنىپ - يېنىپ.
تاپىدۇ قۇزۇقىنى ئات ئايلىنىپ».
راست ئىكەن ئاشۇ چاغدا دېگەن سۆزۈڭ،
يىراقنى كۆرۈپتىكەن سېنىڭ كۆزۈڭ.
......................................

شائىر «مەتقاسىم قايتىپ كەلدى» ناملىق بۇ شېئىرىدىمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ناھەقچىلىق دەستىدىن يۇرتىدىن چىقىپ كېتىپ، ۋەزىيەت ئوڭشالغاندا قايتىپ كەلگەن مەتقاسىمنىڭ نېمىشقا قايتىپ كەلگەنلىكىنى «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار» دېگەن تەمسىل ئارقىلىق ئىخچام ئىپادىلەپ بەرگەن. شائىرنىڭ پۈتۈن شېئىرلىرىدا بۇنداق مىساللار تولۇپ تاشىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىقى، مانا بۇ ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان فولكلورلۇق ئامىل.

## 2. ئەل ئىچى ئېتىقادچىلىقىنىڭ تېيىپجان ئېلىيوف شېئىرلىرىدا ئىپادىلىنىشى

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ چوڭ دىنىي ئېتىقادىدىن باشقا، ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىن ۋە

www.uyghurkitap.com



باشقا دىنلارنىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن، قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئايلىنىپ كەتكەن ئەل ئىچى ئېتىقادى بولىدۇ. ئۇزۇن تارىخقا، پارلاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە، كۆپ خىل دىنغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر مىللىتىدىمۇ ئەل ئىچى ئېتىقادچىلىقى ئىنتايىن قويۇق ساقلانغان. مەسىلەن: «نانني دەسسىسە يامان بولىدۇ»، «سۇغا سىيسە يامان بولىدۇ»، «ئىشىك ئالدىغا يۇندا تۆكسە يامان بولىدۇ»، «ئاتا ـ ئانىغا يانسا يامان بولىدۇ»، «ئاياغ ۋە ئىشتاننى بېشىغا قويسا يامان بولىدۇ»، «ئادەمنى ئاتلىسا يامان بولىدۇ»... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى دىنىي ئېتىقادتىن شەكىللەنگەن، ئەخلاق ـ ئېتىكىغا مەنسۇپ ئەل ئىچى ئېتىقادچىلىقى بولۇپ، بۇنىڭ بالا تەربىيەلەش ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتا ناھايىتى چوڭ رولى بولغان ۋە بولماقتا. شائىر تېيىپجان ئېلىيوف شېئىرلىرىدا ئەنە شۇ ئەل ئىچى ئېتىقادچىلىقىغا مەنسۇپ بولغان فولكلورلۇق ئېلېمېنتلار ناھايىتى قويۇق بولۇپ، بۇنىڭ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خاسلىقىمىزنى ساقلاشتا، شۇنداقلا فولكلورلۇق ئادەتلىرىمىزنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ناھايىتى زور رولى بار. شائىر دىنىي بىلىملەرنى پىششىق ئىگىلىگەن قارى كىشى بولغاچقا، ئۆز شېئىرلىرىغا ئۆرپ ـ ئادەت خاراكتېرلىك بىلىملەرنى ناھايىتى تەبىئىي سىڭدۈرۈپ، ئەسەرلىرىنىڭ فولكلورلۇق قىممىتىنى ئاشۇرغان.

مەسىلەن: شائىر «تەلۋىچۈك» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

«تەلۋىچۈك، تۆھپەڭمۇ باردۇر، تەلۋىچۈك،
بولمىغىن تۆھپەڭگە مەغرۇر، تەلۋىچۈك.
راستتىن ئېيتقاندا گۇناھىڭ ئاز ئەمەس،
شۇڭا بىر نامىڭ بالاخور، تەلۋىچۈك.
ھەر يىلى كەلسەڭ بولۇپ سەل قانچىلاپ،
تولغىنىپ، ئىزدىن چىقىپ قىرغاق يالاپ.
قانچە ئەمگەك ئەجرىنى قىلدىڭ خاراب،
ئۆز يولىنى بىلمىگەن كور تەلۋىچۈك.
كەلكۈنىڭدىن تارتتى دەرد نۇرغۇن بىزا،
قانچىلاپ «توختى» ساڭا بولدى غىزا.
قىرغىنىڭدا دائىما ماتەم ـ ھازا،
سەن ئىدىڭ ئۆتمۈشتە قانخور، تەلۋىچۈك.
دەل ـ دەرەخ تۇرمەلگە كەتتى سەن ئۈچۈن،
سەن ئىدىڭ چوڭ دەردىسەر باغۇەن ئۈچۈن.
ئالمىدىڭ سۆز كەمبەغەل دەردمەن ئۈچۈن،
ساڭا سۆز ئۆتمەيتتى بالدۇر، تەلۋىچۈك.
..............................................

«تەلۋىچۈك» قەشقەر شەھىرى بىلەن كونىشەھەر ناھىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى بىر دەريا. شائىر بۇ دەريانىڭ ئۆتمۈشتە ھەر يىلى كەلكۈن پەسلىدە سۇلىرى تېشىپ، يۇرتقا نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى، ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى بايان قىلىش جەريانىدا، ئۆتمۈش كونا جەمئىيەتتىكى كەلكۈن تىزگىنلەش تەدبىرىگە مەنسۇپ بولغان بىر مەلۇماتنى قىستۇرۇپ ئۆتىدۇ. يەنى «قانچىلاپ ‹توختى› ساڭا بولغان غىزا»، دېگەن مىسرادا ئىنتايىن يىراق ئۆتمۈش زامانىدىكى خۇراپىي ئادەت ئەل ئىچى ئېتىقادچىلىقى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ ئادەتنىڭ بىزدە قاچان شەكىللەنگەنلىكىگە ئائىت ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، بۇنىڭ باشلانغۇچ جەمئىيەتتىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر بېرىش ياكى قۇربانلىق قىلىش ئادىتىدىن داۋاملىشىپ كەلگىنى ئېنىق. «قۇربانلىق» قائىدىلىرى جەمئىيەت ئىدىئولوگىيەسى ۋە ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارغان. باشلانغۇچ جەمئىيەتتە غەلىبە مېۋىسى ۋە مال ـ مۈلۈك تەڭرىگىلا خاس دېيىدىغان ساددا چۈشەنچە بولغاچقا، ئىنسانلار زور ئىستەك بىلەن تەڭرىگە ئاتاپ قۇربانلىق قىلغان. بىر ـ بىرىگە تاماملەن ئوخشىمايدىغان مۇراسىملاردا ياش قىز، ئەسىر ۋە ئادەملەر قۇربانلىق قىلىنغان. بۇ خىل ئادەتلەر ئۇيغۇر ـ تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئەجدادىغا تېۋىنىش قارىشىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. كېيىنچە ئۇرۇش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەسىرلەردىن ئادەم كۈچى سۈپىتىدە پايدىلىنىش تۈزۈمى بارلىققا كەلگەن

بولسىمۇ، لېكىن، ئادەم قۇربانلىق قىلىپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش ئادىتى بەزى دىنلارنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى سۈپىتىدە ساقلىنىۋەرگەن. دىنشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىچە بىراھمانىزم نەزىرى 6 چوڭ تۈر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ 5 ـ مەزمۇنى دەل ئادەم قۇربانلىقىدىن ئىبارەت. «ۋېدا» ۋەسىقىلىرىدە ئادەم قۇربانلىقىنىڭ تەكرار پاكىتلىرى تىلغا ئېلىنغان. يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلارمۇ ئادەم قۇربانلىقى نەزىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلىدى. مەسىلەن: «بەيئۇرۋېدا» دا 184 خىل ئادەمنى قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغانلىقى، ئەمما، قۇربانلىق ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئادەم قۇربانلىقىنىڭ ئۇسۇللىرىمۇ ئوخشىمايدىغان بولۇپ، بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلۈپ سۇغا تاشلىۋېتىلسە، بەزىلىرى ئۆزىنىڭ بەگ ـ خوجىلىرىغا قوشۇپ دەپنە قىلىنغان، يەنە بەزىلىرى «قۇياش ئىلاھى»غا ئىبادەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەڭگۈلۈك تاغلار ئارىسىدا غايىب بولۇشقان.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا سۇ ئىلاھىغا ئاتاپ، تۇرسۇن، تۇردى، توختى ئىسىملىكلەر ئۆزلىرى خالاپ «جېنىنى قۇربانلىق» قىلىش بەدىلىگە كەلكۈننى توسۇپ، ئەل ـ يۇرتنى بالا ـ قازادىن ساقلاش ئادىتى شەكىللەنگەن، بۇ ئادەت كېيىنكى يىللارغىچە داۋام ئەتكەن، ئەمەلىيەتتە بۇ باشلانغۇچ ئانىمىزملىق دەۋرگە تەۋە بولغان خۇراپاتلىقنىڭ روشەن بەلگىسى. شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، تەبىئەت دىنى بولغان ئانىمىزمدا قۇربانلىق قايسى جايدا ياشىغان، قايسى قەۋم كىشىلىرى ئۈچۈن بولمىسۇن، بىر خىل دەھشەتلىك يوقىتىش ھېسابلانماستىن، بەلكى، شۇ ئىلاھنىڭ قۇربانلىق قىلىنغۇچىنى «قېشىغا ئېلىپ كېتىش»ىدەك مەڭگۈلۈك روھىي مەۋجۇتلۇقنىڭ يولى دەپ قارالغان. شۇڭلاشقا، قۇربانلىق قىلىنغۇچى ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان «قۇربانلىق» تىراگېدىيەسىنى تەبەسسۇم بىلەن قوبۇل قىلغان.

قىسقىسى، «ئادەم قۇربانلىقى»دىن ئىبارەت ئەپسانىۋى فولكلورىستىك ئادەت ئىنسانىيەتنىڭ يىراق ياۋايىلىق دەۋرىدىكى ئانىمىزملىق كۆپ خۇدالىق دىنلىرىدىكى ئاددىي ئاۋامدىن باشلىنىپ، مەدەنىيەت دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن سۈنئىي دىنلاردىكى پەيغەمبەرلەر تىراگېدىيەسىدە يېڭى يۈكسەكلىك ياراتقان. پىرومېتىغا ئاتاپ ئەدەبىي ئەسەرلەر يېزىلدى، رەسىملەر سىزىلدى، ھەيكەللەر ياسالدى. ئەيسانىڭ قۇربانلىقىغا ئاتاپ دىنىي سىمفونىيەلەر ئىجاد قىلىندى، مۇڭلۇق تىلاۋەت ناخشىلىرى ئورۇندالدى. ئەمەلىيەتتىمۇ پۈتكۈل ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئىتى «ئىنجىل» ۋە «ئەيسا»نى مەنىۋى روھ قىلغان خىرىستىيانچە مەدەنىيەت چەمبىرىكى بولۇپ ئىپادىلەندى. ھەر يىلى ئادەم دېڭىزى ھاسىل قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەج پائالىيىتىمۇ مەلۇم مەنىدىن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىق مۇراسىمىغا بېغىشلانغان پائالىيەت ئىدى.

مىللىتىمىز ئارىسىدىكى «توختى»، «تۇردى»، «تۇرسۇن» ئىسىملىكلەرنى دەريا ئىلاھىغا قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق كەلكۈن ئاپەتلىرىدىن ساقلىنىش ئادەتلىرى دەسلەپكى دەۋرلەردە قۇربانلىق قىلىنغۇچىنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولغان. ئەگەر ئۇ شۇنداق ئىسىملىك كىشى بولغانلىقى ئۈچۈنلا قۇربانلىق قىلىشقا مەجبۇرلانغان بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردە بۇنداق ئىسىملار بالىلارغا قويۇلمىغان بولاتتى. ئەمما، كېيىنكى فېئوداللىق دەۋرلەرگە كەلگەندە بۇ ئادەت ئەزگۈچى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېزىلگۈچى پۇقرالارنى دەريا ـ توغانلارغا مەجبۇرىي تىرىك بېسىشتىكى دىنىي قانۇنى ياكى قورالى بولۇپ قالغان.

«ئۆتمۈشتە ئۇ توسمىدىن بۇ توسمىغا،
يول بويى مىڭلاپ ھاشا ئىشلەيدىغان.
سەل ـ قىيان بۇقىلارغا بوي بەرمىسە،
توسمىغا توختى ئاتلىقنى تاشلايدىغان.

دارېنلار، باي ـ خوجىلار، بەگ، تۇڭچىلار،
شۇ ئاپەت قىياندىنمۇ بەتتەر ئىدى.
ئىسيانكار توختى، تۇردى، تۇرغانلارنى،

www.uyghurkitap.com



خىلمۇخىل باھانە بىلەن تىرىك يېدى.»

شائىرنىڭ «ئاڭلىدى ئاق ئۆستەڭمۇ سۆزىمىزنى» ناملىق بۇ شېئىرىدا ئەنە شۇ فېئوداللىق دەۋردىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ توختى، تۇردى، تۇرغان، تۇرسۇن ئىسىملىكلەرنى دەريا تۇغانلىرىغا مەجبۇرىي بېسىپ، سۇنى بويسۇندۇرماقچى بولغانلىقىدەك خۇراپىي سۇ تىزگىنلەش ئۇسۇللىرى ناھايىتى تەبىئىي سىڭدۇرۇۋېتىلگەن.

دېمەك، شائىرنىڭ «تەلۋىچۇك»، «ئاڭلىدى ئاق ئۆستەڭمۇ سۆزىمىزنى» ناملىق شېئىرلىرىدا مانا بۇ يىراق ئۆتمۈشتىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئەل ئىچى ئېتىقادچىلىقى فولكلورلۇق خاتىرە سۈپىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

يەنە ئۇيغۇرلاردا بالا تۇغۇلۇپ قاتارغا قېتىلمايلا كىچىك كېتىپ قالسا، كېيىن تۇغۇلغان بالىدىن باشلاپ ئوغۇل بولسا تۇرسۇن، توختى، تۇردى، قىز بالا بولسا، تۇرسۇنخان، تۇردىخان، توختىخان (تۇرسۇنگۈل، توختىگۈل) دېگەن ئىسىملارنى قويۇش ئارقىلىق بالىسىغا ئۆمۈر تىلەيدىغان ئادەت ھازىرمۇ كەڭ كۆلەمدە مەۋجۇت. مانا بۇ ئۇزۇن تارىخقا، نىسپىي ھالدىكى مەنىۋى ئاساسقا ئىگە ئىسىم قويۇش ئادەتلىرى شائىرنىڭ «مەتقاسىم قايتىپ كەلدى» دېگەن شېئىرىدا يەنە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن.

«بالامۇ كەتتى... ئېتى ‹توختى› تۇرۇپ،
‹توختى› دەپ ئات قويسامۇ توختىمىدى.
ئۆلگەننى ئۇزاتمىدىم قارا تۇتۇپ،
يا نەزىر قىلالمىدىم ياغ پۇرىتىپ.

مانا بۇ كۇپلېتتا خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتە كىچىك بالىلارنىڭ ھەر خىل كېسەللىك تۈپەيلىدىن يېشىغا يەتمەيلا ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ساددا ئېتىقادتىن ئىزدەپ، ئاللادىن «ئۆمۈر تىلەش» مەقسىتىدە شۇنداق ئىسىم قويۇش ئادىتىنىڭ پەيدىنپەي شەكىللىنىپ قالغانلىقىنىڭ يارقىن پاكىتى. نەچچە مىڭ يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇنداق ئىسىملار يەنە ئوخشاش مەقسەتتە قويۇلۇپ كەلمەكتە. بىزدە يەنە بالىلار تولا كېسەل بولۇپ چېغى چىقمىسا، «بالىغا ئىسىم ياراشماپتۇ» دەپ، بالىنىڭ ئىسمىنى كۆرۈمسىز ياكى غەلىتە نەرسىلەرنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتايدىغان ۋە ياكى كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان، ئاڭلىنىشىمۇ غەلىتە ھەم سەت بولغان ئىسىملارنى قويىدىغان ئادەت ھېلىھەم مەۋجۇت. سۈپۈرگە، پاسار، چاۋار، ئەخلەت، سېتىۋالدى، تىلىۋالدى... دېگەندەك ئىسىملار دەل بۇنىڭ بەلگىسىدۇر.

## 3. تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ سىڭىشىشى

بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرى شۇ مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ مىللىيلىقىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل. شائىر تېيىپجان ئېلىيوف شېئىرلىرى تىل ئىشلىتىش جەھەتتە خەلق ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان خەلق تىلىنى دەل جايىدا ئىشلىتىش بىلەن بىرگە، تۈرلۈك ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قائىدە ـ يوسۇنلارنىمۇ شېئىرلىرىغا سىڭدۇرۇپ، شېئىرلىرىنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن: بىز شائىرنىڭ «يۈرەك ياشلىرىم» دېگەن شېئىرىغا قاراپ باقايلى:

كۆپتىن بېرى چۈشۈم بۇزۇلۇپ،
ئۆتەر ئىدى غەشلىكتە كۈنۈم.
بۈگۈن مانا شۇم خەۋەر كېلىپ،
چۈشۈپ كەتتى ئىچىمگە ئۈنۈم.
.................................
تامدۇرماسمىدىم ئاغزىڭىزغا سۇ،
بولغان بولسام قېشىڭىزدا مەن.
بەرمەسمىدىم روھىي تەسەللى،
«ياسىن» ئوقۇپ بېشىڭىزدا مەن.
ھەقدار تۇرۇپ ئاڭلىيالمىدىم،
رازىلىق بەرگەن ئاۋازىڭىزنى.
چىقالمىدىم تۇپراق بېشىغا،
كۆتۈرۈپ ئانا جىنازىڭىزنى.
ئېلىپ كىرگەندە لەھەت ئىچىگە،

مۇردىگىزنى ئۇشلىيالمىدىم.
يەتتە قېرىنداش قاتارىدا مەن،
بىر كەتمەن توپا تاشلىيالمىدىم.
هازىدار ئادەم هەر قانچە بولسا،
يىغلاپ - يىغلاپ قالانتى پەسلەپ.
بىراق هەسرەتتىن ئۆرلەيدۇ ئۆپكەم،
تىرىك ئايرىلغان كۆنلەرنى ئەسلەپ.
بۇ هەسرەتنى كىمدىن كۆرىمەن،
بۇ دەردىمنى كىمدىن ئالىمەن.
«تەقدىر شۇنداق»قا كۆنگەچكە مەنمۇ،
شۇنداق دېمەي قانداق قىلىمەن.

بۇ شېئىر شائىرنىڭ، ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان مەلۇم بىر هازىدارنىڭ هەسرىتىنى شائىرلىق ئورنىدا تۇرۇپ يازغان شېئىرى بولماستىن، بەلكى، ئۆز ئانىسىنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرى بولغاچقا، شېئىردىكى هېسسىيات شۇنچىلىك سەمىمىي ۋە يىغانلىق چىققان. چۈنكى، بۇ دۇنيادا پەرزەنتكە ئانىدىنمۇ يېقىن تۇرىدىغان، ئانىدىنمۇ بەكرەك ئىچ كۆيەرلىك قىلىدىغان يەنە بىر ئىنسان يوق. شېئىردا شائىر بۇ نۇقتىنى هەق دادىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەپ بېرەلىگەندىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ مېيىت ئۇزىتىش ئادەتلىرىنىمۇ ياندىن بايان قىلىپ ئۆتكەن. بۇ نۇقتا ئۇيغۇر فولكلورىمىزنىڭ مېيىت ئۇزىتىشقا دائىر قائىدە - يوسۇنلىرىمىزنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ناهايىتى مۇهىم ئەمەلىي ماتېرىيال بولالايدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆلۈمنى بىر خىل سىرلىق كۈچنىڭ تەسىرىدىن بولغان دەپ چۈشەنگەن. بۇنىڭدا «روھ ئۆلمەيدۇ» قارىشى هالقىلىق رول ئوينىغان. ئۇلار ئۆلۈمنى بەدەن فۇنكسىيەلىرىنىڭ ئاجىزلىششى دەپ قارىماي، بەلكى، ئاجايىپ بىر كۈچنىڭ ئادەم ۋۇجۇدىغا تەسىر قىلىشى ئارقىلىق ئۇنىڭ روهىنى ئېلىپ كېتىشى دەپ چۈشەنگەنلىكتىن، ئادەمنى تەن ۋە روهتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈۋەتكەن. بولۇپمۇ ئادەم نەپەستىن توختىغاندىن كېيىن، روهتىن ئايرىلغان تەننى يەرلىككە قويۇش ۋە تەندىن ئايرىلغان روهنى باشقا دۇنيادا خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن مۇئەييەن تەرتىپكە ئىگە ئۇسۇل ۋە هەرىكەت قوللانغان. بۇ هەرىكەت ۋە ئۇسۇللار تەدرىجىي ئورتاقلىققا ئېرىشىپ، مەخسۇس دەپنە مۇراسىم ئادەتلىرىگە ئايلانغان.

هازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە پائالىيىتى بىر قانچە باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ.

1) مېيىتنى سۇندۇرۇپ قويۇش. ئادەمنىڭ تىنىقى توختىغاندىن كېيىن قېشىدا بار بولغان پەرزەنتلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئولتۇرۇپ، دۇئا قىلىپ رازىلىق بىلدۈرىدۇ. مېيىتنىڭ ئېڭىكى چېتىلىدۇ. كىيىملىرى سالدۇرۇلۇپ، پۇتىنىڭ ئىككى باش بارمىقى چېتىلىدۇ. بەزى جايلاردا ئىككى تىزىنىڭ ئاستىدىن جۈپلەپ باغلايدۇ. يۈز - كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، كۆزى ئوچۇق قالغانلىرىنىڭ كۆزى يۇمدۇرۇلىدۇ. ئىككى قولىنى ئىككى تەرەپكە تۈز قىلىپ قويىدۇ. ئاندىن «چاچاپ» (مەخسۇس ياسالغان، مەسچىتتە ساقلىنىدىغان ياغاچ تاختا) ئېلىپ كېلىپ، مېيىتنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە ئاق رەخت يېپىپ، ئاق كۆشۈگە بىلەن توسۇپ قويىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ئۆيگە هەر خىل ئادەملەر كىرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، مېيىتنى هەممە ئادەمنىڭ كۆرۈپ، قاراپ تۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر. بۇ ئادەتتە «مېيىتنى سۇندۇرۇپ قويۇش»دەپ ئاتىلىدۇ.

2) مېيىتنى يۇيۇپ تاراش. مېيىت يۇغۇچى پاكىز سۇ بىلەن جەسەتنى يۇيىدۇ، مېيىت يۇيۇشقا زاۋۇت سوپۇنى ئىشلىتىلمەي، شۇ جاينىڭ يەرلىك سوپۇنى ئىشلىتىلىدۇ. يۇيۇشتىن ئىلگىرى جەسەتنى ئوڭدا، دۈم قىلىپ تولۇق تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى ئايال بولسا شۇ يەردىكى بۆۋى ياكى ياشانغان ئاياللار يۇيىدۇ. مېيىت ئۈچ قېتىم پاكىز يۇيۇپ تازىلانغاندىن كېيىن (ئادەتتە بەدەندە موي قالماسلىقى شەرت)كېپەنلىككە ئالىدۇ. كېپەن تۆمۈر يىڭنە بىلەن تىكىلمەيدۇ. مۇۋاپىق ئۇسۇلدا كېپەنلىك رەختنىڭ ئۆزىدىن يىپ سۇغۇرۇپ، شۇ يىپ بىلەن يونۇپ چېگىپ قويۇلىدۇ. مېيىت كېپەنلىككە ئېلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئەتىر چېچىلىپ، تاۋۇتقا

www.uyghurkitap.com



سىلىنىدۇ. مېيىت تاۋۇتقا سېلىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى مېيىت بىلەن ۋىدالىشىدۇ. ۋىدالىششقا جۆرىسى قاتناشمايدۇ، چۈنكى ئىسلام دىنى ئەقىدىسى بويىچە جان چىققاندىن كېيىن نىكاھ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلىدۇ ـ دە ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىگە نامەھرەم بولىدۇ. مېيىت تاۋۇتقا سېلىنغاندىن كېيىن، تاۋۇت ئۈستىگە يىپەك گىلەم ياكى كۆركەم ئەديال يوپۇق يېپىپ، ئەرلەر كۆتۈرۈپ شۇ يەردىكى مەسچىتكە ئېلىپ بارىدۇ. نامىزى چۈشۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، «ئىسقات» تارقىتىپ، ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئادا قىلالمىغان پەرھىز، مەجبۇرىيەتلىرى ۋاكالىتەن ئادا قىلىنىدۇ. ئەر ئۆلسە «ئىسقات» ئۈچۈن پۇل، سەرەڭگە، نان قاتارلىقلار بېرىلىدۇ.ئايال ئۆلسە «ئىسقات» ئۈچۈن يىپ ـ يىڭنە، يىلىم، قول ياغلىق قاتارلىقلار تارقىتىلىدۇ. بالاغەتكە يەتمىگەن سەبىي بالىلار ئۈچۈن «ئىسقات» تارقىتىلمايدۇ. چۈنكى سەبىيلەر پاك بولغاچقا«ئىسقات » تارقىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئېلىم ـ بېرىم، ئۆتنە ـ يېرىم ئىشلىرى بولۇپ، بىرىشكە ئۆلگۈرەلمىگەن بولسا پەرزەنتلىرى بېرىدىغانلىقى، ئەگەر بولمىسا كۆپچىلىكنىڭ رازى بولۇشى تەلەپ قىلىنىپ، جامائەتكە جاكارلىنىدۇ. ناماز ئەھلى بىردەك بىر ئېغىزدىن «رازى» دەپ رازىلىق بەرگەندىن كېيىن مېيىت زاراتگاھلىققا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

3) مېيىتنى يەرلىكتە قويۇش. مېيىت قەبرىستانلىققا ئاپىرىلغاندىن كېيىن، ئەرلەر ئۈچۈن يەتتە گەز(ئىككى مېتىر ئەتراپىدا)، ئاياللار ئۈچۈن بەش گەز، كەڭلىكى ئۈچ گەز كېلىدىغان تاش يەرلىك كولاپ، ئۇنىڭدىن ئىچ يەرلىك قېزىلىدۇ. ئىچ يەرلىكنىڭ ئېگىزلىكى ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرسا بېشى تاقاشمىغىدەك ئېگىزلىكتە بولىدۇ. مېيىت ئىچ يەرلىككە قويۇلىدۇ. مېيىتنى يەرلىككە قويغاندا كېپەن ئۈستىدىن ئورالغان كىگىز يېشىپ سىرتتا قالدۇرۇلىدۇ، بالا ـ چاقا ۋە يېقىن تۇغقانلىرى مېيىتنى ئاستا سىلاپ يەرلىككە ئۇزىتىدۇ. بۇ خىل سىلاپ ئۇزىتىش ھەرىكىتى «مۇردىنى ئۇشلاش»دەپ ئاتىلىدۇ. مېيىت يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قوشۇپ قويۇلغان ئىگەك، لىپەك ۋە پۇت بارماقلىرى يېشىۋېتىلىپ، يېنىچە ياتقۇزۇلۇپ، يۈزى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ قويۇلىدۇ. ئارقىدىن بىۋاسىتە ئەڭ يېقىن كىشىدىن بىرسى يەرلىككە كىرىپ، مېيىتنىڭ ئازادە ياتالىغان ياتالمىغانلىقىنى تەكشۈرگەچ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىدۇ. ۋىدالىشىش تاماملانغاندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ بالا ـ چاقا ياكى ۋارىسلىرىدىن بىرسى ئالدى بىلەن گۆرگە يەتتە كەتمەن توپا تاشلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جامائەت ئىچىدىن مەسچىت ئىمامى ياكى بىرەر قارى قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ئۆلگەن كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ باسقۇچلۇق دەپنە پائالىيىتى ئاخىرلىشىدۇ.

«ماڭا بىر تون تىكىپتۇرلەر، ئېتەك، ياقاسى يوقتۇرلەر.
ئېتەك، ياقاسى يوق توننى، كىيەرمىز ئاقىۋەت بىر كۈن.
ماڭا بىر ئات تۇقۇپتۇرلەر، ئىگەر ـ جابدۇقى يوقتۇرلەر.
ئىگەر ـ جابدۇقى يوق ئاتقا، مىنەرمىز ئاقىۋەت بىر كۈن.
ماڭا بىر ئۆي سېلىپتۇرلەر، ئىشىك، تۈڭلۈكى يوقتۇرلەر.
ئىشىك، تۈڭلۈكى يوق ئۆيگە، كىرەرمىز ئاقىۋەت بىر كۈن...

ئۇيغۇرلار ئىچىگە تارقالغان بۇ شېئىردىمۇ، «تون»كېپەنگە، «ئات» تاۋۇتقا، «ئۆي»گۆرگە سىمۋول قىلىنىش ئارقىلىق دەپنە پائالىيىتىنىڭ ئۈچ باسقۇچ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ئوبرازلىق ۋە ئىخچام ئىپادىلەنگەن.

«يۈرەك ياشلىرىم» ناملىق بۇ شېئىرىدا شائىر ئانىسىنىڭ ۋاپاتىغا بولغان چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرىتى ۋە ئانىسى بىلەن ئاخىرقى قېتىم دىدار كۆرۈشەلمىگەنلىكىگە بولغان ئەپسۇس ـ پۇشايمىنىنى تولۇپ ـ تاشقان پىغانلىق ھېسسىياتى بىلەن تەسىرلىك ئىپادىلەپ بېرىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر دەپنە مۇراسىمىغا ئائىت قائىدە ـ يوسۇنلارنىمۇ شېئىرغا تەبىئىي سىڭدۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە :

.............

«تامدۇرماسمىدىم ئاغزىڭىزغا سۇ،

بولغان بولسام قېشىڭىزدا مەن.
بەرمەسمىدىم روھىي تەسەللى،
«ياسىن» ئوقۇپ بېشىڭىزدا مەن.

يۇقىرىدىكى مىسرالاردا مىللىتىمىزدىكى ئادەم جان ئۈزۈش ئالدىدا قېشىدا بار بولغان بالا- چاقىلىرىنىڭ جان تالاشقۇچىنىڭ ئاغزىغا «ياسىن» سۈيى تېمىتىپ رازىلىق بېرىدىغان دىنىي ئادىتى ئىپادىلەنگەن.

## 4. ئېتىكا، شەرم - ھايا ۋە باشقا ئادەتلەرنىڭ سىڭىشىشى

تىيىپجان ئېلىيوف شېئىرلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆبيېكتقا قاراپ تىل ئىشلىتىش ئادەتلىرى، مۇھەببەت ئەخلاقى، ئىككى بىسلىق سۆز ئارقىلىق يۇمۇر ھاسىل قىلىش ئادەتلىرى قاتارلىقلارمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكلەرمۇ ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى فولكلورلۇق خۇسۇسىيەتلەرنى بېيىتقان.

مەسىلەن: شائىرنىڭ «كۆزۈڭدىن سورا» ناملىق مۇھەببەت لىرىكىسىدا بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلاردىكى قىز- يىگىتلەرنىڭ بىر-بىرىگە مەيلى بولسا ئالدى بىلەن تەلپۈنۈش ۋە ئۇياتچانلىق ھېسسىياتى بىلەن بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە يەر تېگىدىن قارايدىغان مۇھەببەت ئەخلاقىغا دائىر نازۇك ئادەت تەبىئىي سىڭدۈرۈلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەر ئېتىقادىغا چوڭقۇر سىڭگەن «كۆز تېگىپ كېتىش» (چەتنەپ كېتىش) قارىشى سىڭدۈرۈلگەن.

ساڭا قاراپ شۇئان داڭ قېتىپ قالسام،
«ۋاھ، كۆزى ئوق ئىكەن، قېشى كامان»دەپ.
ئالاقزادە قىلىپ تېخىمۇ مېنى،
ئەيىبلەپ كەتتىڭغۇ «كۆزى يامان» دەپ.
ۋە لېكىن سەن شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن،
نە شىددەت، جاسارەت بولسۇن ئۇنىڭدا.
ئەيىب سانىلامدۇ
بىر قاراش بىلەن،
چەكچەيگەنچە تۇرۇپ قالسام يېنىڭدا؟
قارىغان ئەمەسمەن ھېچكىمگە مۇنداق،
ئۇقمايمەن نېمدۇر قاراتتى ساڭا.
سۇر بېسىپ، كۆزۈمنى باشقۇرالمىدىم،
ئەپسۇن ئوقۇدىمۇ كۆزلىرىڭ ماڭا.
ۋابالىلىق يەتمەسمۇ ماڭا ئەي گۈزەل،
ئەشۇ «كۆزى يامان»دېگەن سۆزۈڭدىن.
ئەڭ ياخشىسى، بۇنىڭ سەۋەبىنى سەن،
سورىغىن ئۆزۈڭنىڭ جادۇ كۆزۈڭدىن.

ئۇيغۇرلاردا كىچىك باللار ياكى چىرايلىق قىزلار تۇيۇقسىز قىزىپ، قۇسۇپ ئاغرىپ قالسا «كۆزى يامان كىشىلەرنىڭ كۆزى تېگىپتۇ» «چەتنەپ قاپتۇ»، «ئاچ كىرىپ قاپتۇ...» دەپ ئىسرىق سالىدىغان شامان ئەقىدىسىگە ئائىت ئادەت بار. شائىر بۇ شېئىردا دەل شۇ ئادەت ئېتىقادىدىن پايدىلىنىپ، ئىنتايىن گۈزەل بىر قىزنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش بىلەن تەڭ ئۆزىنىڭ شۇ قىزغا بولغان «يوشۇرۇن كۆيۈش» ھېسسىياتىنى تاتلىق لىرىكىغا ئايلاندۇرغان. يەنە:

ئۇ يىگىت كەلدى، ئىشكىنى ئاچ دېدى،
بەر جامالىڭدىن ئوزۇق، مەن ئاچ دېدى.
پېتىنالماي قىز ئىشكىنى ئاچقىلى،
ساڭا مۇشكۇل ماڭا كىرسە ئاچ، دېدى.

شائىر يۇقىرىدىكى تۇيۇقتا ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكىلداش سۆزلەردىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ سۆز ئويۇنى ھاسىل قىلىپ، قىز- يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ھېسسىياتىنى تەسۋىرلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرىنىڭ ئۆز ئارا كۆرۈشۈش جەريانىدىكى شەرم - ھايا قارىشىنى شېئىرىغا تەبىئىي سىڭدۈرۈۋەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھەببەت ئەخلاقىدا، قىز - يىگىت توي قىلىشتىن بۇرۇن كۆرۈشكەندە بىر - بىرىگە زىيادە يېقىنلىشىپ كەتمەيدۇ، يىگىت كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغان تەقدىردىمۇ قىز ئۆزىنى تارتىنچاق، ئېيپەتلىك، نومۇسچان كۆرسىتىش ئۈچۈن ئامال بار يىراقراق تۇرۇپ كۆرۈشۈشنى ئىستەيدۇ، كۆرۈشكەندە بولسا قىز يىگىتكە تىكىلىپ قارىماي، چىچىنى ياكى ياغلىقىنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئۇچىنى ئويناپ يەرگە قاراپ تۇرىدۇ، بۇ ئۇيغۇر قىز ـ يىگىتلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مۇھەببەت ئەخلاقى. مانا مۇشۇنداق ساغلام مۇھەببەت ئەخلاقى بولغانلىقى ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ ئىپپەت قارىشى ئۆزىنىڭ غۇرۇرى، شان ـ شەرىپى، ئىززەت ـ ئابرۇيى، ھەتتا ھايات ـ ماماتى بىلەن ئوخشاش مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. شۇنداق بولغاچقىمۇ ئۇيغۇر ئەرلىرى ئۆزىنىڭ كەڭ قورساق مەردانىلىقى بىلەن ھەر قانداق ئېغىر گۇناھ ـ قىساسلارنى ئەپۇ قىلالايدۇكى، ئەمما، ئىگىچە ـ سىڭىل، خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئىپپىتىگە داغ تەككۈزىدىغان ھەر قانداق ئىشنى ئەپۇ قىلالمايدۇ.

ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن، بۇ تۇيۇقتا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەتىۋارلىق نەرسىگە يات نەزەر تىكىلسە «ئاچ كىرىپ قالىدۇ» دېگەن ئېتىقاد قارىشى كىرگۈزۈۋېتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىزنىڭ ئەل ئىچى ئۇششاق ئېتىقاد ـ ئادەتلىرىمىزنى تەتقىق قىلىشىمىزدا مۇھىم ھۆججەتلىك رولى بار.

دېمەك، شائىر تېيىپجان ئېلىيوف ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزدىكى يېتۈك شائىر بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ شېئىرلىرىمۇ ئۆرپ ـ ئادەت فولكلورىمىزنى ئۆز تېنىدە ساقلىغۇچى قىممەتلىك مەدەنىيەت خەزىنىمىزدۇر.

## پايدىلانمىلار


1. مۇھەممەت رېھىم نەشرگە تەييارلىغان: «تېيىپجان ئېلىيوف شېئىرلىرى»، 1 ـ 2 ـ توم ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1997 ـ يىل 1 ـ نەشرى.
2. نۇرمۇھەممەت زامان: «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 1 ـ نەشرى.
3. ئازاد سۇلتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىل 4 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
4. قاۋسىلقان قامىجان: «ئىز ۋە ئۆلگە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 1 ـ نەشرى.
5. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1989 ـ يىل 1 ـ نەشرى.
6. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىل 1 ـ نەشرى.
7. «مىراس» ژۇرنىلى، 2002 ـ يىللىق 1 ـ سان.
8. «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1996 ـ يىللىق 4 ـ سان.
9. مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋۇدۇن قاتارلىقلار تۈزگەن «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، 24 ـ بەت.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2011) 04-103-07

# باس غىجەك ماھارەت مەشقى ۋە ئۇقۇم توغرىسىدا ئىزدىنىش*

مۇھەممەت ئەلى ئابدۇكېرىم

(شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830049)

قىسقىچە مەزمۇنى : بۇ ماقالىدە ئاساسلىق باس غىجەكنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ھەمدە ئورۇنداشتىن بۇرۇنقى توغرا تەن قىياپىتى ۋە تەييارلىق ھالىتى، يەنى كامانچە تۇتۇش ھالىتى، ئوڭ-سول بىلەكلەر ۋە بارماقلارنىڭ رولى، توغرا ھالىتى، كامانچە تارتىشنىڭ توغرا ھالىتى، ئۇسۇل ۋە تەلەپلىرى چۈشەندۈرۈلىدۇ. شۇنداقلا، باس غىجەك ئورۇنداشتا زۆرۈر بولغان مەشىقلەر ۋە مەشىق قىلىشنىڭ توغرا ئۇسۇلى ۋە ماھارىتى توغرىسىدىكى ئۇقۇملار ۋە مۇھىم نۇقتىلار، قويۇلىدىغان تەلەپلەر شەرھلىنىدۇ.

**摘要：** 低音艾捷克的演奏应当是情感、理性和技巧的统一，它的外在形式是体态和手势的统一。演奏低音艾捷克时，左右手技巧浑然一体，右手技巧应为左手服务，两者必须很好的配合，训练习中要求同等严格。本文主要谈谈有关持琴姿式和左、右手训练的一些问题。

**Abstract:** The performance of bass ghijek needs the unity of emotion, rationality and skill. Its extrinsic form needs the unity of posture and gesture. When playing bass ghijek, a one-integrated mass of left-and-right-hand skill is needed, right-hand skill should serve left hand, two hands should match perfectly which is strictly required while training. In this paper, the author talks mainly about some problems on holding posture and right and left hand training.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: J63 ماتېرىيال بەلگىسى: A

باس غىجەك ئۇيغۇر مىللىي چالغۇلىرى ئىچىدىكى تۆۋەن ئاۋازلىق، كامانچىلىق چالغۇ بولۇپ، مۇزىكىلىق تىلى كۈچلۈك، تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە. ئىچكى ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە باي بولغان مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى شۇنداقلا مىللىي ئوركېستىردىكى مۇزىكىنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىدۇ.

باس غىجەك يۇقىرى ئاۋازلىق غىجەك ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن چالغۇ. ئەڭ دەسلەپتە يەنى 1940-يىللىرى ئۆزبېكىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن كومپوزىتور ئا. ئى. پېتروسىيانس رەھبەرلىكىدىكى مۇزىكا تەتقىقاتچىلىرى ھازىرقى زامان ئورۇنداش تەلەپلىرىگە ماسلاشتۇردى. شۇ جەرياندا غىجەك، ئالت غىجەك، باس غىجەك، كونترا باس غىجەكلەر بارلىققا كەلدى. ئىسلاھ قىلىنغان بۇ غىجەكلەردە ئەنئەنىۋى ۋە ھازىرقى زامان ئورۇنداش ئۇسلۇبى ئۈچۈن ھەممە ئىمكانىيەتلەر يارىتىلدى.

1950-يىللىرى ئۆزبېكىستان بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، بولۇپمۇ ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتىكى ئالاقە ھەم ئۇيغۇر مۇزىكا تەتقىقاتچىسى مۇھەممەتخان ھاشىم ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە ھازىرقى ئومۇملاشقان غىجەكلەر بارلىققا كەلگەن. 20-ئەسىرنىڭ 50-60-يىللىرىغا كەلگەندە غىجەك يېڭىچە تەرەققىيات دەۋرىگە يۈزلەندى.

مەشھۇر مۇزىكانت، كومپوزىتور، مۇزىكا مائارىپچىسى مەرھۇم ئۇستاز شىرئەلى ھاشىم ھاجى،

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 5-ئاينىڭ 23-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: مۇھەممەت ئەلى ئابدۇكېرىم ( 1973-يىلى 11-ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ماگىستىر، چوڭ ئىسكرىپكا ۋە باس غىجەك ئورۇنداش ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ماھىر چالغۇچى ئۇستاز ئابدۇللا ھاموت، تەتقىقاتچى مۇھەممەتخان ھاشىملارنىڭ تىرىشىشى نەتىجىسىدە غىجەك كەڭ كۆلەمدە ئىسلاھ قىلىنىپ، نۇرغۇن غىجەك تۈرلىرى بارلىققا كەلدى. مانا بۇنىڭ ئارىسىدا باس غىجەكمۇ بار. باس غىجەك مىللىي ئوركېستىردا مۇزىكىنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىدۇ. باس غىجەك ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى. باس غىجەكنى چېلىشتا ھەرخىل تېخنىكىلىق قائىدىلەرنى ئىگىلىمەي تۇرۇپ ئۇنىڭدىن گۈزەل، يېقىملىق ئاۋاز چىقارغىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن پۇختا ئىگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە باس غىجەك چېلىش قائىدىلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى.

## 1. باس غىجەك تۇتۇش ھالىتى

باس غىجەك تۇتۇش ھالىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپ سىلىق، تەبىئىي ئورۇنداشقا ئەپلىك بولۇشتىن ئىبارەت.

بىرىنچى قەدەمدە، باس غىجەكنى قولغا ئېلىشتىن بۇرۇن ياخشى ئولتۇرۇش، ئاندىن ئىككى مۈرىنى تۈز قىلىش، ئۇدۇلغا قاراپ بويىنىنى ئەركىن تۇتۇش، ئىككى پۇتنى باس غىجەك كەڭلىكىدە ئېچىپ، ئىككى پۇتنىڭ ئۇچى بىر ـ بىرىگە يېقىنراق بولۇشى كېرەك. يەرگە پۇتنىڭ ئۇچىدىراق دەسسەش، سول پۇتنى سەل ئالدىغا سۈرۈپ بەدەننىڭ ئۈستى قىسمىنى تىك تۇتۇش، قولنى تىزنىڭ ئۈستىگە قويۇش لازىم.

ئىككىنچى قەدەمدە باس غىجەكنى ئىككى پۇت ئارىسىغا قويۇپ، غىجەك تىرىكىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى تەڭشەش، غىجەكنى ياخشى جايلاشتۇرغاندىن كېيىن، غىجەكنىڭ سېپىنى بويۇننىڭ سول تەرىپىگە يېقىن ئەكېلىش، ئاندىن قۇرۇق قول مەشقىنى باشلاش، يەنى سول قولنى پەدە ئۈستىدە يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئوڭ قولدا كامانچىنى تارغا سۈركەش كېرەك. بۇ چاغدا چالغۇچى ھەرىكەتتە بولسىمۇ غىجەكنىڭ ناھايىتى مۇقىم تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىش زۆرۈر.

ئۈچىنچى قەدەمدە، سول قولدا غىجەك ۋېپىدىن تۇتۇپ، غىجەكنى بەدەندىن سەل يىراقلاشتۇرۇش ۋە ئىككى يوتا ئارىسىغا قويۇپ ئولتۇرۇش، ئاندىن غىجەكنى دۇرۇسلاش لازىم.

تۆتىنچى قەدەمدە، ئۈچ قەدەم ئاساسىدا پۇتنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، يەنى سول پۇتنى كەينىگە تارتىش، شۇنىڭغا ماس ھالدا ئوڭ تاپاننى سەل كۆتۈرۈش، (بۇنداق قىلغاندا غىجەكنىڭ بەدەننىڭ سول تەرىپىدە بولۇشىغا قولايلىق تۇغۇلىدۇ)، (C) تارنى تارتىپ يەنە ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇش، ئەكسىچە بولغاندا، ئوڭ پۇتنى كەينىگە تارتىپ، سول تاپاننى سەل كۆتۈرۈش، (A) تارنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. بۇنىڭدا بەدەننىڭ پۇتقا ئەگىشىپ تەۋرىنىپ كەتمەسلىكى تەلەپ قىلىنىدۇ. بەشىنچى قەدەمدە، ئورۇنداش باشلانغاندا بەدەننى ئەھۋالغا قاراپ ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئەمما ھەرىكەت زىيادە بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

## 2. باس غىجەك ماھارەت مەشقى

باس غىجەك ماھارەت مەشقىدە سول قول بىلەن ئوڭ قولنى ماسلاشتۇرۇش ناھايىتى مۇھىم. سول قول مەشقى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

باس غىجەك مەشقىدە ئاھاڭلارنى سۈزۈك ئورۇنداشتا، سول بارماقلارنىڭ جانلىق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بىز ئاھاڭلارنى تېز ئورۇندىغاندا سۈزۈك، دانىمۇ ـ دانە بولۇشتەك ئۈنۈمگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىمىز.

قولنى باس غىجەك چېلىشقا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم قولنى كۆندۈرۈش كېرەك.

(1) ئەپچىل قول شەكلى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدا سول قول ئاساسەن ياي شەكلىدە بولىدۇ.

بىرىنچى قەدەمدە باش بارماقنى بىگىز بارماق، ئوتتۇرا بارماقلارغا ئۇدۇللاش؛ بىگىز بارماققا تېخىمۇ

يېقىنلاشتۇرۇپ، ئاستا بىر تال تار ئۈستىگە قويۇپ، بىلەكنى ئەركىن قويۇپ بېرىش، بېغىشنى تۈز تۇتۇش، جەينەك بىلەن بارماقلارنىڭ تۈز سىزىقلىق ھالىتىنى ساقلاش كېرەك.

ئىككىنچى قەدەمدە تۆت بارماقنى تۆۋەندىن تېزلا كۆتۈرۈپ تارغا يېقىنلاشتۇرۇش، بارماقلارنىڭ ئارىلىقىنى ساقلاپ، بارماقلارنى رەتلىك تۇتۇش، ئېگىز-پەس قىلىۋالماسلىق كېرەك.

ئۈچىنچى قەدەمدە تۆت بارماقنى بىرلا ۋاقىتتا تارغا تەگكۈزۈش ۋە بۇ ھەرىكەتنى تەكرارلاش لازىم.

(2) يۇقىرىقى مەشىقلەر ئاساسىدا ئايرىم بارماقلار بىلەن تار بېسىش مەشقى قىلىش لازىم.

بىرىنچى قەدەمدە، ئاۋۋال تۆت بارماقنىڭ تۇتۇش ھالىتى تەكشى بولۇشى، ئاندىن بىر تال تار ئۈستىدە تۇرغۇزۇلۇشى لازىم.

ئىككىنچى قەدەمدە، تارنى بارماقلار بىلەن بىۋاستە، رىتىملىق، جانلىق بېسىش كېرەك. بۇنىڭدا بارماق تۆۋەنكى بوغۇمنى ئاساس قىلىپ، بارماقلاردىكى ھەرقايسى بوغۇملارنى ئەركىن قويۇپ بېرىش، ھەر بىر بارماق تار ئۈستىگە چۈشكەندە بۇرۇن چۈشكەن بارماقنى يەنىلا تار ئۈستىدە ساقلاش لازىم.

ئۈچىنچى قەدەمدە، بارماقلارنى تاردىن بىر-بىرلەپ كۆتۈرۈش كېرەك.

بۇنىڭدا يەنىلا بارماق تۆۋەندىكى بوغۇمنى ئاساس قىلىپ، بارماقنى تېز كۆتۈرۈش، ھەرىكەت تېز، جانلىق بولۇشى كېرەك. ھەر بىر بارماقنى كۆتۈرۈش بىلەن تەڭ، كېيىنكى بارماققا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، كۆتۈرۈلگەن بارماقلار تارنىڭ ئۈستى تەرىپىدە تۇرۇشى كېرەك.

تۆتىنچى قەدەمدە، كامانچىدا چېلىش مەشقى قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا ئاۋاز رىتىملىق بولۇشى كېرەك، بارماقلىرىمىزنىڭ ئىنچىكە -تومۇلۇقى، ئۇزۇن - قىسقىلىقى، كۈچلۈك-ئاجىزلىقى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسەك ئاۋاز رىتىمسىز چىقىدۇ. شۇڭا قۇرۇق قول مەشقى قىلغاندا، بىرىنچىدىن تۆت بارماق بىر-بىرلەپ كۆتۈرۈلۈشى، ئىككىنچىدىن بىگىز، ئوتتۇرا، نامسىز ۋە چىمچىلاق بارماقلار تارنى رەت بويىچە بېسىشى، ئۈچىنچىدىن بارماقلار تېز، جانلىق ۋە تەكشى ھەرىكەتلىنىشى كېرەك. بارماق بېسىش ۋە كۆتۈرۈش مەشىقىدە مۇنداق بىر ئۇقۇمنى ئېنىقلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، «مۇستەقىل» بولۇش بىلەن «ئېلاستىكىلىق» بولۇشتۇر. بىرلا بارماقتا مەشىق قىلغاندا بارماقنىڭ يالغۇز ھەرىكەتلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، قول شەكلىنى ساقلاش تەسكە چۈشىدۇ، توغرىلىقىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

## 3. پەدىنى ياخشى بېسىش ۋە ۋىبراتو (تەۋرىتىش) ئىشلىتىش، ئاھاڭنىڭ مۇزىكىلىقىنى ئىپادىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستىدۇر

پەدە بېسىشتا، باس غىجەكنىڭ تارى تومراق بولغاچقا ئۇنى بېسىشقا كۈچ كېتىدۇ. لېكىن، پەدىنى مۇستەھكەم بېسىش، ئۇنى قاتتىق بېسىپ تۇرۇۋېلىشقا قارىتىلمايدۇ. بۇ ئۇلارنى ئۇقۇم جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈش زۆرۈرىيىتى بولغان بېسىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا چىققان ئاۋاز جانلىق بولىدۇ، قاتتىق بېسىلىش بولسا تارنى ئارتۇقچە قاتتىق بېسىۋېلىشقا قارىتىلىدۇ. بۇنىڭدا چىققان ئاۋاز جانسىز بولىدۇ.

ۋىبراتو ئىشلىتىش: ۋىبراتو ئىشلىتىش يەنى تارنى تىترىتىش مۇرەككەپرەك باسقۇچ. چۈنكى، ئۇ مۇزىكانتنىڭ مۇزىكا خاراكتېرى ۋە ئاۋازغا بولغان سېزىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ يەردە پەقەت ۋىبراتو ئاۋاز ۋە ئۇنى ئىگىلەش ماھارىتىلا تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئاۋازنى ۋىبراتو ئىشلىتىپ تەبىئىي چىقىرىشتا ئۈچ نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1) تارنى مۇستەھكەم بېسىش، تارنى ياخشى بېسىش ۋىبراتو ئىشلىتىش ماھارىتىنى ياخشى ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭدا مۇرە، جەينەكنىڭ ئۈستى قىسمىنى ئەركىن قويۇپ بېرىپ، بېغىشنى تەكشى تۇتۇش، جەينەك بىلەن بارماق ئۇچىنىڭ بىر گەۋدىلىكىنى ساقلاش كېرەك. بۇنىڭدا بارماقنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بىرىنچى بوغۇمىنى تەكشى تۇتۇشنى ئۆگىنىۋېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنداق قىلغاندا بارماق ئۇچىنىڭ تار بىلەن ئۇچرىشىش يۈزى كەڭ بولىدۇ. كۈچمۇ ئاسان يەتكۈزۈلىدۇ، چىققان ئاۋاز تولغان بولىدۇ. بولۇپمۇ بارمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن ۋە ئۇچلۇقراق كىشىلەر شۇنداق قىلىشى كېرەك. مەشىق قىلغاندا ئاۋۋال بارماقنىڭ بىرىنچى بوغۇمى بىلەن تار بېسىش، ئاندىن ئىچى تەرەپكە ئېگىپ قايتا ـ قايتا مەشىق قىلىش كېرەك.

2) تەكشى بولۇش، بۇنىڭدا سۈرئەتنى تېزگىنلەش ئەڭ مۇھىم جەريان بولۇپ، ۋىبراتو ئىشلىتىشنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىشتىكى ئۆلچەمدۇر. ھەر بىر بارماقتا ئوخشاش تەرەپكە ۋىبراتو ئىشلىتىش كېرەك.

3) تۆت بارماقتا تارنى بېسىپ تەڭلا ۋىبراتو ئىشلىتىش ۋە ۋىبراتو ئىشلىتىش جەريانىدا بارماقلارنى رىتىم بويىچە كۆتۈرۈش ۋە بېسىش، بارماقنىڭ ۋىبراتو ئىشلىتىش تەرتىپى ئوخشاش بولۇش كېرەك. مۇنداق بولغاندا پەدە يۆتكىگەندە ۋە بارماق ئالماشتۇرغاندا ۋىبراتو ئىشلىتىش توختاپ قالمايدۇ.

## 4. پەدە يۆتكەش سول قول تېخنىكىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىدۇر

پەدە يۆتكەشنىڭ مۇھىملىقى شۇ يەردىكى، ئۇنى ياخشى ياكى ناچار ئورۇنداش باس غىجەك ماھارەت مەشىقىنىڭ ياخشى بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز دائىم بۇنداق ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىمىز، يەنى پەدە يۆتكىمىگەندە مۇزىكا بۆلەكلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئورۇندايمىز ـ يۇ، پەدە يۆتكەش بىلەنلا خاتالىشىپ قالىمىز. پەدە يۆتكەش ئورۇن ئالماشتۇرىدىغان ھەرىكەت بولغاچقا، يۆتكەش جەريانىدا تەڭپۇڭلۇق ئاسانلا بۇزۇلىدۇ. شۇڭلاشقا يۆتكىلىدىغان پەدىگە قارىتا كۆڭۈلدە سان بولۇشى كېرەك.

1) ئورۇن ئىزدەش. ھەر بىر پەدىدە قولنىڭ توغرا شەكلى، يەنى ئەڭ تەبىئىي ھالەتتىكى ئەڭ مۇۋاپىق ئورنى بولۇش، ئۇنى ھەرقايسى تەرەپتىن تېپىشتىن قەتئىينەزەر تېز تېپىش، ھەرگىزمۇ «شەكىل ئۆزگىرىشى» بولماسلىقى كېرەك.

پەدە يۆتكەش مەشىقى، جەينەكتىن بارماق ئۇچىغىچە بولغان جايلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، بېغىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ، بۈتۈن پەدىدە يۆتكەپ مەشىق قىلىش كېرەك.

سۈرئىتى بىلەن تەڭ پەدە يۆتكەش. سۈرئىتى تېز بولغاندا پەدە ئارىلىقىغا دىققەت قىلىش، ئورنىغا تېز يېتىش كېرەك. بەزىدە پەدە يۆتكىمەستىن بىرلا بارماقتا ئاۋاز چىقىرىلىدۇ. ئەمما، بۇنداق ئەھۋالدا ھەرىكەت چوقۇم تېز بولۇشى كېرەك. ئاستا ياكى ئوتتۇراھال سۈرئەتتىكى مۇزىكىلارنى ئورۇندىغاندا پەدە يۆتكەش ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى، سۈرئەت ۋە چېلىۋاتقان مۇزىكا ماسلىشىشى كېرەك.

2) ياخشى سول قول تېخنىكىسى كۈچلۈك بارماقلار بىلەن ئورۇندىلىدۇ. بارماقلارنىڭ بوغۇمى بەلگىلىك بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، بۇ خۇددى ساغلام پۇتتا ئەركىن ماڭغىلى بولغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. بارماقنىڭ ئىقتىدارى تار بېسىش كۈچىگىلا قارىتىلماستىن، بەلكى تار بېسىش كۈچىگىمۇ قارىتىلىدۇ. كۈچلۈك چالغاندا بەشتە ئۈچ كۈچتە بېسىش، قالغان بەشتە ئىككى كۈچنى بارماقنى كۈچەيتىشكە قالدۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ نامسىز، چىمچىلاق بارماقنىڭ ئىككىنچى بوغۇمى تۈز تۇرۇشى، پەدە يۆتكىگەندە بارماق تار ئۈستىدە تىك سىيرىلىپ ھەرىكەتلىنىشى كېرەك.

ئوڭ قول مەشىقى تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئاۋاز چىقىرىش باس غىجەك چېلىشتىكى يادرولۇق مەسىلە. چۈنكى، مۇزىكا ئاۋاز سەنئىتىدۇر. مۇزىكىنىڭ ئوبرازلىق، مۇكەممەل يارىتىلىشى ئاۋازنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. باس غىجەك چېلىشتا پائالىيەتلەر ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئاڭلىغۇچىلاردا چوڭقۇر ئوي ـ پىكىر ۋە تەسەۋۋۇر پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ھاياجىنىنى قوزغايدۇ. باس غىجەكتە ئوڭ قول تېخنىكىسى سول قول تېخنىكىسىغا قارىغاندا كۆپ تەس. سول قولنىڭ ھەرىكىتىمۇ بىر قەدەر تۇراقلىق بولۇپ، پەدە يۆتكىگەندىلا ھەرىكەتتە

بولىدۇ.

## 5. كۈچنى توغرا ئىشلىتىش

باس غىجەك چېلىش ئىجادىي خاراكتېرلىك ئەمگەك بولۇپ، ھامان كۈچ كېتىدۇ، مۇھىمى كۈچنى توغرا ئىشلىتىشتە. ئاۋاز تارنىڭ ياخشى تەۋرىنىشى ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان بولغاچقا كامانچىنى تارتقاندا تارنىڭ تەۋرىنىشىگە يەتمەسلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن: (PIZZ) بىلەن (G) تارنى باسساق قولىمىز تاردىن ئايرىلىشىغىلا تارنىڭ تەۋرىنىشىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى كۆرەلىشىمىز كېرەك. كامانچىدا چالغاندا كامانچە تارنى داۋاملىق تەۋرىتىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ ئۇقۇم بويىچە (G) تارنى باسسا تارنىڭ تەۋرىنىشى ئەركىن، تەكشى چىقىدۇ. بىلەك، جەينەك، بېغىش ۋە بارماقلارنىڭ ھەرىكىتى، شۇنداقلا دىققىتىمىز تارلارغا مەركەزلەشكەنلىكتىن، ماسلىشىش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز، بۇنىڭ بىلەن ئاۋاز ساپ چىقىدۇ. سازلىغاندا دىققەت تاۋۇش توغرىلىقىغا مەركەزلىشىپ قالىدىغان بولغاچقا ھەم ناھايىتى دىققەت قىلىپ ئاڭلىغاچقا، ئەڭ ساپ تەبىئىي ئاۋازنى چىقارغىلى بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئىپادىلەش كۈچى بولمىغان ئاۋازدۇر. لېكىن بۇ ئاۋاز ھەرخىل گۈزەل مۇزىكىلارنى چېلىشنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ چاغدا «بىلەك ئېغىرلىقى»، «بېسىم» دېگەنلەرنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى بۇلار ئاسانلا يۇقىرىدىن- تۆۋەنگە قارىتا ئىشلىتىلگەن كۈچ دەپ قارىلىدۇ-دە، بىلەك قېتىپ كامانچە تارتىش قولايسىزلىشىپ، قوپال ئاۋاز چىقىدۇ. بىز دائىم تار تەڭشىگەندە ئاۋازنىڭ ناھايىتى راۋان، سۈزۈك چىققانلىقىنى، سول قولنى قويۇش بىلەنلا ئاۋازنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىدىغانلىقىنى بايقايمىز. توغرا ئىشلىتىلگەن كۈچ توغرا يۆنىلىشلىك ھەرىكەت بولىدۇ. شۇڭا، كامانچىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە كامانچە ياغىچىنىڭ يايىلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كامانچە بىلەن تارنىڭ ئۈچرىشىشىنى قويۇقلاشتۇرىمىز، لېكىن باسماسلىقىمىز، تارغا تەبىئىي تەۋرىنىش شارائىتىنى يارىتىشىمىز كېرەك. تارنىڭ تەۋرىنىشى كامانچىنىڭ سۈركىلىشى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. كۈچنىڭ ئۆزگىرىشى، كامانچە سۈرئىتى ۋە تار بىلەن ئۈچرىشىش نۇقتىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئوخشىمىغان ئاۋازلار كېلىپ چىقىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، تارنىڭ تولۇق، ئومۇميۈزلۈك تەۋرىنىشى ئۈچۈن، كامانچىنى خەرەككە يېقىن سۈركەپ، قۇرۇق تاردىلا مەشىق قىلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. لېكىن، ئاستا بولۇش، بىلەكلەرنى ئەركىن قويۇۋېتىش، كامانچە ياغىچىنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

1) ئەركىن تۇتۇشتىكى مەقسەت راۋان بولۇش ئۈچۈندۇر.

ئوڭ قول بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، كۈچ مۈرە، جەينەك، بېغىش ۋە ئالقان ئارقىلىق كامانچىغا يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ جەرياندا بىرەر بوغۇمدا جىددىيلىشىش بولسا كۈچنىڭ يۈرۈشىشىگە تەسىر يېتىشى مۇقەررەر. شۇڭا، دائىم مۇزىكا ئورۇندىغۇچىلارغا ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشى ئەسكەرتىلىدۇ. لېكىن ئەركىن تۇتۇشنىڭ ئۆزى مۇددىئا ئەمەس. ئەركىن تۇتۇشتىكى مەقسەت كۈچنىڭ راۋان يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. راۋانلىققا توسقۇن بولۇش ئۇقۇمى كۆپچىلىككە ئايان، بەك ئەركىن بولۇشمۇ راۋانلىققا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەگەر بارماق بەك ئەركىن بولسا كامانچىنى ياخشى تىزگىنلىگىلى بولمايدۇ، كۈچنىڭ يۈرۈشۈشىگە دەخلى يېتىدۇ. بېغىش بەك ئەركىن بولسا كامانچە ئالماشتۇرغاندا كۈچ ئاسانلا تاشلىنىۋېتىلىدۇ. مۈرە بىلەن جەينەك بەك ئەركىن بولسا كۈچ دەل جايىغا يەتكۈزۈلمەي قالىدۇ. شۇڭا، پۈتۈنلەي ئەركىن قويۇۋېتىلگەن ھالەتنىمۇ ياخشى ھالەت دېگىلى بولمايدۇ. بۇ پەقەت ئارام ئېلىش ھالىتىدىن ئىبارەت. بىزگە لازىمى ئەڭ ياخشى خىزمەت ھالىتى بولۇپ، بۇ خىل ھالەتكە بەلگىلىك جىددىيلىك زۆرۈردۇر. باس غىجەك چالغاندا بىرخىللا كۈچ ئىشلىتىلمەيدۇ، بەزىدە كۈچلۈكرەك، بەزىدە ئاجىزراق بولىدۇ. لېكىن مەيلى قايسى خىلدىكى كۈچنى

www.uyghurkitap.com



ئىشلىتىلىشى، ئۇنىڭ راۋان يۈرگۈزۈلۈشىگە توسقۇنلۇق بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كامانچە تارتقاندا، ئۇنىڭ قىرلىرىدا يۈز نۇقتا بار دەپ پەرەز قىلىش، قولدىكى ھەر بىر ئورۇننىڭ بۇ نۇقتىغا سەزگۈسى بولۇش كېرەك.

قول، بىلەكلەرنىڭ كېرىلىشى ۋە تارىيىشى ئاككوردىيوننىڭ يەل ساندۇقىدەك تەكشى بىر گەۋدىلىك ھەرىكەتتە بولۇشى كېرەك. مەيلى ئۆزۈن ياكى قىسقا كامانچە ئىشلىتەيلى، مەيلى كامانچىنىڭ قايسى بۆلىكىدە چالايلى، قول، بىلەكلىرىمىزنىڭ ھەر بىر بوغۇملىرى ماسلىشىپ ھەرىكەتلىنىشى كېرەك. ئادەتتە، قايسى بوغۇم ھەرىكەتلەنمىسە شۇ يەر توسۇلۇپ قالغان بولىدۇ.

2) كامانچىنى ياخشى تۇتۇش كۈچ بىلەن تارنى تەبىئىي ئۇچراشتۇرىدۇ.

ئادەمنىڭ ھەرىكەتتىكى قولى بىلەن كامانچە ئۇچرىشىدۇ ھەم تار ئۇستىدە رول ئوينايدۇ، شۇڭا كامانچىنى ياخشى تۇتۇش-تۇتماسلىق تارنىڭ تەۋرىنىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىزگە كېرىكى، جانلىق، ئېلاستىكىلىقتا ئىگە قول ئارقىلىق كامانچىنى تىرىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ يەردە پەقەت ئەڭ ئاساسىي مەشىق قىلىنىدۇ.

كامانچە تۇتۇش مەشىقى: بىرىنچى قەدەمدە ئاۋۋال سول قولدا كامانچىنى تىك تۇرغۇزۇپ كامانچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۇنىڭ قىلىنى ئالقانغا قارىتىپ تۇتىمىز، ئاندىن ئوڭ قولدىمۇ بارماقلار بىر- بىرىدىن سەل ئايرىلغان، ئەركىن ھالدا كامانچە تۇتىمىز. باش بارماق تەرەپكىرەك سۈرىمىز.

كامانچە ياغىچى بىگىز بارماقنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىن ئۆتۈپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئىككىنچى قەدەمدە سول قولنى قويۇۋېتىپ، ئوڭ قولدا كامانچە تۇتىمىز ھەمدە بېغىشنى ھەرىكەتلەندۈرىمىز. بۇچاغدا كامانچە يەنىلا تىك ھالىتىنى ساقلىشى كېرەك. ئۈچىنچى قەدەمدە سول قولنىڭ ياردىمىدە كامانچىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئوتتۇرىنى تار ئۈستىگە قويىمىز. بۇنىڭدا ئوڭ قول بۇرۇنقى ھالىتىنى ۋە كۈچىنى ساقلىشى، كامانچە تارتقاندا ھالەت ۋە تۇتۇش كۈچى ئۆزگەرمەسلىكى كېرەك.

3) بارماقلارنىڭ چاققان بولۇشى ۋە كۈچ ئۆزگىرىشى

ئۆزۈن كامانچە تارتىش: كامانچە تۇۋىدىكى چاغدا بارماقلار تىك بولۇشى، چىمچىلاق بارماق بىلەن باش بارماق سەل ئېگىلىشى، بىگىز بارماق تۈزرەك تۇرۇشى؛ كامانچە يۈرگۈزگەندە قول ۋە ھەر قايسى بوغۇملار كېرىلىشى، بىگىز بارماق بولسا تەدرىجىي ئېگىلىشى، تارنىڭ ئۇچىغا كەلگەندە باش بارماق ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ، قول غىجەك تەرەپكە يانتۇلىشىشى، جەينەك تۈز بولۇپ قالماسلىقى، بېغىش بەك ئىچىگە كىرىپ كەتمەسلىكى؛ كامانچە ئۇچىدىن تۇۋىگە قارىتىپ تارتقاندا بىلەك ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرۈلۈشى، مۈرە كۈچى ئىشلەتمەسلىكى، بارماقلار بىر-بىرلەپ ئۆز ئورنىغا قايتىشى كېرەك.

كامانچە تار ئالماشتۇرغاندا تارغا بولغان «سەزگۈسى»نى يوقىتىپ قويماسلىقى كېرەك.

كامانچىنى تاردىن- تارغا يۆتكەش مەشىقىدە سول قولدا پەدە يۆتكىگەندەك سەللا دىققەت قىلىنمىسا چېلىشقا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا تارنىڭ تەۋرىنىشى ۋە كۈچىنىڭ يۈرۈشۈشىگە كاشىلا بولماسلىققا دىققەت قىلىش كېرەك.

4) كامانچە يۆتكەش

كامانچە ياغىچىنىڭ ياي سىزىقى بويىچە بىۋاستە يۆتكەش كېرەك. ئەمما بۇنىڭدا، بىرىنچىدىن، يۆتكەشتىن بۇرۇن تېزلىشىپ كەتمەسلىككە، ئىككىنچىدىن، يېڭى كامانچە باشلىغاندا ئاۋازنىڭ قايتىلانماسلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

تار يۆتكەش: باس غىجەكنىڭ تۆت تارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئەڭ ياخشى چېلىنىش يۈزى بولىدۇ. قولىمىز (C) تاردا تۇرۇپ (A) تارنى تارتىشقا بولمايدۇ. شۇڭا، تار ئالماشتۇرغاندا تار بىلەن ئوخشىمىغان تەرەپتىن ئۇچرىشىش كېرەك. ئومۇمەن ئېيتقاندا تارنىڭ يەتتە تار يۈزى ۋە مۇقىم ھەرىكەتلىنىدىغان ئۈچ تار يۈزى بولىدۇ. تار ئالماشتۇرغاندا تار يۈزىگە دىققەت قىلمىساق، قول ئۆز ئورۇنلىرىغا بارالمايدۇ ـ دە، جىددىيلىشىش، ماسلاشماسلىق، تارغا بولغان سېزىم يوقىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ.

ئومۇمەن يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن يەنى باس غىجەك

ماھارەت مەشقلىرىدىن ئاساسلىق ئىككى مەسىلىنى كۆرۈۋالايمىز: بىرى، راۋان بولۇش، يەنى قول كۈچىنى مەركەزلەشتۇرگەن ئاساستا تارنىڭ ئەركىن، ئەۋرىشىم تەۋرىنىشىگە ياردەم بېرىش. يەنە بىرى، ھەرىكەتچان بولۇش، بۇنىڭدىن باشقا مەشىق ئىشلىگەندە كۆپ ئويلاش، كۆپ ئىزدىنىش، كۆپ تەكرارلاش، ھارماي ئۆگىنىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش، ئۇقۇم بىلەن تەلەپنى ئېنىق ئايرىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئاخىرىدا، باس غىجەك ئۆگىنىشتە ئاڭلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ھەۋەسكارلارغا بىلدۇرۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى باس غىجەك ماھارەت مەشقلىرىنىڭ ھەممىسى قۇلاقنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن بولىدۇ. ناۋادا ئاڭلاش ئىقتىدارى تۆۋەن بولسا ئاۋاز تۇسىنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇ چاغدا، ماھارەت مەشقلىرىنىڭمۇ دېگەندەك ئۈنۈمى بولمايدۇ. ئاڭلاش ئىقتىدارىدىمۇ قول مەشقىگە ئوخشاش ئىش كۆرۈشكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا، قۇلاقنىڭ پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى كۆپ سېلىشتۇرۇش، ئۈنى مەشىق ئارقىلىق ئۆستۈرۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا باس غىجەكنىڭ ئاساسلىق ئورۇنداش تېخنىكىسىنى بىر قەدەر پۇختا ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. «چېلو ئورۇنداش ۋە چېلو ئوقۇشلۇقى» (خەنزۇچە)، جۇڭگو گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتى گۈزەل-سەنئەت نەشرىياتى، 1995-يىلى 5- ئاي، تۇنجى نەشرى.
2. ئابدۇكېرىم ئوسمان: «غىجەك دەرسلىكى».


**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن**

www.uyghurkitap.com

32 ـ يىللىق 4 ـ سان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 第 32 卷第 4 期
2011 ـ يىلى 12 ـ ئاي 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) 2011 年 12 月

ماقالە نومۇرى: 11 ـ 110 ـ 04 (2011) 5878 ـ 1005

# دۆلىتىمىز ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدىكى گۇۋاھلىق تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا*

نۇرۇنگۈل توختى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** مەزكۇر ماقالىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدىكى گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمىنى چۆرىدىگەن ھالدا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ قانۇن چىقىرىش ئۆرنەكلىرىنى ئۆلگە قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ دەلىل-ئىسپات قانۇنى چىقىرىشتا، گۇۋاھچىنىڭ مەجبۇرىي سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمى بىلەن گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىش ھوقۇقى تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، گۇۋاھلىق تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشى توغرىسىدا تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ.

**摘要:** 该论文浅谈我国民事诉讼法证人制度，接纳了国外的立法经验结合我国证据立法，提出并建议制定证人强制出庭作证制度和证人拒绝出庭作证并进一步完善我国证人制度的。

**Abstract:** In this paper, the author briefly talks about the witness system of China's Civil Procedure Law. The author accepts the legislative experience of overseas and combines with evidence legislation of China, proposes to draw up a system of mandatory appearance of witnesses in the court and their refusal of appearing in court to give evidence to further perfects the witness system of China.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D92 ماتېرىيال بەلگىسى: A

گۇۋاھلىق تۈزۈمى ــ ھەق تەلەپ دەۋاسى جەريانىدىكى گۇۋاھچىلارنىڭ سالاھىيىتى، گۇۋاھلىق بېرىش شەكلى، تەرتىپى، گۇۋاھچىنىڭ ھوقۇق-مەجبۇرىيىتى جەھەتلەردىكى قانۇن- قائىدىلەرنىڭ يىغىندىسى. ئۇ ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى مۇھىم تۈزۈملەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا دەلىل- ئىسپات تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ 2008 - يىلىدىكى يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى خېلى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى بىر قاتار ئەدلىيەلىك ئىزاھاتلارنى ئېلان قىلىپ، گۇۋاھلىق تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى، لېكىن گۇۋاھچىلارنىڭ ئوبيېكتىپ مۇھىتى، ئەقلىي ساپاسى، قانۇن ئېڭىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ۋە باشقا ئامىللارنىڭ تەسىرىدە ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىش، سوتقا چىقىشنى رەت قىلىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىق ئەھۋاللار يەنىلا ساقلانماقتا. گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ مەنبەسىنى ئېنىقلاپ، مۇكەممەل بولغان گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ھەق تەلەپ دېلوسىنى سوت قىلىش تەرتىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۆزگەرتىشتىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ، ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى دېلو ئىشلەش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

گۇۋاھچى ــ دېلو ئەھۋالىنى بىلىدىغان، سوت مەھكىمىسىنىڭ چاقىرىقى بويىچە سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان كىشىنى كۆرسىتىدۇ[1]. گۇۋاھچى ئۆزى بىلىدىغان دېلو پاكىتىنى سوت مەھكىمىسىگە ئېغىزچە ياكى يازمىچە بايان قىلىدۇ. ئۇ يازما ئىسپات، ماددىي ئىسپات ۋە كۆرۈش، ئاڭلاش ئەسۋابلىرىغا

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 11- ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** نۇرۇنگۈل توختى (1970- يىلى 12- ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ھەق تەلەپ قانۇنى تۈزۈمى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئېلىنغان ماتېرىياللار قاتارلىق باشقا ئىسپاتلارنى دەلىللەپ، ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى دەلىل- ئىسپاتنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرىنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، دېلو پاكىتىنى ئىسپاتلايدۇ. نۆۋەتتە سوت قىلىش تەرتىپى جەھەتتىكى ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ دېلو پاكىتىنى ئىسپاتلاشتىكى ئورنى ۋە رولىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلمەكتە.

لېكىن، ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە قانۇن ماددىلىرى مەزمۇنىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ۋە گۇۋاھچىدىكى تۈرلۈك ئامىللار تۈپەيلىدىن سوتقا چىقىشنى رەت قىلىدىغان، يالغان گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئەھۋاللار يەنىلا ساقلانماقتا. بۇ خىل ئەھۋال، بىرىنچىدىن، گۇۋاھچىنىڭ سوتقا چىقماسلىقى ئوچۇق سوت قىلىش پرىنسىپىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ۋە ئاشكارا دەلىل- ئىسپات كۆرسىتىش، ئاشكارا يۈزلەشتۈرۈش، ئاشكارا گۇۋاھلىق بېرىش تەرتىپلىرىنىڭ ھەقىقىي تۈردە ئېلىپ بېرىلىشىغا توسالغۇ بولسا، ئىككىنچىدىن، دەلىل- ئىسپات ماتېرىيالىنىڭ كەمچىل بولۇشى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دەۋا تەلىپىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئۈچىنچىدىن، سوتچىلارنىڭ دېلو پاكىتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشىنى قىيىنلاشتۇرۇپ، دەۋا ئۈنۈمى ۋە دېلو بېجىرىش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا قانۇننىڭ ئىززەت- ھۆرمىتى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ نوپۇزىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەكتە.

## 1. گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى ئورنى ۋە رولى

دۆلىتىمىزنىڭ ئۈچ چوڭ دەۋا قانۇنىدىكى دەلىل- ئىسپاتنىڭ تۈرلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى ئاساسەن بىردەك بولۇپ، دەلىل- ئىسپات تۈرلىرى ئىچىدە گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى گۇۋاھلىق سۆزى گۇۋاھلىق بېرىدىغان سۇبيېكتنىڭ ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنيادىكى شەيئىگە بولغان بىۋاسىتە ئىنكاسى بولۇپ، تىل ۋاسىتىسىنىڭ ياردىمى بىلەن دېلونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى قايتا سۈرەتلەپ، گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ بىۋاسىتە دەلىل- ئىسپاتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ. ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى گۇۋاھلىق تۈزۈمىدە گۇۋاھچىنىڭ سوتقا چىقىپ، ئۆزى بىلىدىغان مۇناسىۋەتلىك دېلو پاكىتىنى بايان قىلىپ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدىغان[2] بولۇپ، بۇ سوتچىلارنىڭ دېلو پاكىتىنى توغرا بېكىتىپ، قانۇن بويىچە توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىغا پايدىلىق. شۇڭا ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ دەۋادىكى ئورنى ۋە رولىغا سەل قارىماسلىقى كېرەك.

بىرىنچىدىن، گۇۋاھلىق بېرىش ئوچۇق سوت قىلىش تۈزۈمىنىڭ ئاساسلىق تەلىپى. ئوچۇق سوت قىلىش تۈزۈمى دېموكراتىيەنىڭ دەۋا جەريانىدىكى ئىپادىسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئەدلىيە ئادىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم ئۇسۇل بولۇپ، خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىش پائالىيىتىنى (كېڭەشمە سوتنىڭ باھالىشىدىن سىرت) قانۇن بويىچە دەۋالاشقۇچىلار ۋە جەمئىيەتكە ئاشكارىلاش تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ[3]. ئوچۇق سوت قىلىش تۈزۈمىدە دەۋالاشقۇچىلارغا سوت ئۈستىدە دەلىل- ئىسپات كۆرسىتىش، دەلىل- ئىسپاتنى نەقلەشتۈرۈش، مۇنازىرىلىشىش، دەلىل- ئىسپاتنى ئېتىراپ قىلىش قاتارلىق ھوقۇقلار بېرىلگەن بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇننىڭ توغرا يۈرگۈزۈلۈشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىشىغا ئوبيېكتىپ شەرت- شارائىت ھازىرلاپ بېرىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەق تەلەپ دەۋاسىدا، گۇۋاھچى چوقۇم سوتقا چىقىپ، ئۆزى بىلىدىغان دېلو ئەھۋالىنى راستچىللىق بىلەن بايان قىلىپ، گۇۋاھلىق سۆزى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. گۇۋاھلىق سۆزى يۈزلەشتۈرۈشتىن كېيىن دېلو پاكىتىنى بېكىتىشنىڭ ئاساسى بولالايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ھەق تەلەپ دەۋاسىدا «كىم تەشەببۇس قىلسا، شۇ ئىسپات كۆرسىتىش» پرىنسىپى يولغا قويۇلغان بولۇپ، گۇۋاھچىلارنى دەۋالاشقۇچىلار تەمىنلەيدۇ. دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى ھوقۇقى كۆپ ھاللاردا گۇۋاھلىق سۆزىگە باغلىق بولىدۇ. ئەگەر گۇۋاھچى گۇۋاھلىق بەرمىسە، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئىسپات كۆرسىتىشى

www.uyghurkitap.com



تۇسالغۇغا ئۇچراپ، دەۋا تەلىپىنىڭ ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ھەق تەلەپ دەۋاسىنى دەۋالاشقۇچىلار قوزغىتىدىغان، دۆلەت ئەدلىيە سوت قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ھوقۇق- مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك ماجرالارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋاستە ۋە تەرتىپ بولۇپ، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىرخىل ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسلىسى، شۇنداقلا قانۇننىڭ ئىززىتى ۋە نورمال سوت قىلىش تەرتىپىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە.گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى ئادەم تەپەككۇرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئاسانلا تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىسپاتلاش كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تاشقى مۇھىتنىڭ گۇۋاھچىغا بولغان تەسىرىنى تۆۋەنلىتىپ، گۇۋاھلىق سۆزىگە توغرا باھا بېرىش ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى مۇھىم ۋە قىيىن نۇقتا.

تۆتىنچىدىن، سەمىمىي، راستچىل بولۇش پىرىنسىپىنىڭ ئەقەللىي تەلىپى. سەمىمىي، راستچىل بولۇش پىرىنسىپى جەمئىيەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى ئاساسىي پىرىنسىپ بولۇپ، كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ مۇقەررەر تاللىشى بولۇپ قالغان. چۈنكى سەمىمىي، راستچىل بولۇش پىرىنسىپى گۇۋاھچىلارنىڭ راستچىللىق بىلەن دەلىل-ئىسپات بىلەن تەمىنلەپ، سوتچىلارنىڭ توغرا، ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ[4]. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى گۇۋاھلىق تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، گۇۋاھچىنىڭ ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى رولىنى جارىي قىلدۇرۇش سەمىمىي، راستچىل بولۇش پىرىنسىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەقەللىي تەلىپى.

بەشىنچىدىن،گۇۋاھلىق بېرىش دەۋا ئۈنۈمىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر يولى. ھەق تەلەپ دەۋاسىدا، دەۋا تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ۋە دەۋا پائالىيىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دەۋا پائالىيىتىنى دەل ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق دەۋا ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىشى ياكى يالغان گۇۋاھلىق بېرىشى دەۋا سۈرۈكى ۋە ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، دەۋا تەننەرخىنى ئۆستۈرۈپ، دەۋا ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گۇۋاھلىق تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق گۇۋاھچىلارنىڭ سوتقا چىقىپ ئەينەن گۇۋاھلىق بېرىشى، سوتچىلارنىڭ دېلو پاكىتىنى توغرا تونۇشى ۋە بېكىتىشى، توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئادەم كۈچى، مالىيە، ۋاقىت قاتارلىق ئامىللارنىڭ سەرپىياتىنى تىزگىنلەپ، دەۋا تەننەرخىنى تۆۋەنلەتكىلى، دېلو ئىشلەش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەدلىيە ئادىللىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ دەۋا تەرتىپىدە گەرچە ئەنگلىيە، ئامېرىكا قانۇن سىستېمىسىدىكى دۆلەتلەردەك گۇۋاھلىق سۆزى مەركەز قىلىنمىسىمۇ[5]، لېكىن گۇۋاھلىق سۆزى ھەق تەلەپ دەۋاسىنىڭ تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. دەلىل- ئىسپات تۈزۈمى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ يادروسى. گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمى دەلىل- ئىسپات تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. دەلىل- ئىسپاتى ئېنىق بولمىغان دەۋادا قانۇننى توغرا تەدبىقلاش، ھەق-ناھەقنى ئايرىش، دېلونىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش ۋە شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئەدلىيە پائالىيىتىگە نىسبەتەن ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس.

دۆلىتىمىزدە 1991- يىلى ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈشتىن بۇرۇن، گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا مۇكەممەل بەلگىلىمە تۈزۈلمىگەن بولۇپ، 1991- يىلىدىكى ئۆزگەرتىلگەن ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدا «دەۋالاشقۇچىلار ئۆزى قىلغان ئەرزگە ئۆزى ئىسپات كۆرسىتىش» بەلگىلەندى. 1998- يىلىدىكى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى چىقارغان بىر قانچە بەلگىلىمىدە گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمىگە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى . 2008-يىلىدىكى يېڭىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ يولغا قويۇلغان ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدىمۇ ھەق تەلەپ سوت قىلىش تەرتىپى ۋە گۇۋاھلىق تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

لېكىن بىر پۈتۈن گەۋدىسىدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە كاپالەتكە ئىگە بولۇشى يەنىلا مۇكەممەل ئەمەس.

## 2.دۆلىتىمىز ھەق تەلەپ دەۋاسى گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى

گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ قانۇن ئېڭى، ئوبيېكتىپ تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش دەرىجىسى ۋە باشقا ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن گۇۋاھچىلارنىڭ ھەق-ناھەق ئېڭى ئېنىق ئەمەس، قانۇن بويىچە گۇۋاھلىق بېرىش مەسئۇلىيەت تۈيغۇسى كەمچىل بولغاچقا، ئەدلىيە ئەمەلىيىتى جەريانىدا گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىش، سوتقا چىقىشنى رەت قىلىش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلانماقتا.

### 1) گۇۋاھلىق بەرگۈچىدىكى سەۋەب تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەر

(1) گۇۋاھلىق بەرگۈچىنىڭ قانۇنىي ئېڭىنىڭ تۆۋەن بولۇشى

گۇۋاھلىق بېرىشنى ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشقانلىق، ئۆزىگە ئۆزى ئاۋارىچىلىق تاپقانلىق، گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ئۆزىگە قەتئىي پايدىسى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن كەتكەن چىقىملارنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ، ۋاقتنى ۋە زېھنىنى بىكار ئىسراپ قىلغانلىق ھەم بىۋاستە ئىقتىسادىي زىيان كېلىپ چىقىدۇ دەپ قاراپ بىتەرەپ مۇئامىلىدە بولىدۇ ياكى سەۋەب تېپىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ، گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ .

گۇۋاھچى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ تەھدىت سېلىشىدىن، ئۆچ ئېلىشىدىن قورقىدۇ. گۇۋاھلىق بەرگۈچى سوتنى قارشى تەرەپ دەۋالاشقۇچىلارغا پايدىسىز بولغان ئەھۋاللار بىلەن تەمىنلىسە، شۇ دەۋالاشقۇچىنىڭ تەھدىت سېلىپ، ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ، گۇۋاھلىق بېرىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.

(2) ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ كۆرسەتكەن پاسسىپ تەسىرى

بازار ئىگىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن بىر قىسىم كىشىلەر قارىغۇلارچە ئىقتىسادىي مەنپەئەت قوغلىشىپ گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىدۇ ياكى يالغان گۇۋاھلىق بېرىدۇ. قەدىمدىن ھازىرغىچە كىشىلەر كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئادەمگەرچىلىككە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەچكە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئادەمگەرچىلىكنى قانۇندىن يۇقىرى قويۇپ، باشقىلار ئارىسىدىكى ماجىراغا ئارىلىشىپ قېلىشنى خالىمايدۇ، ھەتتا گۇۋاھلىق بەرسە ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئوبرازىغا تەسىر يېتىدۇ دەپ قاراپ، سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىدۇ.

(3) ئالاھىدە گۇۋاھچىلارنىڭ رولىغا سەل قاراش

ئالاھىدە گۇۋاھچىلار دېگەندە يېشى، ئەقلىي قابىلىيىتى، روھىي ۋە پسىخىكا ھالىتى قاتارلىق جەھەتلەردە نورمال ئادەملەر بىلەن پەرقلىنىدىغان، دېلو ئەھۋالىنى بىلىدىغان، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئىلتىماس قىلىشى ئارقىلىق سوت مەھكىمىسىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. يەنى قورامىغا يەتمىگەنلەر، ياشانغانلار دېۋەڭلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار، ئۇتتاقلىق روھىي كېسەللەر، ئەقلىي قابىلىيىتى ئاجىزلار قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى ئىپادىلەش ئىقتىدارى چەكلىك بولىسمۇ، لېكىن ئۇلار ئاددىي شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تاشقى دۇنيانىڭ پاسسىپ تەسىرىگە ئازراق ئۇچرىغانلىقتىن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ سۆزى ھەقىقىي ۋە ئىشەنچلىك بولۇپ، دېلو پاكىتىنى ئېنىقلاشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. لېكىن ئالاھىدە گۇۋاھچىلارنىڭ ئادەتتە يازما گۇۋاھلىق بېرىشى بىر قەدەر قىيىن، سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشمۇ قولايسىز بولغاچقا، ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدە ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىق رولىغا سەل قارالماقتا.

### 2) قانۇن چىقىرىش جەھەتتىكى مۇكەممەل بولماسلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەر

دۆلىتىمىز «ھەق تەلەپ قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمى ئەدلىيە ئەمەلىيىتى جەرياندا

www.uyghurkitap.com



بەلگىلىك رولىلارنى ئوينىغان بولسىمۇ، بىراق، قانۇن تۈزۈش ۋە چىقىرىش جەھەتتىكى بەزى يوچۇقلار تۈپەيلى ئەدلىيە ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. قانۇن تۈزۈش مەزمۇنىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىش، سوتقا چىقىشنى رەت قىلىش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىشىنىڭ ئاساسلىق ۋە بىۋاستە سەۋەبى بولۇپ قالماقتا.

(1) مۇناسىۋەتلىك قانۇن مەزمۇنلىرى تومتاق بولۇپ، ئاممىباپلىقى ۋە ئىلمىيلىقى كەمچىل

«ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» نىڭ 70 ـ ماددىسىدا «دېلو ئەھۋالىنى بىلىدىغان بارلىق ئورۇن ياكى شەخسلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش مەجبۇرىيىتى بار» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ماددىنىڭ پرىنسىپاللىقى ناھايىتى كۈچلۈك، ئورۇننىڭ تەبئىي شەخسكە ئوخشاش گۇۋاھلىق بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنغان، گەرچە قانۇندا ئورۇننىڭ سۇبيېكتلىق سالاھىيىتى بولسىمۇ، لېكىن دېلو ئەھۋالىغا قارىتا ئىنكاس بىلدۈرۈش ئىقتىدارى يوق، ھەم سوتقا چىقىپ دەۋالاشقۇچىلار بىلەن يۈزلەشتۈرۈشنى قوبۇل قىلىشقىمۇ ئامالسىز بولۇپ، گۇۋاھچىنىڭ سالاھىيەت شەرتىگە ماس كەلمەيدۇ.

گۇۋاھچىنىڭ سوتقا چىقىش ئۇسۇلى، گۇۋاھلىق بېرىش شەكلى ۋە تەرتىپى قاتارلىق جەھەتلەردە كونكرېت تەرتىپ كەمچىل بولۇپ، گۇۋاھچىلارنىڭ سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشكە قويۇلغان تەلەپ قاتتىق ئەمەس. گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىكى توغرىسىدا ئېنىق قانۇنىي مەسئۇلىيەت بەلگىلەنمىگەن بولۇپ، يوللۇق سەۋەبى يوق تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغانلار ھېچقانداق قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدىغان بولغاچقا، گۇۋاھچىلار گۇۋاھلىق بېرىشنى خالىغانچە رەت قىلالايدۇ، بۇنىڭ بىلەن گۇۋاھچىنىڭ سوتقا چىقىشى مەجبۇرىيەت دېگەن قانۇن ماددىسىنىڭ چەكلەش كۈچى بولمىغان. «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى» نىڭ 104ـ ماددىسىدا يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن شەخسلەرگە 1000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇش ياكى 15 كۈندىن تۆۋەن تۇتۇپ تۇرۇش، ئورۇنلارغا 1000 يۈەندىن يۇقىرى، 3000 يۈەندىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇش، ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغانلارنى جىنايى ئىشلار قانۇنى بويىچە جازالاش» دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن دۆلىتىمىز «جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 305ـ ماددىسىدىكى يالغان گۇۋاھلىق بېرىش جىنايىتى پەقەت جىنايى ئىشلار دەۋاسىدىكى گۇۋاھچىلارنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەنلا چەكلىنىدىغان بولۇپ، ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى گۇۋاھچىلارنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغاچقا، گۇۋاھچىلارنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشىگە قارىتا بېرىلىدىغان جىنايى جازا ئېنىق بەلگىلەنمىگەن .

(2) قانۇن ماددىلىرىنىڭ مەزمۇنى ئۆلۈك، ھەتتا زىددىيەتلىك

ئۆلۈك دېگىنىمىز، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى»نىڭ 122ـ ماددىسىدا «خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوتلىغاندا سوت ئېچىلىشتىن ئۈچ كۈن بۇرۇن دەۋالاشقۇچىلار ۋە باشقا دەۋاغا قاتناشقۇچىلارغا ئۇقتۇرۇشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە تەييارلىققا بېرىلگەن بۇ ئۈچ كۈن ۋاقىت قىسقا بولۇپ، گۇۋاھچىلار تولۇق تەييارلىق قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ. ئارىلىق يىراق، قاتناش قولايسىز بولۇپ قالسا گۇۋاھچىلارغا ۋاقىت يېتىشمەي، سوتقا ۋاقتىدا يېتىپ كېلەلمەيدۇ ھەم گۇۋاھلىق بېرىش ۋاقتى تۇيۇقسىز ئۇقتۇرۇلغاچقا، گۇۋاھلىق بەرگۈچى خىزمەت ۋە باشقا پائالىيەتلىرىنى ئاللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان بولسا ئۆزگەرتىشنى خالىماي گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن سوتقا چىقمايدۇ .

زىددىيەتلىك دېگىنىمىز، «ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى»دا «دېلونىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلىدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش مەجبۇرىيىتى بار» دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن بۇ ماددىدا كەسپىي مەخپىيەتلىك ۋە دۆلەت مەخپىيەتلىكى سەۋەبىدىن ئادۋوكاتلارنىڭ، مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ، يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بارلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشكە بولمايدىغانلىقى مۇستەسنا قىلىنغان بولۇپ، «ئادۋوكاتلار قانۇنى» ۋە باشقا قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەر بىلەن زىددىيەتلىك بولۇپ قالغان.

«ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى»نىڭ 70- ماددىسىدا «ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان كىشىلەر گۇۋاھلىق بەرسە بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ ماددا تولىمۇ تومتاق بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەردىكى «ھەرىكەت ئىقتىدارى چەكلىك كىشىلەر يېشى ۋە ئۆز ئەقلىي ئىقتىدارىغا ماس ھالدا گۇۋاھلىق بەرسە بولىدۇ» دېگەن ماددا بىلەن زىددىيەتلىك .

(3) گۇۋاھچىلارنىڭ ھوقۇق-مەجبۇرىيىتى باراۋەر ئەمەس

ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدا گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش مەجبۇرىيىتى تەكىتلىنىپ، گۇۋاھچىلارنىڭ بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقىغا سەل قارالغان بولغاچقا، ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقى كېلىپ چىققان. مەسىلەن: گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن سوتقا چىققاندىكى كەتكەن چىقىم ۋە كېمىيىپ كەتكەن كىرىم قاتارلىق ئىقتىسادىي زىيانلارغا بولغان تولۇقلىما مەسىلىسى، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىنكى ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ جىسمانىي، مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە قانۇندا ئېنىق بەلگىلىمە يوق، بولسىمۇ مۇجمەل، ئەمەلىيلىشىشى تولۇق ئەمەس. بۇ سەۋەبلەر گۇۋاھچىنىڭ مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، گۇۋاھچى ئاسانلا گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىدۇ ياكى سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ.

**3) قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەر**

سوت قىلىش خادىملىرى قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ سۇبىيېكتى بولۇپ، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا، ئۇلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ، لېكىن سوت قىلىش داۋامىدا قىسمەن سوتچىلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى ياكى خىزمەت ئۇستىدىكى بىپەرۋالىقى تۈپەيلىدىن گۇۋاھلىق تۈزۈمى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشمەي، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش ئاكتىپلىقىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىپ، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىشىدىكى يەنە بىر سەۋەبىگە ئايلاندى.

(1) سوتچىلارنىڭ گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىشى ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىشىنىڭ زىيىنىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس

بەزى ئەدلىيە خادىملىرىمىز قارىغۇلارچە ئۈنۈم قوغلىشىپ، دېلونى تېز سۈرئەتتە سوت قىلىپ تۈگىتىش ئۈچۈن، گۇۋاھچىلارنىڭ سوتقا كەلمەسلىك سەۋەبىنى ئەستايىدىل تەكشۈرمەيلا تەستىقلىۋېتىدۇ. گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش قىلمىشىغا بولغان چەكلەش تەدبىرى ياكى بېرىلىدىغان جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈنۈملۈك بولمىغاچقا، كۆپ ھاللاردا گۇۋاھچىلار سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بەرمەيدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىپ، دېلو پاكىتىنى ھەقىقىي ئېنىقلاپ چىقىشقا ئامال بولمايۋاتىدۇ.

(2) گۇۋاھچىلارنىڭ سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بەرگەن مەزگىلىدىكى چىقىملىرىغا بېرىلىدىغان تولۇقلىما يېتەرلىك ئەمەس

قاتناش ، ياتاق-تاماق چىقىمى، ئىشتىن قېلىش ھەققى قاتارلىقلارغا بېرىلىدىغان تولۇقلىما يېتەرلىك بېرىلمەيدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. «خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دەۋا ھەققى يىغىش چارىسى»نىڭ 2- ماددىسىدا گۇۋاھچىنىڭ چىقىملىرىنى خەلق سوت مەھكىمىسى دەۋالاشقۇچىدىن يىغقاندىن كېيىن، گۇۋاھچىغا چىقىم قىلىپ بېرىشى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، مەشغۇلات قىلىشتىكى ئاۋارىچىلىق، سومما مىقدارى ۋە دائىرىسىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ھەقىقىي ئىجرا بولماي، گۇۋاھچىلارنىڭ ئەمەلىي چىقىمى ۋە ئىقتىسادىي زىيىنى تولۇقلىمىغا ئېرىشەلمىگەچكە، ئۇلار سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشنى خالىمىغان.

(3) گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى سەۋەبىدىن تەھدىت ۋە ئۆچ ئېلىشقا ئۇچرىغان ئەھۋاللارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى مۇكەممەل ئەمەس

بەزى گۇۋاھچىلار گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكى زىيانغا ئۇچرىغاندا، دەل ۋاقتىدا،

www.uyghurkitap.com



ئۇنىۋملۇك بىر تەرەپ قىلىنمىغان. قانۇندا خەلق سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى گۇۋاھچىلارنى قوغداش سۇبيېكتى قىلىپ بەلگىلەنگەن، لېكىن كونكرېت مەسئۇلىيەت دائىرىسى توغرىسىدا بەلگىلىمە بولمىغاچقا، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار خىزمەتنى بىر-بىرىگە ئىتتىرىپ، مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ، گۇۋاھچىلارنىڭ ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنمىغان. گەرچە «ھەق تەلەپ قانۇنى»نىڭ 152 ـ ماددىسىنىڭ 4 ـ تارمىقىدا «جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 307 ـ، 308 ـ ماددىلىرىدا گۇۋاھچىلاردىن ئۆچ ئېلىش جىنايىتىگە قارىتا قانۇن جەھەتتىن قوغداش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇلار پەقەت جازالاش خاراكتېرىدىكى قوغداش تەدبىرى بولۇپ، ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرى كەمچىل بولغاچقا، گۇۋاھلىق بەرگۈچىگە سەلبىي تەسىر پەيدا قىلغان.

(4) يازما گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتتى

ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 70 ـ ماددىسىدا «ئەگەر گۇۋاھچىلارنىڭ سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشىدە ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بولسا، سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجازىتىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يازما ئىسپات بەرسىمۇ بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. گۇۋاھچىلارنىڭ سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىلەن، دېلو پاكىتىنى ئېنىقلاشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى كۆپ قىسىم يازما گۇۋاھلىق سۆزى سوت قىلىش باسقۇچىدا، دېلو پاكىتىنى بېكىتىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان. ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىدا دېلو ئەھۋالىدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىق بەرسە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن بولغاچقا، دېلو ئەھۋالىنى ۋاستىلىق بىلىدىغانلارمۇ سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت بولغان. يازما گۇۋاھلىق بىلەن ئىككىنچى قول ئىسپاتلارنىڭ نىسبەتەن كۆپ ئىشلىتىلىشى بىر تۈركۈم مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يەنى بىرىنچىدىن، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى، يازما گۇۋاھلىق شەكلى ۋە مەزمۇنىنىڭ قالايمىقان بولۇشى، سوتچىلارنى كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا مەجبۇر قىلىپ، سوت قىلىش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئۈنۈمنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن؛ ئىككىنچىدىن، گۇۋاھچىنىڭ سوتقا چىقىپ، بىۋاستە يۈزلەشتۈرۈشنى[6] قوبۇل قىلماسلىقى سەۋەبىدىن، گۇۋاھچىلار سىرتقى تەسىرگە ئۇچرىسىلا، قالايمىقان گۇۋاھلىق بېرىدىغان ھەتتا يالغان گۇۋاھلىق بېرىدىغان ھادىسىلەر كېلىپ چىقىپ، سوتچى ۋە ئاممىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ چىنلىقىغا بولغان ئىشەنچىسى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنلەپ، دۆلەتنىڭ گۇۋاھلىق تۈزۈمى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماقتا.

## 3. گۇۋاھلىق تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش تەدبىرلىرى

ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت بەرپا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش، سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈپ، سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشنى كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشتىن سىرت، مۇھىمى قانۇن تۈزۈش ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش جەھەتتە قاتتىق بولۇپ، گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ ئىسپاتلاش رولى ۋە قىممىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

**1) گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىدىكى شەرت ۋە ئۆلچەمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش**

(1) ئورۇننىڭ گۇۋاھلىق بېرىش سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلماسلىق كېرەك. گەرچە ئورۇننىڭ گۇۋاھچى سالاھىيىتىدە گۇۋاھلىق سۆزى بىلەن تەمىنلىشى دەلىل-ئىسپات مەنبەسىنى كېڭەيتىشكە ياردىمى بولسىمۇ، لېكىن ئورۇننىڭ گۇۋاھلىقى ئالاھىدە شەخسنىڭ مەلۇم بىر ھادىسىگە بولغان ئىنكاسىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، يەنىلا تەبىئىي شەخسنىڭ تىل ۋاستىسى ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ. ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار قانۇنىدا «يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ سۇبيېكتى پەقەت تەبىئىي شەخس» دەپ بەلگىلەنگەن بولغاچقا، ئەگەر ئورۇن يالغان گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنىڭ قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش

قىيىنغا توختايدۇ. شۇڭا ئورۇننىڭ گۇۋاھلىق بېرىش سالاھىيىتىنى ئېتىراپ قىلماسلىق كېرەك.

(2) گۇۋاھچىلارغا گۇۋاھلىق بېرىش مەجبۇرىيىتىنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىنى بېرىش كېرەك. ئالاھىدە ئەھۋالدا، دېلو ئەھۋالىنى بىلىدىغانلارغا گۇۋاھلىق بېرىش مەجبۇرىيىتىنى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىنى بېرىش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇنىدا دەۋالاشقۇچىلار بىلەن يېقىن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار بولغان گۇۋاھچىلار ۋە ئالاھىدە سالاھىيەتكە ئىگە بولغان گۇۋاھچىلار[7] گۇۋاھلىق بېرىشكە بولمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. مەسىلەن: ئادۋوكات، بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بار تۇغقانلار قاتارلىقلار. بۇنداق بولغاندا گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىش ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنى ئازايتىپ، گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ چىنلىقى ۋە ھەقىقىيلىقىنى بېكىتىپ، گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمىنىڭ ئادىللىقى، ھەقىقىي ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوت خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

**2) گۇۋاھچىنىڭ سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك**

(1) گۇۋاھچىنىڭ يوللۇق سەۋەبى يوق تۇرۇپ، سوتقا چىقماسلىقىغا بولغان مەجبۇرلاش ۋاسىتىسىنى ۋە قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئېنىق بېكىتىش كېرەك. پۇقرالارنىڭ قانۇنغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قانۇنىي ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ھوقۇق-مەجبۇرىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. گۇۋاھچىنىڭ سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشى بىر خىل مەجبۇرىيەت (قانۇنىي مەجبۇرىيەت) بولۇپ، دۆلىتىمىزدە يوللۇق سەۋەبى يوق تۇرۇپ، سوتقا چىقمايدىغان ئەھۋاللارغا قارىتا مەجبۇرلاش ۋاسىتىسى ۋە قانۇنىي مەسئۇلىيەت ئېنىق ئەمەس. چەت ئەل قانۇنلىرىدا[8] مەسىلەن، ئەنگلىيەدە «يوللۇق سەۋەبى يوق تۇرۇپ سوتقا چىقمىغان گۇۋاھچىلارنى قولغا ئالسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ياپونىيەدە « يوللۇق سەۋەبى يوق تۇرۇپ سوتقا چىقمىغانلارغا جەرىمانە قويۇش، تۇتۇپ تۇرۇش قاتارلىق جازالارنى بەرسە بولىدۇ. زۆرۈر بولغاندا جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇڭا دۆلىتىمىز ئەدلىيە ئەمەلىيىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن خەلقئارا دەۋا قانۇنى تۈزۈش يۈزلىنىشىنى بىر ئىزغا سېلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن چىقىرىش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

بۇنىڭدا، بىرىنچىدىن، سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشى زۆرۈر بولغان گۇۋاھچىلارغا بولغان ئۇقتۇرۇش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، چاقىرىق ئەۋەتىپ چاقىرتىش، ئىككى قېتىم چاقىرسىمۇ سوتقا كەلمىگەنلەرنى مەجبۇرىي چاقىرتىپ كېلىش ماددىسىنى كۆپەيتىش كېرەك. شۇ ئارقىلىق گۇۋاھچىلارنىڭ سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشىنىڭ دۆلەتنىڭ مەجبۇرلاش كۈچى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان قانۇنىي مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىپ دەۋا پائالىيىتىگە يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەرىكەتلەرگە نىسبەتەن قانۇن ياكى ئەدلىيەلىك ئىزاھاتلاردا جەرىمانە قويۇش، ئەدلىيەلىك توختىتىپ قويۇش قاتارلىق چارىلەرنى بەلگىلەش، قىلمىشى ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا ئەدلىيەگە توسقۇنلۇق قىلىش جىنايىتى بويىچە جازا بېرىش كېرەك.

(2) گۇۋاھلىق بەرگۈچى ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە مال- مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدا مەخسۇس گۇۋاھچىلارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان فۇنكسىيەلىك ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىش كېرەك. ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 102- ماددا 4- تارمىقىدا «ئەدلىيە خادىملىرى، دەۋاغا قاتناشقۇچىلار، گۇۋاھچىلارغا ھاقارەت قىلىش، تۆھمەت قىلىش، زىيانكەشلىك قىلىش، ئۇرۇش، تەھدىت سېلىش قاتارلىق ئۆچ ئېلىش قىلمىشلىرىغا قارىتا، سوت مەھكىمىسى قىلمىشنىڭ ئېغىر- يېنىكلىكىگە ئاساسەن جەرىمانە قويسا، تۇتۇپ تۇرسا بولىدۇ. جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلىرىنىڭ قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

بىرىنچىدىن، قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ ئۆچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېلىش ئوبيېكتى گۇۋاھچىنىڭ ئۆزى ۋە باشقا تۇغقانلىرىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى ۋە ھوقۇق مەنپەئەتى، مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكى بولۇپ، ئۆچ ئېلىش قىلمىشىنى سادىر قىلىشى ئاسانلاشقان، شۇنىڭ بىلەن گۇۋاھچىلارنىڭ ئۆزىنى قوغدىشى كاپالەتكە ئىگە بولالمىغان.

ئىككىنچىدىن، ئۆچ ئېلىش قىلمىشى دېلو بىر تەرەپ قىلىنغۇچە ھەتتا ئىجرا تەرتىپى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان بولۇپ، قانۇن ئىجرا خادىملىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلارغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس، بىر تەرەپ قىلىشى قاتتىق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەرەپتىن، قانۇن چىقىرىش جەھەتتە گۇۋاھچىلارنىڭ سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشىدىن پەيدا بولغان مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە بولغان قوغداش ماددىلىرىنى ئېنىق بەلگىلەپ، زىيانلىق ئاقىۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە چەكلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، سوتتىن بۇرۇن گۇۋاھچىنىڭ سالاھىيىتى، ئادرېسى قاتارلىق ئەھۋاللارنى مەخپىي تۇتۇپ، گۇۋاھلىق بېرىپ بولغاندىن كېيىن، زىيانكەشلىككە ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە زىيانغا ئۇچرىسا مۇۋاپىق تولۇقلىما بېرىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملار گۇۋاھچىلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، گۇۋاھچىغا بولغان پوزىتسىيەسىگە دىققەت قىلىشى، زىيانكەشلىككە ئۇچراش قىلمىشىغا بولغان تونۇشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، خىزمەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، قانۇنىي ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇپ، دەل ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك ھالدا ئالدىنى ئېلىپ، قانۇنسىز قىلمىشلارنى جازالىشى، گۇۋاھچىلارنىڭ ئىچىدىكى غەم-ئەندىشە ۋە تەشۋىشنى تۈگىتىشى لازىم.

### 3) گۇۋاھچىلارنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك

سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىش دۆلەت قانۇنىنىڭ گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشكە قويغان ئەقەللىي تەلىپى. يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ جەمئىيەتكە بولغان زىيىنى سوتقا چىقماسلىقتىنمۇ ئېغىر. بىرىنچىدىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتە سۇبيېكتىپ جەھەتتىن قەستەنلىك بار بولۇپ، گۇۋاھچى دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي، دەۋالاشقۇچى تەرەپنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان يامان نىيەتتە بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئاق-قارىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ھەقىقىي پاكىتنى ئاغدۇرۇپ، سوتچىلارنىڭ دەلىل-ئىسپاتنى بېكىتىشىنى قىيىنلاشتۇرىدۇ، سوت قىلىش تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئاسانلا خاتا ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يالغان گۇۋاھلىق بەرگۈچىنى قاتتىق جازالاپ، قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش زۆرۈر.

(1) سوت قىلىش تەرتىپىنى قاتتىق باشقۇرۇپ، تەرتىپنىڭ چوقۇم ئاشكارا، ھەقىقىي بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، سوت قىلىش داۋامىدا گۇۋاھچىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈشتە قاتتىق بولۇپ، گۇۋاھچىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى، دېلودىكى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ دېلونىڭ نەتىجىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەستايىدىل كونكرېت ئېنىقلاپ، گۇۋاھلىق بېرىش ئىقتىدارى، گۇۋاھلىق سالاھىيىتى قاتارلىقلارنى توغرا بېكىتىپ، گۇۋاھلىق بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ پاكىتنى بېكىتىشنىڭ ئاساسى بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، گۇۋاھلىق بەرگۈچىگە بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقنى ۋە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش، گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ يالغان بولماسلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدۇرۇش ياكى كاپالەت بەرگۈزۈش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، دەلىل-ئىسپاتنى يۈزلەشتۈرۈش چوقۇم ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. گۇۋاھلىق بەرگۈچى سوتقا چىققاندا چوقۇم ئايرىم-ئايرىم ھالدا دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپ ۋە ئاقلىغۇچى ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللارنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا دەلىل-ئىسپات ھەقىقىي بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

تۈگىتىنچىدىن، گۇۋاھلىق بېرىشتە ئۇچۇق- ئاشكارا بولۇش كېرەك. بۇ نۇقتىدا تەكىتلەيدىغىنىمىز، گۇۋاھچىنىڭ سوتقا چىقماي يازما گۇۋاھلىق بېرىش مەسىلىسى بولۇپ، ئەگەر گۇۋاھچى قانۇندا بەلگىلەنگەن يوللۇق سەۋەب بولماي تۇرۇپ، سوتقا چىقىشنى رەت قىلسا، بەرگەن گۇۋاھلىقىنى دېلونىڭ ئاساسى قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر گۇۋاھچىنىڭ يوللۇق سەۋەبى بار بولسا، سوتنىڭ ئىجازىتى ئارقىلىق سوتقا چىقماي يازما گۇۋاھلىق بىلەن تەمىنلىسە، تەمىنلىگەن يازما گۇۋاھلىقنى دەۋالاشقۇچىلارنىڭ يۈزلەشتۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، باشقىچە پىكىر بولمىسا، دېلونىڭ ئاساسى قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر باشقىچە پىكىر بولسا، پىكىر ئاساسىنى ۋە ئىسپاتىنىڭ كۈچىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش كېرەك.

(2) گۇۋاھچىلار يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىك توغرىسىدا قەسەم بېرىدىغان كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش[9] كېرەك. يالغان گۇۋاھلىق بەرمەسلىك توغرىسىدا قەسەم بېرىپ كاپالەتلىك قىلىش دېگەندە، گۇۋاھچى قانۇن بويىچە سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشتە، سوتقا يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدىغانلىقى ئۈستىدە قەسەم بېرىشى، مۇناسىپ قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىزدە تېخى بۇ تۈزۈم ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلمىدى. لېكىن بىر قىسىم سوت مەھكىمىلىرى ئەدلىيە ئەمەلىيىتى جەريانىدا گۇۋاھچىلارنىڭ قەسەم بېرىپ كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە قوللىنىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. بۇ تۈزۈمنى قوللانغاندا بىر تەرەپتىن، گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش مەجبۇرىيىتىنى چەكلەپ، گۇۋاھچىلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئازايتقىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سوت تەرتىپىنى كۈچەيتىپ، سوتنىڭ ھەيۋىسىنى ۋە قانۇننىڭ كۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

(3) گۇۋاھچىلارنىڭ يالغان گۇۋاھلىقىغا بېرىلىدىغان جازالاش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ 102- ماددىسىدا «يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلەرگە ئەھۋالنىڭ ئېغىر- يېنىكلىكىگە ئاساسەن جەرىمانە قويۇش، تۇتۇپ تۇرۇش، جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن بۇ ماددىدا ناھايىتى تومتاق بولۇپ، كونكرېت مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئېنىق بەلگىلىمە يوق. بىرىنچىدىن، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش قىلمىشىنى بېكىتىشنىڭ ئۆلچىمى بەلگىلەنمىگەن؛ ئىككىنچىدىن، «جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ قانۇن بويىچە جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ھەق تەلەپ قانۇنىدىكى يالغان گۇۋاھلىق بېرىش مەسىلىسىگە نىسبەتەن جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلىمە چىقىرىلمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنى خۇلاسىلەپ چىقىپ، قانۇن تۈزۈش ۋە ئەدلىيەلىك ئىزاھاتلاردا ئېنىق ۋە كونكرېت بولغان جازالاش تەدبىرىنى بېكىتىپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بېرىش قىلمىشىغا ئۈنۈملۈك زەربە بېرىشى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ، يوللۇق بولغان ئەدلىيە تەرتىپىنى قوغداپ، گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمىنىڭ ئەدلىيە ئەمەلىيىتىدىكى رولى ۋە قىممىتىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

دېمەك، دەلىل- ئىسپات تۈزۈمى — ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىنىڭ يادروسى. گۇۋاھلىق بېرىش تۈزۈمى دەلىل- ئىسپات تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. گۇۋاھلىق تۈزۈمى — ھەق تەلەپ دەۋاسىنىڭ ئادىل، ھەققانىي ئېلىپ بېرىلىشىدىكى مۇھىم تۈزۈم. دەلىل- ئىسپاتلار ئېنىق بولمىغان دەۋادا قانۇننى توغرا تەدبىقلاش، ھەق-ناھەقنى ئايرىش، دېلونىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. گۇۋاھچىنىڭ سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشى دېلونىڭ پاكىتىنى بېكىتىشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان بولۇپ، ئەگەر گۇۋاھلىق بېرىشتە مەجبۇرىي تەلەپلەر ۋە ۋاستىلەر قوللىنىلمىسا، ئىسپات كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتى پۈتۈنلەي دەۋالاشقۇچىلارغا يۈكلەپ قويۇلۇپ، كۆپلىگەن ھەق تەلەپ ھوقۇقلىرى ئىسپات كۆرسىتەلمەسلىك ياكى ئىسپات تولۇق بولماسلىق سەۋەبىدىن قوغداشقا ئېرىشەلمەي،

www.uyghurkitap.com



جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى ۋە ھەققانىيلىقىغا ئېغىر تەسىر يېتىپ، ئەدلىيە ئادىللىقىدىن سۆز ئېچىش قىيىن بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گۇۋاھلىق تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، گۇۋاھچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى تەكىپۇكلاشتۇرۇپ، دىلو بېجىرىلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، جەمئىيەتتە قانۇننىڭ ئوبرازىنى ھەقىقىي تىكلىشىمىز ۋە شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ئەدلىيە پائالىيىتىگە نىسبەتەن تولۇق ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك.

## ئىزاھلار


[1] دوڭ شەنشەن: «ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى گۇۋاھلىق تۈزۈمى ھەققىدە تەھلىل»، «ئىقتىساد ۋە قانۇن» ژۇرنىلى، 2010 -يىللىق 10- سان، 27-21 بەتلەر.

[2] تاۋ ياڭ: «گۇۋاھچىلارنىڭ سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشى توغرىسىدا»، «قانۇن ۋە جەمئىيەت»، 2008-يىللىق 11 - سان.

[3] چاڭ تەي: «ھەق تەلەپ قانۇن ئىلمى»، 129-بەت. بېيجىڭ، 2008- يىل جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى.

[4] ياۋ خۇڭگېن: «ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى گۇۋاھلىق تۈزۈمى ھەققىدە چۈشەنچە»، تيەنيا قانۇن تورى، 2009- يىل9- ئاينىڭ 21-كۈنى.

[5] چاڭ تەي: «ھەق تەلەپ قانۇن ئىلمى»، 129-بەت، بېيجىڭ، جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى، 2008-يىلى.

[6] جاڭ ۋېيپىن: «چەت ئەللەرنىڭ دەلىل-ئىسپات تۈزۈمى ئۈستىدە تەھلىل »، 989 - بەت، خەلق سوت مەھكىمىسى نەشرىياتى نەشرى، 2009- يىلى.

[7] ۋاڭ رۈيخېڭ، جاڭ شۈەنبىڭ: «دۆلىتىمىزدە باھالىغۇچىلار سوتقا چىقىپ دەلىل-ئىسپات نەقلەشتۈرۈش شەكلىنى قوللىنىش»، لياۋنىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2006- يىللىق 4-سان.

[8] جى شۇجى: «ھەق-تەلەپ تەرتىپ قانۇنى»، 192-بەت، شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009- يىل 10-ئاي نەشرى.

[9] ساۋ شۈيۈننىڭ ئەدلىيە ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «گۇۋاھچىلارنىڭ سوتقا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىشنى رەت قىلىشتىكى سەۋەب ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى» ناملىق ماقالىسى، 1997-يىلى 3-سان.

[10] جۇڭ لياڭشىڭ: ئەدلىيە ژۇرنىلى، 1999-يىلى 10-سان، «ھەق تەلەپ دەۋاسىدا قەسەم بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىشنىڭ دەسلەپكى تەتقىقاتى».


## پايدىلانمىلار


1. خەن شياڭچى: «ھەق تەلەپ نەزەرىيەسى ئۈستىدە يېڭى تەھلىل»، جۇڭگو سىياسىي-قانۇن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى، 2010- يىلى.

2. جاڭ شاۋجۇڭ: «ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى گۇۋاھلىق تۈزۈمى ھەققىدە»، شيامېن ئۇنىۋرسىتېتى نەشرىياتى، 2010- يىلى.

3. جى شۇجى: «ھەق تەلەپ تەرتىپ قانۇنى»، شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009- يىل 10- ئاي نەشرى، 192- بەت.

4. خۇڭ پىڭ، شى شياۋۋېن: جياڭشى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى «دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ دەۋاسى گۇۋاھلىق تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا»، 2009- يىلى 9- ئاي.

5. جى شۇجى: «ھەق تەلەپ تەرتىپ قانۇنى» شيامېن ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 2008- يىل 10- ئاي نەشرى.

6. ياڭ مېيمېي «ھەق تەلەپ دەۋاسى گۇۋاھلىق تۈزۈمى توغرىسىدىكى تەتقىقات»، شەندۇڭ ئۇنىۋرسىتېتى نەشرىياتى ، 2007-يىلى .

7. جاۋ مىڭشەن: ئەدلىيە ژۇرنىلى 1999- يىلى 3- سان، «گۇۋاھچىلارنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى».

9. ياۋ خۇڭگېن: «ھەق تەلەپ دەۋاسىدىكى گۇۋاھلىق تۈزۈمى ھەققىدە چۈشەنچە»، تيەنيا قانۇن تورى، 2005- يىلى.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەت ھاجى

ماقالە نومۇرى: 05-121-04 (2011) 5878-1005

# ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ھەققىدە*

**خالىدە ئەنۋەر**

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۈگۈنكى كۈندە ئەنئەنىۋى بىلىملەر پەن-تېخنىكا مەدەنىيىتىدە يېڭىلىقلارنى يارىتىشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىغا ئايلاندى. شۇڭلاشقا، ئەنئەنىۋى بىلىملەرنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ماقالىدە، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ ئالاھىدىلىكى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، نۆۋەتتە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**摘要：** 当今传统知识日益成为科技文化创新的要素。因此，对传统知识资源的知识产权进行必要的法律保护显得尤为重要。文章在分析维吾尔传统医药学的特点及维吾尔医药知识产权保护的现状等有关内容的基础上，针对目前新疆维吾尔地道药材知识产权保护中的有关问题提出了相应的建议。

**Abstract:** Traditional knowledge has been increasingly becoming key elements in technological and cultural innovations. Therefore, legal protection of intellectual property rights of the traditional knowledge resources is particularly important. In this paper, based on the analysis of the characteristics of Uygur traditional medicine and the current situation of intellectual property protection of Uygur medicine, concerning the relevant issues of intellectual property protection of Uygur authentic medicine ingredients, the corresponding advice are suggested.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D923.4 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىگەرلىك ئىلمى ئىلىمىزدىكى ئەنئەنىۋى داۋالاش ۋە دورىگەرلىك سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مېدىتسىنا جەھەتتىكى ئۇزاق ھەم جاپا-مۇشەققەتلىك تارىخى ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا توپلىنىپ، بىر قەدەر مۇكەممەل ئالاھىدىلىككە ۋە مول نەزەرىيە سىستېمىسىغا ئىگە خاس كىلىنىكىلىق تەجرىبىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. بولۇپمۇ، جاھىل خاراكتېرلىك ئاق كېسەل، تېرە كېسەللىكلىرى ۋە رېماتىزمغا ئوخشاش كېسەللىكلەرنى داۋالاش جەھەتتە ئۆزىگە خاس بولغان داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە ئۈنۈملۈك دورىلىرى بىلەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك داۋالاش تېخنىكىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنىڭ خاراكتېرى بىيوتېبابەتچىلىك دورىلىرى ۋە تەبىئىي ئۆسۈملۈك دورىلىرى كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇ ئۆسۈملۈك دورىلارنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىن چىقىدۇ. ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە ھاۋا كىلىماتى، جۇغراپىيەلىك ئۇستۇنلۇك قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆزىگە خاس بولغان كىلىنىكىلىق ئۈنۈمى ۋە خىسلىتى ئارقىلىق تېببىي ساھەدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا. بىراق، نۆۋەتتە

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 12-ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** خالىدە ئەنۋەر(1960-يىلى 11-ئايدا تۇغۇلغان)، بىلىم مۈلۈك ھوقوقى ۋە ئەدلىيەلىك باھالاش ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



مەيلى دۆلەت ئىچىدىكى باشقا رايونلاردا بولسۇن ياكى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە بولسۇن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يەرلىك دورا ماتېرىيال بايلىقلىرىنى مۇۋاپىق ئېچىش، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە بۇخىل دورىلارنى كۆلەملەشتۈرۈپ، كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش، بۇخىل دورىلار ئارىسىدىكى يېڭى تۈرنى بايقاش، پەرۋىش قىلىش قاتارلىق جەھەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىلىم مۇلۇك ھوقۇقىنى قانداق قوغداش مەسىلىسى گەۋدىلىك بولماقتا. ھالبۇكى، بۇ مەسىلە ھەققىدىكى تەتقىقات مەيلى نەزەرىيە جەھەتتە بولسۇن ياكى ئەمەلىي قوللىنىش جەھەتتە بولسۇن بىرخىل بوشلۇق ھالىتىدە تۇرماقتا. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ قانۇن جەھەتتىن قوغدىلىش ئەھۋالى بىلەن بۇ ساھەنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىدا ئۆزئارا ماسلاشماسلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. بۇ خىل ئەھۋاللار ئۇيغۇر تېبابەت دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىشىغا بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىشى، ئۇيغۇر تېبابەت دورىگەرلىك كەسپىنىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلىشىغا نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە جىددىي خىرىسقىمۇ دۇچ كەلمەكتە. دېمەك، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن قانۇندىكى بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئەنئەنىۋى تېبابەت ئىلمىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن مۇھىم.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى يولغا قويۇش كېرەك.

يەرلىك دورا ماتېرىياللىرى بەلگىلىك دورىلىق ئۈنۈمگە ئىگە ئۆسۈملۈك تۈرلىرى ئىچىدىكى ئالاھىدە مۇھىت ۋە ئالاھىدە كېلىمات قاتارلىق كۆپلىگەن ئامىللارنىڭ ئۇنىۋېرسال رولىنىڭ تەسىرىدە ئۆسۈپ يېتىلىدىغان دورا ماتېرىياللىرى بولۇپ، بۇ خىل دورا ماتېرىياللىرى ئۇزۇن مەزگىللىك كىلىنىكىلىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئىسپاتلانغان ھەمدە سۈپەت ۋە داۋالاش جەھەتتە باشقا رايونلاردىكى دورا ماتېرىياللىرىدىن ياخشى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان، شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان، ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە دورا ماتېرىياللىرىنىڭ خام ئەشياسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى تېبابەت ئىلمى قارىلىق ھەرخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىشنىڭ مۇھىم ماددىي ئاساسى، شۇنداقلا تېبابەت ئىلمىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. مول بولغان تەبىئىي دورا ماتېرىياللىرى بولسا تېبابەت دورىلىرىنىڭ مۇھىم مەنبەسىدۇر. ئادەتتە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە يەرلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بولۇپمۇ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا باشقا ئۆلكىلەردىكىگە ئوخشاشمايدىغان ئۆسۈملۈكلەر تارقالغان بولغاچقا تېبابەتچىلىكتە داۋالاش ئۈچۈن تاللانغان ئۆسۈملۈك دورا ماتېرىياللىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭلاشقا تېبابەتچىلىكتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم خاس ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولغان بۇ خىل يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

1. يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا ئالدى بىلەن ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك تەبىئىي دورا ماتېرىياللىرىغا قارىتا ھۆكۈمەتنىڭ كونكرېت مۇھاپىزەت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، تېبابەت دورا بايلىقلىرىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئارقىلىق يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھەرىكەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، تېبابەت دورا بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئاساسىدا يەرلىك دورا ئۆسۈملۈك ماتېرىياللىرى بايلىقىنى قوغداش دائىرىلىرىنىڭ كۆنتەرتىپى ۋە يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىپ، بۇلارنى تېبابەت دورىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا «يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش نىزامى»

نى تۈزۈپ، نۆۋەتتە خەۋپ ئاستىدا قېلىۋاتقان بىرقىسىم قىممەتلىك يەرلىك ئۆسۈملۈك دورا ماتېرىياللىرىنى نۇقتىلىق ھالدا قوغداپ، بۇ خىلدىكى دورا ماتېرىياللىرىنى قالايمىقان يىغىش ھەرىكەتلىرىنى چەكلەش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى دورا ماتېرىيال بايلىقلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلىشى ۋە سىجىل تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بولۇپمۇ، يەرلىك ئۆسۈملۈك دورا ماتېرىياللىرى كۆپ بولغان رايونلارغا جايلاشقان ئاھالىلەرنىڭ مۇھىت قوغداش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ تەبىئىي مۇھىت بايلىقىغا زىيادە تايىنىۋېلىش ئېڭىنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىش لازىم.

2. شىنجاڭدىكى يەرلىك ياۋا ئۆسۈملۈك دورا بايلىقىنىڭ مەنبەسىنى كۆلەملەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق، بۇ خىل دورىلارنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىنىڭ مەنبەسىنى كۆلەملەشتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يەرلىك ئۆسۈملۈك دورىلارنى يېتىشتۈرۈش بازا قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بازا قۇرۇلۇشى سانائەتلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. دورىلارنى تاۋارلاشتۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش بىرقەدەر مۇقىم بولغان دورا بايلىق مەنبەسى بىلەن يەرلىك دورىلار ئارىسىدىكى ئەلا سورتلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا يەرلىك ئۆسۈملۈك دورا ماتېرىياللىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ، كەڭ كۆلەمدە يېتىشتۈرۈش بازىسىنى قۇرۇش ئارقىلىق يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپىتى ۋە مىقدارىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلغىلى ھەمدە يەرلىكتىكى ئالاھىدە ئۆسۈملۈك دورىلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى كەسپلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. شۇڭا، زور كۆلەمدە يەرلىك دورا ئۆسۈملۈك ماتېرىياللىرىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۆلچەملەشتۈرۈپ يېتىشتۈرۈش بازىلىرىنى قۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، بۇ خىل ئۆسۈملۈك دورا ماتېرىياللىرى بايلىقىنى سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۇ بايلىقتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن سىرت يەنە، بۇخىل ئۆسۈملۈك دورا ماتېرىياللىرىنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇزۇن يىللىق تارىخ مابەينىدە ئۇيغۇر خەلقى تېبابەتچىلىك ئىلمى ئارقىلىق ھەرخىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش جەريانىدا ئۆسۈملۈك دورىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان تەجرىبە ۋە تېخنىكىلارنى يەكۈنلەش بىلەن بىرگە، يەنە تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ خاسلىقىغا ئىگە بولغان دورىگەرلىك ئىلمىنى شەكىللەندۈرۈپ، يەرلىكتىكى ئۆسۈملۈك دورىلارنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيەتلىرى، كىلىنىكىلىق ئۈنۈمى، دورىلارنى تەييارلاش قائىدىلىرى، ئىشلىتىش ۋە پەرۋىش قىلىش، يېتىشتۈرۈش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلغاندىن سىرت، يەنە دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سورتلىرىنى ئايرىش، پەرقلەندۈرۈش، جەھەتلەردىكى بىلىملەرنىمۇ تەتقىق قىلىپ كەلگەن. يەنە كېلىپ شىنجاڭ ياۋروپا- ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان، تۆت ئەتراپى دېڭىزدىن يىراق، ھاۋا كىلىماتى بىرقەدەر قۇرغاق، يامغۇر ئاز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆزىگە خاس ئۆسۈملۈكلەر تۈپىنى شەكىللەندۈرگەن. تەبىئىي شارائىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقي سەۋەبىدىن شىنجاڭنىڭ تۇپراق تۈرلىرى مۇرەككەپ، تۇپراق بايلىقىمۇ بىرقەدەر مول. بۇ خىل تەبىئىي شارائىت شىنجاڭدىكى ئۆسۈملۈك تۈرلىرى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا ئۆلكە، رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زور پەرقنى شەكىللەندۈرگەن. بولۇپمۇ دورىلىق ئۆسۈملۈكلەردە ناھايىتى روشەن ئالاھىدىلىكلەر بار. تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان دورا ماتېرىياللىرىنىڭ 60% تىن كۆپرەكى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىن چىقىدىكەن. شىنجاڭدا كۆپ خىل يەرلىك دورا ماتېرىيال بايلىقلىرى بولغاندىن سىرت، يەنە بۇ خىل دورىلارنى سۈنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈش ئىمكانىيىتىمۇ بار. دېمەك، شىنجاڭدا تېبابەت دورىلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئېچىشقا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى ئۇزۇن يىللىق ئىشلىتىش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغاچقا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ھاياتىي كۈچى كۈچلۈك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگىمۇ كەڭ تونۇلغان. بولۇپمۇ، بۇخىل دورىلارنىڭ يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرى، ئاق كېسەل ۋە باشقا تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاش جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولغاچقا، شىنجاڭ بازارلىرىدىكى يوشۇرۇن كۈچى زور. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە مۇھىم دورىلىق قىممىتىگە ئىگە بولغان ئۆسۈملۈك سورتلىرىنى ۋە يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىغا قارىتا سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتىش بازىلىرىنى قۇرۇپ، نۆۋەتتە مىقدارى ئازلاپ كېتىۋاتقان ئۆسۈملۈك دورا ماتېرىياللىرىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا يېتىشتۈرۈش، ئائىلىلەردە تېرىش ۋە ياخشى سورتلارنى تاللاپ چىقىش بىلەن بىرگە بۇ خىل ئۆسۈملۈك دورىلارنى پەرۋىش قىلىش، يېتىشتۈرۈش ۋە كۆپەيتىش جەھەتتىكى تېخنىكىلارغا پاتېنت ئېلىش ئارقىلىق، بۇ خىل يەرلىك دورىلارنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى ئارىسىدىكى بىرقىسىم ئاز ئۇچرايدىغان دورىلار پەقەت شىنجاڭنىڭ يەرلىك، ئۆزگىچە جۇغراپىيەلىك مۇھىتىدا ياخشى ئۆسىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئۆسۈملۈكلەرنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ تېرىسا ياخشى بولمايدىغان ياكى دورىلىق قىممىتى تۆۋەنلەپ كېتىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇنداق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى يېتىشتۈرۈش، يىغىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتىكى تېخنىكىلارمۇ بىرقەدەر ئالاھىدە بولغاچقا، بۇنداق دورىلىق ئۆسۈملۈك باشقا جايلاردا ئىشلەپچىقىرىلغان ئوخشاش خىلدىكى دورا ماتېرىياللارغا سېلىشتۇرغاندا سۈپەت ۋە سورت جەھەتتە بىر قەدەر ئەلا، داۋالاش ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولۇپ، ناھايىتى مۇھىم ئەنئەنىۋى بايلىق قىممىتىگە ئىگە. بۇنداق ئەنئەنىۋى بايلىق قىممىتىگە ئىگە دورىلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى، دورا ماتېرىيال تۈرلىرى ۋە بۇنداق تۈرلەرنىڭ گېن بايلىقلىرىنى قانۇن بويىچە قوغداش ئارقىلىق روشەن مىللىي ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە بولغان دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ بىلىم ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا بىرىنچىدىن، ئىشەنچلىك بولغان دورا ماتېرىياللىرى تېرىقچىلىقىنى تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرغىلى، يەرلىك ئۆسۈملۈك دورا ماتېرىياللىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى، بۇ خىل ئالاھىدە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىرسىيەت جەھەتتىكى بايلىقىنى قوغداپ، نۆۋەتتىكى تېبابەت دورىلىرىغا بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، يەرلىك ئۆسۈملۈك دورا ماتېرىياللىرىنى كۆپلەپ كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىش ۋە پەرۋىش قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەتقىقاتلارنى ياخشى ئىشلەش ئارقىلىق بۇ ساھەدىكى مۇستەقىل بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىخەتەر ھەم ئىشەنچلىك بولغان ئەنئەنىۋى دورا مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، شەخسلەرنى تېبابەت دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىش ئېكولوگىيەلىك باغچىلىرىغا مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق تېبابەت دورىلىرىنىڭ بازار باھاسىنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي رايونلىرىدىكى ئۆلكىلىرىنىڭ ئىچىدە نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ناھايىتى ياخشى ئىشلەپ 1 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، ئۆز جايىنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى بولغان ئالقاتنى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرغان. ئەمما، شىنجاڭدا ھازىرغىچە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دورىلىرىنىڭ باشلامچى بازىلىرى قۇرۇلغىنى يوق. مۇناسىپ كەسىپ زەنجىرلىرىمۇ تېخى شەكىللەنمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا ئۆلكىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش بىزگە بۇ جەھەتتىكى يوللارنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تېبابەتچىلىك دورىلىرىنى تېرىش ۋە تەتقىق قىلىپ يېتىشتۈرۈش جەھەتتىكى بوشلۇقلارنىمۇ تولدۇرالايدۇ. تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، گەرچە شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئۆسۈملۈك دورا ماتېرىياللىرىنى ئېچىش ئىشلىرى 60 ـ يىللاردىلا باشلانغان بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئىشلىتىلىدىغان ئۆسۈملۈك دورا ماتېرىياللىرىنى يېتىشتۈرۈش، پەرۋىش قىلىش جەھەتتىكى تەتقىقاتلار ناھايىتى ئاز بولدى. شۇڭا، يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىنىڭ بىلىم مۈلۈك قوغداش خىزمىتى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن يەرلىك دورىلارنىڭ ئەنئەنىۋىلىكى ۋە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى

جەھەتتە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشىش ئەھۋالى بىرقەدەر تۆۋەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ئەھۋاللارغا چوقۇم ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى جۇڭگو ئەنئەنىۋى تېبابەت دورىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئېلىمىزنىڭ داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ بايلىقى. ئۇ، روشەن مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە شىنجاڭدىكى دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئېچىش جەھەتتىكى سىجىل تەرەققىيات نەزەرىيەسى كەمچىل. يەرلىك ئۆسۈملۈك دورا ماتېرىيال بايلىقىنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش جەھەتتىكى ئاڭ يېتەرلىك ئەمەس. ئۆسۈملۈك دورىلارنى قارىغۇلارچە ئېچىش ئەھۋالى بىرقەدەر ئېغىر. بۇ خىل ئەھۋاللارنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆسۈملۈك دورىلاردىن پايدىلىنىش ۋە ئېچىش بىلەن بىرگە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە يېڭىلىقلارنى يارىتىشنى تەكىپۇڭلاشتۇرۇش لازىم. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىنىڭ كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، تېبابەت دورىلىرىنىڭ تېخنىكا ئەۋزەللىكى بىلەن بايلىق ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولىدۇ.

## پايدىلانمىلار


1. 哈木拉提・吾甫尔，阿不都热依木等：维吾尔医药及其传统医药的研究与应用[M]，新疆：乌鲁木齐；新疆人民卫生出版，2003.
2. 科技日报，2007.3.12.
3. 王正志：中华老字号认定及中医药知识产权的法律保护{M}北京法律出版社.2007,79.
4. 中国民族医药杂志.2008 年第 2 期.
5. 中国民族医药杂志.2009 年第 3 期.
6. 中国民族医药杂志 2010 年第 1 期.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 1005 ـ 5878 (2011) 04 ـ 126 ـ 05

# ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئېڭى توغرىسىدا*

دىلنۇر رەخمىتۇللا جارى

(ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپى «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» تەھرىراتى، ئۈرۈمچى. 830002)

قىسقىچە مەزمۇنى: كوللېكتىپ ئېڭى ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرى چوقۇم ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم ساپالارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇنى ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ ئىچكى خاراكتېرى بەلگىلىگەن، كوللېكتىپ ئېڭى ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ يەككە بىلەن كوللېكتىپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، خىزمەت داۋامىدا كوللېكتىپ ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ئىلمىي ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**摘要：**群体意识是高校学报编辑必须具备的素质之一。这是由高校学报本身的内在规定性所决定的。是学报读者的群体特征的要求，是克服编辑个体的局限性的要求。正确处理学报编辑个体与群体的关系，在工作中培养学报编辑的群体意识，对于加强学报编辑队伍建设，提高学报办刊质量具有重要意义。

**Abstract:** Collective consciousness is one of the essential qualities that a university journal editor should possess. This is decided by inherent regularity of university journals, is the demands of reader's group characters, and is the requirements of overcoming the limitations of individual editors. The correct treatment of the relationships between individual editors and reader groups and the development of collective consciousness of university journal editors have great significance in strengthening the qualities of university journal editors and improving the quality of journals.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: Z62　ماتېرىيال بەلگىسى: A

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىدە كوللېكتىپ ئېڭىنىڭ بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم، بۇنى ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ ئىچكى خاراكتېرى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئۇ ئالىي مەكتەپ ئىلمىي ژۇرنىلى مۇھەررىرلىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ژۇرنال باشقۇرۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى زۆرۈر شەرت ھېسابلىنىدۇ.

## 1. كوللېكتىپ ئېڭى ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم ساپا

1) ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ژۇرنال باشقۇرۇش مەقسىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنىڭ تەلىپى. ئىلمىي ژۇرنال ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ماددىي توشۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىۋېرسال خاراكتېرگە ئىگە. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدە خاراكتېرى، يەنى كۆپ خىل پەن، كۆپ خىل كەسىپتىن تەركىب تاپقانلىقىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكى مۇھەررىرلەردىن كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ۋە ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

---

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 6- ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** دىلنۇر رەخمىتۇللا جارى، (1961- يىلى 1- ئايدا تۇغۇلغان)، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر.

شۇڭا، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، جۈملىدىن جەمئىيەتنى سەرخىل مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەشتە، مۇھەررىرلەرنىڭ شەخسىي ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقى بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، پەقەت مۇھەررىرلەرنىڭ كوللېكتىپ ھەرىكىتىنى ياخشىلاپ، كوللېكتىپ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا، ئىلمىي ژۇرنالنى ياخشى باشقۇرغىلى بولىدۇ. ناۋادا ئىلمىي ژۇرنالنى تەھرىرلەش، نەشىر قىلىشتىن ئىبارەت پۈتكۈل جەرياندا، ئايرىم ھالقىلارنى تۇتۇشقىلا ئەھمىيەت بەرگەندە، تەكشۈگۈسىزلىق كېلىپ چىقىپ، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ بىر پۈتۈن ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە تەسىر يېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئىلمىي ژۇرنالغا جەمئىيەت باھا بېرىش، جەمئىيەت ئېتىراپ قىلىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ، ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىنىڭ رولى ناھايىتى روشەن بولىدۇ. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ قىممىتى باشقا كىتاب-ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭكىدەك ئۇنداق ئاسان ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. كىتاب- ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ قىممىتى كىتابلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي قىممىتى ئارقىلىق گەۋدىلىنىپ، شۇ ئارقىلىق كوللېكتىپ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ بولسا، ئۇلارنىڭ ئىلمىي ژۇرنالنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتىكى رولى پۈتۈنلەي كوللېكتىپنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت بارلىق ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى كوللېكتىپىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تولۇق ئىشقا سالغاندىلا، ئاندىن گەۋدىلىنىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، جەمئىيەت ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىلمىي ژۇرنالغا بولغان باھاسى ھامان كوللېكتىپقا، يەنى ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى كوللېكتىپىنىڭ سەۋىيەسىنىڭ قانداقلىقىغا بولغان باھاسى بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ كوللېكتىپچانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

2) ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ئىلمىي ژۇرنال ئوقۇرمەنلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئالاھىدىلىكىنىڭ تەلىپى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئىلمىي ژۇرناللار ئالاھىدە تاۋار بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىش ئىلمىي ژۇرنالنى ياخشى باشقۇرۇشتىكى زۆرۈر شەرتكە ئايلاندى. شۇڭا، ئىلمىي ژۇرنال ئوقۇرمەنلىرى ئىلمىي ژۇرنالنىڭ تەھرىرلەش، نەشىر قىلىش پائالىيىتىنى چەكلەپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى.

ئادەتتە، ھەر قانداق بىر مەتبۇئاتنىڭ بىر تۇراقلىق ئوقۇرمەنلەر توپى بولىدۇ، بۇنى كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى، مەدەنىيەت قاتلىمى، كەسپى قاتارلىقلار بەلگىلىگەن. ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ماددىي توشۇغۇچىسى بولۇش خاراكتېرى نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات ئۇچۇرلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇرمەنلىرى كۆپىنچە نەزەرىيەۋى تەتقىقات، ئىلمىي پائالىيەت ھەمدە ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئاساسەن ئۆز كەسپىگە دائىر ئالدىنقى قاتاردىكى ئىلىم ئۇچۇرلىرىنى توغرا ئىگىلەش، يېڭى ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىش ھەمدە مۇئەييەن ئىلمىي نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇلارغا باھا بېرىش بولغاچقا، يېڭى ئۇچۇر، يېڭى نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە ئىلمىي ماقالىلەر ئالاھىدە ئالقىشقا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېڭى ئۇچۇرلىرى كەمچىل، ئوقۇش قىممىتى بولمىغان ئادەتتىكىچە ئەسەرلەر، يەنى سەۋىيەسى تۆۋەن ماقالىلەر ئالقىشقا ئېرىشمەيلا قالماستىن، بۇ خىل ماقالىلەر ئېلان قىلىنغان ژۇرنال ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئوقۇرمەنلىرىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ھەر قايسى كەسىپ ۋە ساھەلەرنى ياخشى باشقۇرۇش، بارلىق مۇھەررىرلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. دېمەك، ئىلمىي ژۇرنال ئوقۇرمەنلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئالاھىدىلىكى كوللېكتىپ ئېڭىنىڭ ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ زۆرۈر ساپاسى ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن.

ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ھەر بىر مۇھەررىردىكى چەكلىمىلىكنى تولۇقلاشنىڭ تەلىپى. مۇھەررىرلەر خاراكتېرىنىڭ مۇكەممەللىشىش دەرىجىسى ۋە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى



تەربىيەلىنىشى مۇھەررىرلەرنىڭ سەۋىيەسىنى جارى قىلدۇرۇشنى چەكلەپ تۇرىدىغان مۇھىم ئامىل. يەنە كېلىپ بۇنداق چەكلىمىلىكنى مۇھەررىرلەرنىڭ ئۆزى ئاسان سېزەلمەيدۇ. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ساپاسى ۋە تەربىيەلىنىشى ئىلمىي ژۇرنال خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بىرىنچىدىن، نۆۋەتتە ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ بىر پۈتۈن ساپاسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن، ھەر بىر مۇھەررىرنىڭ ئۆگەنگەن كەسپىي ئوخشاش ئەمەس. كۆپىنچىسى تەھرىرلىك كەسپى بويىچە مەخسۇس تەربىيە ئالمىغان. يەنى ئىلمىي ژۇرنالنىڭ كۆپ خىل پەن، كۆپ خىل كەسپىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش ھالىتى مۇھەررىرلەر قوشۇنى ساپاسىنىڭ تەكشىسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشى، سەۋىيەسى ۋە كەچۈرمىشى قاتارلىقلار ئوخشاش بولمىغاچقا مۇھەررىرلەر مۇئەييەن چەكلىمىگە ئۇچرىغان. بۇنداق ئەھۋالدا، مۇھەررىرلەر كوللېكتىپىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شەخسلەرنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلاش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. نوقۇل ھالدا شەخسنىڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەكىتلەپ، مۇھەررىرلەر كوللېكتىپىنىڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە سەل قاراش ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىدىكى كەمتۈكلۈكتۇر.

ئىككىنچىدىن، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قىممەت قارىشىنىڭ خاتا يېتەكلىشى. نۆۋەتتە ئېلىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە تۇرماقتا. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى نەزەرىيەسى ۋە ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا، بەزى قانۇن سىياسەتلىرىمىز مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، بىر قىسىم كىشىلەردە توغرا بولمىغان قىممەت قارىشىنىڭ پەيدا بولۇشى تۇرغان گەپ. بۇنىڭ ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى ھازىرقى زامان قىممەت قارىشى بولۇپ، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا مۇئەييەن بازارغا ئىگە. ئۇ پۇلغا، ئەمەلىي نەپكە ۋە شەخسكە ئەھمىيەت بېرىپ، كوللېكتىپقا سەل قارايدىغان قاراش بولۇپ، بۇنىڭدىن چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك، ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىش، راھەتپەرەسلىك، پۇلپەرەسلىك قاتارلىقلار كېلىپ چىقماقتا. بۇ خىل قىممەت قارىشى بەزى ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىدە، بولۇپمۇ ياش مۇھەررىرلەردە ئازدۇر ـ كۆپتۇر مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ئىلمىي ژۇرنالنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى بىلەن كارى بولماي، ئۆزى باش كۆتۈرۈش، كەسپداشلارنى مەنسىتمەسلىك، ئۆزى مەسئۇل سەھىپە بىلەنلا بولۇپ، ئومۇمىي ئۈنۈم بىلەن كارى بولماسلىق، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنەمەكتە. بۇ ئىلمىي ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىسىز بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىلمىي ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇنداق رېئال ئەھۋال ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## 2. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ شەخسىي رولى بىلەن كوللېكتىپ ئېڭىنىڭ مۇناسىۋىتى

ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، شەخس بىلەن كوللېكتىپنىڭ مۇناسىۋىتىدە شەخس بىلەن كوللېكتىپ باشتىن-ئاخىر ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك، ئۆز ئارا باغلىنىشلىق ۋە بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشتىن ئىبارەت قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى مۇناسىۋىتى ئىچىدە تۇرىدۇ. بۇنداق مۇناسىۋەت شەخسلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىچىدىكى ئورنى ۋە رولىنى بەلگىلەيدۇ. شەخسلەر كوللېكتىپتىن ئايرىلالمايدۇ، پەقەت كوللېكتىپقا تايانغاندىلا، ئاندىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. شەخسنىڭ رولىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، كوللېكتىپنىڭ رولىغا سەل قاراش، ھەتتا ئۇنى رەت قىلىش، كوللېكتىپنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى باھانە قىلىپ شەخسنىڭ ئاكتىپلىقىنى بېسىش توغرا بولمىغان ئۇسۇلدۇر.

مۇھەررىرلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا، ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىنى تەكىتلىگەنلىك

شەخسىنىڭ رولىنى ئىنكار قىلغانلىق بولماستىن، بەلكى نوقۇل ھالدا شەخسنىڭ رولىنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. ئىنكار قىلىنىشقا بولمايدىغىنى شۇكى، بىر مۇنەۋۋەر مۇھەررىرنىڭ بىلىمى، كەسپىي ساپاسى ۋە كەسپىنى قەدىرلەش روھى ئۆزى مەسئۇل بولغان سەھىپىلەرنى ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، يەنە پۈتكۈل تەھرىر بۆلۈمى ئەزالىرىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مۇھەررىرلەرنىڭ شەخسى رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىشىمۇ ئىنتايىن زۆرۈر.

بەزىلەر بىر ئىلمىي ژۇرنالدا بىر ئىككى مۇنەۋۋەر مۇھەررىر، بىر ئىككى گەۋدىلىك سەھىپە بولسىلا، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ سەۋىيەسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش نەزەرىيە جەھەتتە بىر تەرەپلىمىلىك، ئەمەلىيەت جەھەتتە زىيانلىق. چۈنكى، بىر ئىلمىي ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەشتە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ياكى ئىككى سەھىپىنى ياخشى باشقۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ قانداقلىقىغا قاراش كېرەك. ئىلمىي ژۇرنال كۆپ خىل پەن، كۆپ خىل كەسپلەردىن تەركىب تاپقانلىقتىن، پەقەت بىر كەسپ ياكى بىر سەھىپىنى ياخشى باشقۇرۇش بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغىلى بولىسمۇ، ئەمما ئۇ ئىلمىي ژۇرنالنى بىر پۈتۈن ياخشى باشقۇرغانغا باراۋەر بولمايدۇ.

ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ كوللېكتىپ بىلەن شەخسنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى ئىلمىي ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى كوللېكتىپى يەككە مۇھەررىرلەردىن تەركىب تاپقان. پەقەت مۇنەۋۋەر مۇھەررىرلا مۇنەۋۋەر ماقالىلەرنى، مۇنەۋۋەر ئىلمىي ژۇرنالنى تەھرىرلەپ چىقالايدۇ. شەخسنى سەرخىللاشتۇرۇش ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى كوللېكتىپىنى سەرخىللاشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەر شەرتى. شۇڭا تەھرىر بۆلۈمىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولغاندىلا، مۇھەررىرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىدار، ئالاھىدىلىك، پىسخىك ساپا ئۆز ئارا تولۇقلىنىپ، شەخسنىڭ ئىقتىدارى، قابىلىيىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللار تۈگىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شەخسنىڭ پىششىپ يېتىلمىگەن، مۇكەممەل بولمىغان ئىدىيەلىرى كوللېكتىپنىڭ تەسىرىدە تولۇقلىنىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ.

## 3. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئېڭىنى ئىلمىي ژۇرنالنىڭ كۈندىلىك ئەمەلىي خىزمىتى داۋامىدا يېتىلدۈرۈش كېرەك

(1) ئىدىيەۋى تونۇش جەھەتتىكى ئېغىشنى تۈگىتىپ، «ئۆزىنى مەركەز قىلىش»تىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كوللېكتىپ قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى، ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىش، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىشى، ھەممىدە پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىشى، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى، ئۆزىنى مەركەز قىلىش ئىدىيەسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، كوللېكتىپنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ كوللېكتىپ قىممەت قارىشىنى بىرلىكتە تۇرغۇزۇشى كېرەك.

(2) مۇھەررىرلەر كوللېكتىپىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىگە بولغان ئىدىيەۋى تەربىيەنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ئۇلارغا پارتىيەۋىلىك تەربىيەسى ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيەسى بېرىپ، ئۇلاردا ئەستايىدىل بولۇش، پۇختا بولۇش، ئىنچىكە بولۇش ۋە مەسئۇلىيەتچان بولۇشتىن ئىبارەت خىزمەت ئىستىلىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار ئارىسىدا كەسپنى ھۆرمەتلەش، كەسپنى قەدىرلەش روھىنى تەشەببۇس قىلىش، ئۇلارنىڭ

مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە شەرەپ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، پوتكۇل زېھنىنى كەسپكە بېغىشلايدىغان قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، مۇنەۋۋەر مۇھەررىرلەرنى رىغبەتلەندۈرۈش، لاياقەتسىز مۇھەررىرلەرنى تەربىيەلەپ ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئىلھام بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىلمىي ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ كوللېكتىپ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، ئۆز ئارا ياردەم بېرىدىغان، تەڭ كۈچ چىقىرىدىغان، خىزمەتلەرنى ئىلمىي ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى دەۋر قىلىپ ئېلىپ بارىدىغان قىلغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇھەررىرلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق سەرخىللاشتۇرۇش كېرەك. ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتە، ئىزدىنىدىغان، ئىجادكار تىپىدىكى، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ، ئىلمىي ژۇرنال سۈپىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تۆتىنچىدىن، ئىلمىي ژۇرنالنى باشقۇرۇشقا دائىر تۈزۈلۈك قائىدە ـ تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدا تۈزۈلگەن قائىدە- تۈزۈملەرنىڭ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشىغا، ئادىل، مۇۋاپىق بولۇشىغا، قوللىنىشقا ئەپچىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

قىسقىسى، ئىلمىي ژۇرنالنى ياخشى باشقۇرۇشتا نوقۇل هالدا بىر ياكى بىر نەچچە مۇھەررىرنىڭ ئاكتىپلىقى ياكى ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماي، بەلكى پۈتكۈل تەھرىر بۆلۈم كوللېكتىپىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، يەنى ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراستى، بىلىمىنى قېزىش ۋە تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىلمىي ژۇرنالنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك نەشر قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

## پايدىلانمىلار

1. چياۋ رۇشۆ: «يېڭى دەۋرنىڭ قەرەللىك ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئېڭىغا قويىغان تەلىپى»، «ياش مۇخبىرلار»، 2011 ـيىلى 2- سان.
2. ۋاڭ شياۋ: «هازىرقى زامان مۇھەررىرلىرى هازىرلاشقا تېگىشلىك بەش ئاڭ»، «ياش مۇخبىرلار»، 2011- يىلى 2- سان.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتهاجى**

ماقالە نومۇرى: 05-131-04 (2011) 1005-5878

# دۆلەت هالقىغان كۇتۇپخانىلارنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا*

رەيھانگۈل تۇراخۇن

(شىنجاڭ سۇ ئىشلىرى سۇ ئېلېكتىر گېيولوگىيەلىك تەكشۈرۈش تەتقىقات ئورنى، ئۈرۈمچى، 830000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، ئۇچۇر توپلاش ۋە ئۇچۇر يەتكۈزۈشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي فۇنكسىيەسى قىلغان كۇتۇپخانىلارنى يېڭى-يېڭى تەرەققىيات پۇرسەتلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. كۇتۇپخانىلاردا ئۆزئارا تورلاشتۇرۇلۇپ، رايون ھەتتا دۆلەت هالقىشتەك زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. بۇ ماقالىدە، دۆلەت هالقىغان كۇتۇپخانىلارنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، پارلاق كەلگۈسى تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان ئىجابىي رولى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلىنىدۇ.

**摘要:** 信息技术的飞速发展为把搜集信息和传授信息作为主要功能的图书馆提供了新颖的发展机遇，图书馆互相联网区域之间基至跨国之间出现了很大的发展。这篇文章阐述了跨国图书馆的主要特点与它未来的发展前途与此同时也科学地阐述了影响社会发展的积极作用。

**Abstract:** The rapid development of information technology provides a new opportunity to develop for libraries which regards gathering and imparting information as their main functions. Great developments caused by the interconnections among regions even among countries. In this paper, the author scientifically discusses the main features of multinational libraries, their future development prospects as well as the positive roles that affect social development.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G25　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى كۇتۇپخانىلارنى غايەت زور تەرەققىيات پۇرسىتى ۋە يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە قىلدى. بۈگۈنكى كۇتۇپخانىلار ئىلگىرىكى نوقۇل نەشر بۇيۇملىرىغا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، زامانىۋى ۋاسىتىلەرنىڭ ياردىمىدە كۆلەملەشكەن، ئۆزئارا تورلاشقان زامانىۋى شىفىرلىق كۇتۇپخانىلارغا ئايلاندى. بۇ هال كۇتۇپخانىلارنى ئىلگىرىكى بېكىنمە هالەتتە تار دائىرىگە مۇلازىمەت قىلىشتىن پۈتكۈل جەمئىيەتكە، دۇنياغا يۈزلىنىشتەك دۆلەت هالقىغان ئالاھىدە فۇنكسىيەگە ئىگە قىلدى.

## 1. دۆلەت هالقىغان كۇتۇپخانىلارنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى

21-ئەسىر ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىششىگە ئەگىشىپ، مەدەنىيەت، تىل قاتارلىق نۇرغۇن ساهەلەردىمۇ يەر شارىلىشىش ئومۇمىيۈزلۈك هالدا يېڭى تەرەققىيات قىزىق نۇقتىسى بولۇپ قالدى، جۈملىدىن ئۇچۇر تېخنىكىسى ئېلىپ كەلگەن يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلىق ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى ئەۋزەللىكلىرىگە تايىنىپ، ئۇچۇر توپلاش، رەتلەش ۋە ئۇچۇر تارقىتىشتەك بىر يۈرۈش خىزمەت هالقىلىرىنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش ئاساسى قىلغان كۇتۇپخانىلاردا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىپ، كۇتۇپخانىلارنىڭ دۆلەت، رايون ئاتلىشىدەك تەرەققىياتلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

---

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

ئاپتور: رەيھانگۈل تۇراخۇن، (1976-يىلى 11-ئايدا تۇغۇلغان)، ياردەمچى ئىنژېنېر، گېيولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە كۇتۇپخانا باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە كۇتۇپخانىلار تور ۋاسىتىسىنىڭ ياردىمىدە، ماتېرىيال مەنبەسى ۋە مۇلازىمەت دائىرىسى جەھەتتە دۆلەت ۋە رايون ئاتلاپ، ئاخبارات ۋە ئۇچۇر بايلىقىنى باشقا ئىجتىمائىي بايلىقلارغا ئايلاندۇرۇشنىڭ يېڭى ئىستراتېگىيەسىنى تۈزۈپ، كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ يېڭى يوللىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە.

دۆلەت هالقىغان كۇتۇپخانىلارنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانى يەنىلا دۆلەت ئىچى بولۇپ، ماتېرىيال مەنبەسى، باشقۇرۇش، جۇغلاش، ئىنفورماتسىيە، مۇلازىمەت قاتارلىق بارلىق خىزمەت هالقىلىرى يەنىلا دۆلەت ۋە مەلۇم رايون دائىرىسىدە بولۇشتەك هالەتنى ساقلاپ تۇرماقتا. گەرچە ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت نىشانى دۆلەت هالقىپ، يەر شارلىشىش بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ ئۇچۇر ئابونتلىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، مەدەنىيەت قاتلىمى، رايون ۋە مىللەت ئالاھىدىلىكى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىللارنىڭ تەسىرى سەۋەبلىك، تېزلىكتە يەر شارلىشىش ئىمكانىيىتىگە تېخى ئىگە ئەمەس، بۇ خىل ئامىللار ئۇلارنىڭ يەر شارلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە بەلگىلىك پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇ خىل تەسىرنىڭ كۈچىنى بەلگىلىك دائىرىدە چەكلەش، كۇتۇپخانىلارنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىشتە تۆۋەندىكىدەك ئىككى نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ:

**1) مەبلەغ سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك**

دۆلەت هالقىغان كۇتۇپخانىلاردا ئالدى بىلەن تېخنىكا كۈچى زور بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنالايدىغان سەرخىل قوشۇننىڭ بولۇشى ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ. كۇتۇپخانىلار تەرەققىيات قەدىمىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بۇ جەھەتتىكى سېلىنمىنى كۈچەيتىشى، مەبلەغ سېلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

**2) تور قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك**

دۆلەت هالقىغان كۇتۇپخانا بەرپا قىلىش، ئوخشاشمىغان تورلار تەرەققىياتى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدىغان قىيىن ئۆتكەل. كۇتۇپخانىلار هازىرقى ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە يېڭى تورلارنى ئېچىشى، ئەۋزەل تورلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى كېڭەيتىش، كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى، ئەڭ تېز، مۇۋاپىق بولغان تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، پىلانلىق، مەقسەتلىك، سىستېمىلىق بولغان مۇكەممەل تەرەققىيات نىشانى ۋە مېخانىزمنى بەرپا قىلىشى، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۆلەت ۋە رايون ئاتلاش مەقسىدىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەرەققىيات ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشى لازىم.

## 2. دۆلەت هالقىغان كۇتۇپخانىلار ئومۇمىيۈزلۈك رىقابەت ۋە تېخنىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ

دۆلەت هالقىغان كۇتۇپخانىلار مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، رىقابەت ئۈستۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدا يېتەرلىك ئاساس ۋە كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، بۇ ئۈستۈنلۈكلىرى بىلەن نۆۋەتتىكى كۇتۇپخانىلار تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك تەرەققىيات سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

**1) دۆلەت هالقىغان كۇتۇپخانىلارنىڭ تېخنىكا كۈچى زور**

ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، ئۇچۇرنى ئۆزىنىڭ مەھسۇلاتى ياكى «تاۋار» دەپ قارايدىغان كۇتۇپخانىلارغا تېپىلغۇسىز ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى. تۈرلۈك ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىپ، ئۇچۇر قوبۇل قىلىش ۋە ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئاپتوماتلىشىپ، ئۇچۇرنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە دەۋر قىلىش چاستوتىسى ئىلگىرىكىدىن كۆپ تېزلەشتى. بولۇپمۇ ئىنتېرنېتنىڭ ئومۇملىشىشى ئۇچۇرلارنىڭ دۆلەت ۋە رايون چېگراسىنى بۇزۇۋەتتى. دۆلىتىمىزدىكى تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردىكى كۇتۇپخانىلار بۈگۈنكى كۈندە تۈرلۈك ئوپتىك دىسكا ۋە مىكرو تىپتىكى ئېلېكترون ئۈسكۈنىلىرىنى كۇتۇپخانىلاردا ماتېرىيال توپلاش ۋە ئىزدەشنىڭ مۇھىم قورالى قىلىپ، ۋاقىت ۋە ئۈنۈم جەھەتتە تەڭ ئۆتۈشتەك يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ياراتتى. نەشر بۇيۇملىرىدىن تارتىپ تاكى ئىجتىمائىي

ئۇچۇرلارغىچە پۈتۈنلەي تورلاشقان، ئۆزئارا ھەمكارلىق تىپىدىكى يېڭى كۈتۈپخانىلارنى مەيدانغا كەلتۈردى، بۇ خىل كۈتۈپخانىلار دۆلەت ۋە رايونلاردىن ھالقىغان ئۇچۇر بايلىقى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسى بىلەن، دۆلەت ھالقىغان كۈتۈپخانا دەپ ئاتالدى. دېمەك، دۆلەت ھالقىغان كۈتۈپخانىلار ئىنفورماتسىيە بايلىقى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسى جەھەتتە ئەڭ ئىلغار تېخنىكىنى قورال قىلىپ، باشتىن-ئاخىر تېخنىكا كۈچىگە تايىنىپ رىقابەت ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە بولدى ھەم تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. تېخنىكىدا ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش دۆلەت ھالقىغان كۈتۈپخانىلارنىڭ رىقابەت ئەۋزەللىكىگە ئېرىشىشتىكى مۇھىم قورالى بولۇپ قالدى. ئۇلار باشتىن-ئاخىر قاراتمىلىق ھالدا يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارغا مەبلەغ سېلىشنى كۈچەيتىپ، يېڭى تۈرلەرنى ئاچتى. مەسىلەن: ئۇچۇر قوبۇل قىلىش ۋە ئۇچۇر تارقىتىشتا كەڭ بەلباغلىق تور ۋە يەر شارىلاشقان دۇنياۋى تەسىرگە ئىگە، خەلقئارالىق داڭلىق تور بەتلىرىنىڭ تېخنىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈردى.

**2) دۆلەت ھالقىغان كۈتۈپخانىلارنىڭ مۇلازىمەت سەۋىيەسى يۇقىرى**

دۆلەت ھالقىغان كۈتۈپخانىلار، تېخنىكا سەۋىيەسى جەھەتتە خەلقئارادىكى كۆپلىگەن كۈتۈپخانىلار بىلەن تەڭلەشكەن ياكى ئۇلارغا يېقىنلاشقان ئەھۋال ئاستىدا، مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى بازار رىقابىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل، زور تەرەققىيات پۇرسىتى يارىتىشنىڭ ئاچقۇچى قىلىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ يېرى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ، بايلىقى مول بولۇپ، ھەربىر رايون ھەربىر جاي ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. پۈتۈن يەرشارىغا نىسبەتەن بۇ خىل ئالاھىدىلىك تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، ھەربىر رايون، ھەربىر جاينىڭ ئۆزىگە خاس يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، خاسلىقى بولىدۇ. ھەربىر رايون خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى، تارىخىي تەرەققىياتى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادىتى، ئىقتىسادىي سەۋىيەسى ۋە ئېستېتىك تۇيغۇلىرى ئوخشاش بولمايدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇچۇر قوبۇل قىلىش ۋە ئۇچۇرغا بولغان ئېھتىياج جەھەتتە كۈچلۈك ماسلىشىشچانلىقىنىڭ بولۇشىنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ. دۆلەت ھالقىغان كۈتۈپخانىلار بۇ خىل تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەرقلەرنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ئۇچۇر ئابونتلىرى جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئۇچۇرلارنى تولپلاش، رەتلەش ۋە ئۇنى يەتكۈزۈش، ھەربىر ئۇچۇرنى قوبۇل قىلغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇشنى كۈتۈپخانىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل دەپ قارايدۇ. شۇڭا، دۆلەت ھالقىغان كۈتۈپخانىلار مۇلازىمەت دائىرىسى، مۇلازىمەت ئوبيېكتى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسى جەھەتتە مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە، رىقابەت يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە.

**3) دۆلەت ھالقىغان كۈتۈپخانىلار زور تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە**

دۆلەت ھالقىغان كۈتۈپخانىلار ئۆزىدىكى تېخنىكا كۈچى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسىدىكى ئەۋزەللىكى بىلەن يېڭىچە مەدەنىيەت ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئۇچۇر ئابونتلىرىنىڭ يۈزلىنىش يۆنىلىشىنى يېقىندىن ئىگىلەش ئارقىلىق، ئۇلارنى ئەڭ ئېھتىياجلىق ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ، پۇرسەتنى تۇتالايدىغان پايدىلىق ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىتلارنى ھازىرلىدى.

دۆلەت ھالقىغان كۈتۈپخانىلار تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى بولۇپ، ئۇ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە باشقا ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ تەرەققىي قىلىپ بەلگىلىك سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ پەقەت مەلۇم دۆلەت ۋە رايوننىڭ كۈتۈپخانىچىلىق ئىشلىرى تەرەققىياتىغىلا ۋەكىللىك قىلمايدۇ، بەلكى، شۇ دۆلەت ۋە رايوننىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، جۈملىدىن، ئۇچۇر ئابونتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىغا، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيەسىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، كەڭ ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. شۇڭا، دۆلەت ھالقىغان كۈتۈپخانىلار مەيدانغا كەلگەن ۋە تەدرىجىي كۆپىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، خەلق مۇشۇنداق زامانىۋى ئۇچۇر مەركىزى، ئالاھىدە مەدەنىيەت مۇئەسسەسەسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى تۈرتكىلىك رولى ئارقىلىق، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىشنى ئۈمىد قىلماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



دۆلەت ھالقىغان كۇتۇپخانىلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلغان بىرقانچە يىلدىن بېرى، يېڭىچە ئىگىلىك تىكلەش ئېڭى، بايلىق قارىشى، بىلىم مۈلۈك ئېڭى، رىقابەت ئېڭى ۋە يەرشارىلىشىش ئېڭى ئارقىلىق بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئېچىپ، ئىلىم-پەن ۋە ئۈچۈرنىڭ قىممەت يارىتىشتىكى قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايان قىلماقتا. يېڭى بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىپ، يەر شارىلىشىشنىڭ ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بەرمەكتە.

رايونىمىز ئىقتىسادتا بىرقەدەر ئارقىدا قالغان چەت ياقا چېگرا رايون، قاتناش تىرانسپورت ۋە تۇرلۇك ئالاقە، ئىجتىمائىي ئالماشتۇرۇشلار جۇغراپىيەلىك ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى بەلگىلىك توسالغۇلارغا ئۇچرايدۇ. ئەمما شەھەر، يېزىلىرىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ، جۈملىدىن ياشلارنىڭ «ئادىداس»، «سونى»، «نوكىيا»، «كوكاكولا»، «موتورولا»، «بېكخام»، «مارادونا»، «جېكسون»... قاتارلىقلارنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يۈرۈيدىغانلىقى ئۈچۈردىن ئىبارەت بۇ قۇدرەتلىك قورالنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولۇق نامايان قىلدى.

دېمەك، دۆلەت ھالقىغان كۇتۇپخانىلار ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن، ئۇ يۇكسەك دەرىجىدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا، مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق، كۇتۇپخانىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى ھەم كەلگۈسىدىكى زامانىۋى كۇتۇپخانىلارنىڭ تىپىك شەكلى.

دۆلەت ھالقىغان كۇتۇپخانىلار زور تېخنىكا كۈچى، مۇلازىمەت سەۋىيەسى ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىشتەك ئىستىراتېگىيەلىك ئەۋزەللىكلىرى بىلەن، يۇكسەك دەرىجىدىكى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە تۇرلۇك ئالماشتۇرۇشلارنىڭ ئۈزۈكسىز قويۇقلىشىشى، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ئالاقە ئىشلىرىنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ. بولۇپمۇ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەۋج ئېلىۋاتقان ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى يەر شارىلىشىش ئېقىمى پۈتكۈل كۇتۇپخانىلارنى ئۇزاققا قالماي دۆلەت ھالقىغان كۇتۇپخانىلارغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنى دۇنياۋى ئۈچۈر تورىنىڭ بېكىتىگە، پۈتكۈل يەر شارى ئۈچۈر سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرىدۇ، ئۇ چاغدا كۇتۇپخانىلار ئۈچۈر مەنبەسى ۋە مۇلازىمەت ئوبيېكتى جەھەتتە پۈتكۈل ئىنسانلارغا يۈزلەنگەن بولىدۇ.

## 3. دۆلەت ھالقىغان كۇتۇپخانىلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە كەسپلەر قۇرۇلۇشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى زور

دۆلەت ھالقىغان كۇتۇپخانىلار پۈتكۈل يەرشارى تەرەققىيات ئىستىراتېگىيەسىنىڭ ئومۇمىي رامكىسى ۋە ئەندىزىسى ئىچىدە ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىسىمۇ، ئەمما، جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، دۆلەت ئەھۋالى ۋە رايون ئالاھىدىلىكى دېگەندەك بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلى تەرەققىيات قەدىمى ۋە ئالاھىدىلىكى قىسمەن ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. ئەمما، نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ يەنىلا پۈتكۈل يەرشارى ئىستىراتېگىيەسىنىڭ مەقسىتى ئۈچۈنلا مۇلازىمەت قىلىدۇ. شۇڭا، دۆلەت ھالقىغان كۇتۇپخانا مەيلى جۇغراپىيەلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىك ياكى مىللىي خاسلىقتا ئىگە بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز جايىدىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا، كەسپلەر قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇنى تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

**1) رىقابەت ئېڭى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرىدۇ**

دۆلەت ھالقىغان كۇتۇپخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى، شۇ رايون، شۇ تارماقتا ئۈچۈرغا ئېرىشىش ۋە ئۈچۈردىن پايدىلىنىش رىقابىتىنى كۈچەيتىدۇ، كەسپلەرنىڭ ئېچىلىشى، يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى، سېتىش يوللىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىقتىسادىي ئېشىش نۇقتىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى تېزلىتىپ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا رىقابەت ۋە بازار تالىشىش

كۆرۈشنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رىقابەت، كەسپلەر قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپلا قالماي، بەلكى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىدىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

**2) دۆلەت ئىچىگە نىسبەتەن كۈچلۈك خىرىس ۋە بېسىم پەيدا قىلىدۇ**

دۆلەت ھالقىغان كۆتۈپخانىلار ئۈچۈر بايلىقى ۋە مۇلازىمەت جەھەتتىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكى بىلەن، ئوخشاش كەسپلەر ئوتتۇرىسىدا خىرىس ۋە بېسىم پەيدا قىلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىگە ئوخشاش كۆتۈپخانىلار ۋە باشقا ئۈچۈر ۋاسىتىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتتە، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى قوغلىشىپ، پۈتكۈل ئۈچۈر بايلىقىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا خىزمەت قىلدىغان دەسمايىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بازار مېخانىزمىغا ئۇيغۇن بولمىغان ناتوغرا رىقابەت، پرىنسىپسىز قىلمىشلار كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭدەك، باشقا كەسپلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ كەسكىن رىقابەت، كۈچلۈك بېسىم پەيدا بولىدۇ. دۆلەت ھالقىغان كۆتۈپخانىلار ئۆزلىرى تەمىنلىگەن ئۈچۈر بايلىقى ۋە شۇ ئۈچۈر ئېلىپ كىرگەن بىر تۈركۈم دۇنياۋى ماركىلار، يېڭى ئېقىم، مودىلار ئوخشاش كەسپتىكى كارخانا گۇرۇھلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا ئېغىر بېسىم پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۇلارغا كىرىزىس ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ ھال تەبىئىي يوسۇندا كەسپلەر قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانا ۋە باشقا سانائەت سودا تارماقلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، دۆلەت ھالقىغان كۆتۈپخانىلار تەمىنلىگەن داڭلىق ماركا، ئېسىل مەھسۇلاتلار، ئەرزان بۇيۇملار ئاتالمىش ماركا مونوپوللۇقى ئىنقىلابىنىڭ كوزىرلىرى سۈپىتىدە، ئادەتتىكى ماركا ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆزلۈكسىز ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە كۈندىن-كۈنگە بازار تېپىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**3) ئۈچۈر تۆكمىچىلىكى پەيدا قىلىدۇ**

دۆلەت ھالقىغان كۆتۈپخانىلار مەۋقەنى پۈتۈن يەرشارىغا يۈزلەندۈرگەنلىكتىن ئۈچۈرنىڭ سانى، سۈپىتى كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىش ۋە ئىستېمال سەۋىيەسىنىڭ چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، بەزى ئۈچۈرلار بەلگىلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەت يارىتىپ بەرسە، يەنە بىر قىسىم ئۈچۈرلاردىن باشقىلار ئاللىقاچان پايدىلىنىپ كەتكەن بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ خىل ئۈچۈرلارنىڭ قىممىتى تۈگىگەن، ئەخلەتكە ئايلانغان بولىدۇ. ئەمما، بۇ خىل ئۈچۈرلار كارخانا ۋە چوڭ-كىچىك گۇرۇھلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرىنى ساقلاپ قالىدۇ، ھەتتا، بەزىلەر ۋاقتى ئۆتكەن ئۈچۈلاردىن قىممەت يارىتىش يولىدا ئاۋارە بولىدۇ ياكى ناتوغرا يوللار ئارقىلىق پاسسىپ ئىجتىمائىي كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ، يەنە بىر قىسىم ئۈچۈرلار دەۋر رىتىمىنىڭ تېزلىكىدىن قىممەت يارىتىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالىدۇ. ئومۇمەن ئۈچۈر بايلىقى جەھەتتە ھەددىدىن زىيادە ئۈچۈر تۆكمىچىلىكى پەيدا بولىدۇ. بۇ بەزى ئىجتىمائىي تەرەققىياتلارغا تۈرتكە بولسىمۇ، بەزىدە ئۈچۈرنىڭ نوپۇزىنى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

دېمەك، دۆلەت ھالقىغان كۆتۈپخانىلار پەن-تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرىغا تايىنىپ، كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەت مۇئەسسەسەسى سۈپىتىدە، پۈتكۈل ئىنسانلار ئورتاق پايدىلىنىدىغان ئەڭ مۇكەممەل ئۈچۈر بايلىقى ئامبىرىغا ۋە ئىلغار قورالغا ئايلىنىدۇ.

**پايدىلانمىلار**

1. لىن كاڭ: «دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر ۋە دۆلەت ھالقىغان ئىگىلىك»، تاشقى ئىقتىساد سودا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001-يىلى نەشرى.
2. ئۆمەر بەكرى، كادىر غازى: «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئۇلۇغ ئىش»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2008- يىللىق 4-سان.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم**

32-يىللىق 4-سان | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 第 32 卷第 4 期
2011-يىلى 12-ئاي | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2011 年 12 月

ماقالە نومۇرى: 05-136-04 (2011) 5878-1005

# زامانىۋى كۇتۇپخانىلار كىتاب-ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىشتا دەۋر تەلىپىگە ماسلىشىشى كېرەك*

نازۇكئاي ئابلىمىت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، ئۈرۈمچى. 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى :** ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ يەر شارىلىشىشى، مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ھەر دەرىجىلىك كۇتۇپخانا ۋە ئۇلاردىكى تۈرلۈك كىتاب-ماتېرىياللاردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. مەزكۇر ماقالىدە، تۈرلۈك پەنلەرنىڭ كېسىشمە نۇقتىسىدا تۇرۇپ يېزىلغان تۈرلۈك كىتاب-ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتى تەتقىق قىلىنىپ، بۇ خىل ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىشنىڭ يېڭىچە يوللىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：**随着经济和文化的全球化，作为文化事业重要组成部分的图书馆及文献资料展现了自己的作用。该文章主要讨论了寻找关于占在各个学科交叉点来编写的各种文献资料的新分类方法和理论。

**Abstract:** With the globalization of economy and culture, as an important part of cultural undertakings, libraries, documents and materials manifest their roles. In this paper, the author discusses new classification methods and theories of compiling various documents and materials on the basis of searching for various disciplines the intersections.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G25　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ھازىر پەن- تېخنىكا كىيىنكى سانائەت دەۋرىدە، مەدەنىيەت بولسا كىيىنكى زامانىۋى يەنى «پوستمودېرنىن» دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ. كىيىنكى زامانىۋىلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئىپادىسى شۇكى: 18- ئەسىردىن باشلاپ غەلىبە قازانغان ۋە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئاساسىي ئېقىمغا ئايلانغان مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات نىشانى ئاساسەن ئورۇندىلىپ بولدى. مەڭگۈ يېڭىلىقتا تەشنا ئىنسانىيەت ئەقلىيلىك ۋە ئىجتىمائىي ۋىجدان ئەنئەنىسىنى ئاساس قىلغان بۇ مەرىپەتچىلىكنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن يېڭىراق نەرسە ئېھتىياجى تۇغۇلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەقلىيلىك ۋە ئىجتىمائىيەتنى ئاساس قىلىدىغان قىممەت قارىشىغا بولغان ئىشەنچ تەۋرىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى ئىستېمال قىزغىنلىقى ۋە تېخنىكىدىكى ئىزچىل يېڭىلاشنى ئاساس قىلغان دەۋردە، ھەممە جاي ئىنسان قىممىتىنىڭ ياتلىششى بىلەن تەڭ ماددىي قىممەت ۋە ئىجتىمائىي قىممەتنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى تەكىتلىنىشىنى بەلگە قىلغان يېڭى ئاساسىي ئېقىم بارلىققا كەلدى، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى بۇ خىل يۈزلىنىش كىيىنكى زامانىۋىلىق دەپ ئاتالماقتا. كىيىنكى زامانىۋىلىق دەۋرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كىيىنكى زامانىۋىلىق دەۋرىنىڭ ئاساسىي روھى بولغان مەركەزسىزلەشتۈرۈش ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. كىيىنكى زامانىۋىلىق بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك جەمئىيەت يۈكلىگەن ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكتىن باشقا تۆۋەندىكىدەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە: ئامېرىكىلىق مەشھۇر پوستمودېرنىزم نەزەرىيەچىسى ئىھاب ھاسان 1987-

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 12- ئاينىڭ 25-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** نازۇكئاي ئابلىمىت (1969- يىلى 5- ئايدا تۇغۇلغان). مەسئۇل باشقۇرغۇچى، كىتابلارنى ئارىيەتكە بېرىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

يېقىندا نەشر قىلىنغان «كېيىنكى زامانىۋىلىقنىڭ بۇزۇلۇش نۇقتىسى» ناملىق كىتابتا 20-ئەسىرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئاۋانگارتلىق، زامانىۋىلىق ۋە كېيىنكى زامانىۋىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەققىيات ئەندىزىسىگە بۆلۈپ تەتقىق قىلغان. ئۇ ھەربىر تەرەققىيات ئەندىزىسىگە ئايرىم-ئايرىم تەبىر بەرگەن ۋە ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ چىققان. ئىھاب ھاساننىڭ قارىشىچە ئاۋانگارتلىق ئەندىزىسى زامانىۋىلىق ۋە كېيىنكى زامانىۋىلىققا باشتىن-ئاخىر سىڭىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىككىسىدىكى ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشىمايدىكەن. زامانىۋىلىق يەنى مودېرنىزمدا ئاۋانگارتلىق ئىلگىرىكى بارلىق قىممەت قارىشىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، قىممەت قاراشلىرىنى «مەركەزسىزلەشتۈرۈش»تۇر. بۇ خىل «مەركەزسىزلەشتۈرۈش» مۇتلەقلەشتۈرۈشكە كۆنۈپ قالغان كىشىلەر ئۈچۈن ناھايىتى ئازابلىق بولۇپ، مۇتلەقلەشتۈرۈش تەرەققىياتنى چەكلەش بىلەن بىرگە يەنە كونىنى سېغىنىش تۇيغۇسى بىر قەدەر كۈچلۈك بەزى كىشىلەرگە خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭا بۈگۈنكى دەۋردە مۇتلەقلەشتۈرۈش مۇتەئەسسىپلىك ۋە قالاقلىققا، ئۇنىڭ ئەكسىچە مەركەزسىزلەشتۈرۈش ئىلغارلىققا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇتلەقلەشتۈرۈپ ئېيتىلغان سۆزلەر كۆپ بولغان جەمئىيەت تەرەققىي قىلمىغان جەمئىيەتتۇر. بىز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە دائىم مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن پىكىرلەرنى، كېسىپ ئېيتىلغان باھالارنى كۆپ ئاڭلايمىز. مەدەنىيەت ساھەسىدە بولسا بۇ خىل قىممەت قارىشىغا كۆپ دۇچار بولىمىز. مەلۇم قىممەتنىڭ مۇتلەقلەشتۈرۈلۈشى ئۇ ھەقتىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارنىڭ داۋاملىشىشىنى چەكلەيدۇ. ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلارنىڭ داۋاملىشىشىغا يول قويغۇچى ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى مۇتلەقلەشتۈرمەستىن، ئۇ ھەقتىكى ھەرخىل پەرەز ۋە گۇمانلارنىڭ بولۇشىغا يول قويىدۇ. بىز يۇقىرىدا ئېيتقان مەركەزسىزلەشتۈرۈش تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا خىلمۇخىل قىممەت قارىشىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويۇش بولۇپ، بۈگۈنكى دەۋردىكى، ھەتتا جۇڭگودىكى ئاساسلىق مەدەنىيەت نەزەرىيەسىگە ئايلانغان مەدەنىيەتتىكى كۆپ خىللىق دەل مۇشۇ ئىدىيەنىڭ مەھسۇلىدۇر. بەزىلەر مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ تۇرۇپ مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسى ھەققىدىكى نەزەرىيەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئېكولوگىيە دېگىنىمىز تەبىئىي تەڭپۇڭلۇق بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى ئىنسانىيەتكە ئاپەت ئېلىپ كەلگەنگە ئوخشاش، مەدەنىيەتتىكى ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئېغىر ئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەلۇم خىل جانلىقنىڭ يوقىتىلىشى ياكى مەلۇم بىر تەبىئىي ھالەتنىڭ ئۆزگەرتىلىشى تەبىئەتنىڭ مۇقەددەس قانۇنىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق كۈچ ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. تەبىئەت دۇنياسى بىر مەزگىل ئۆزگەرتىۋاتقاندەك خاتا تەسىراتقا كېلىپ تۇرغان ئىنسانلاردىن قاتتىق جازالاش ئارقىلىق ئۆچ ئالغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. لېكىن بۇ چاغدا تۆلەنگەن بەدەل ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى قىسمەن ئۆزگەرتىپ ئېرىشكىنىدىن مۆلچەرلىگۈسىز ھالدا يۇقىرى بولىدۇ. ئىنسانىيەت تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپلا قالماي، خۇددى تەبىئەت دۇنياسىغا ئوخشاشلا ئۆز ئالدىغا مەلۇم قانۇنىيەتكە ئىگە. شۇڭا ئىنساننىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ پىكىر قىلىش خاسلىقى ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر، دەل مۇشۇ خىل تەبىئەت مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار، تۈرلۈك قىممەت سىستېمىلىرى ۋە ھەرخىل ئۇسلۇبلار مەۋجۇت. يېڭى يېزىلغان بىر كىتاب نەشر قىلىنغان يەنە بىر كىتاب بىلەن ئوخشاش بولسا ئۇنى نەشر قىلىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. ئىنسانلاردىكى ئوخشاش بولمىغان قاراشلار ۋە ئىزدىنىشلەر ئوخشاش بولمىغان كىتابلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. دۇنيادا سانسىزلىغان ئاپتورلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان سانسىزلىغان كىتابلارنى نەشر قىلغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئىنساننىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىدىكى ئوخشىماسلىق ۋە پىكىردىكى خاسلىقتىن ئىبارەت تەبىئەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر. ئىنسانلاردىكى تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىدىكى ئوخشىماسلىق ۋە پىكىردىكى خاسلىق ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ بايلىقى بولۇپ، بۇ تەبىئىي ھالدا مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقى ئىنسانلارنى سانسىزلىغان ھۇزۇرلىنىش ئىمكانىيەتلىرى ۋە تاللاش

www.uyghurkitap.com



پۈرسەتلىرىگە ئىگە قىلىدۇ. ھەقىقىي گارمونىيەلەشكەن يەنى ئىناق جەمئىيەت ياكى گارمونىيەلىك دۇنيا دەل تەرەققىي قىلىش ئۇسۇلىدىكى ئوخشىماسلىق ۋە پىكىردىكى خاسلىقتىن شەكىللەنگەن خىلمۇخىل مەدەنىيەتنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ. مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسى ھەرقانداق بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ چەتكە قېقىلىشى بىلەن بۇزۇلىدۇ. بۇ خىل بۇزۇلۇش خۇددى تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئوخشاشلا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئەۋج ئالغان مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكىنىڭ ئاساسلىق تەرەققىي قىلىش ئۇسۇلىدىكى ئوخشىماسلىق ۋە پىكىردىكى خاسلىقنى چەتكە قېقىش، مەدەنىيەتتىكى كۆپ خىللىقنى يوق قىلىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئېلىپ كەلگىنى مەدەنىيەتتىكى چۆللىشىش ۋە روھىي ئاچارچىلىق بولغان ئىدى. ھازىرقى دەۋردىمۇ زامانىۋىلىق ۋە كېيىنكى زامانىۋىلىق دەۋرىگە كىرمىگەن بەزى دۆلەتلەردە دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە ئىدىيەۋى تېررورلۇق كىشىلەرنى روھىي ئاچارچىلىققا گىرىپتار قىلىپ، مەدەنىيەتنى چۆللەشتۈرمەكتە.

مەدەنىيەتتىكى كۆپ خىللىق بىر تەرەپتىن ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ تەڭ ۋە باراۋەر ئاساستا مەۋجۇت بولۇشىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئېنىقسىزلىقتىن بېشارەت بەرمەكتە. مەلۇم بىر خىل مەدەنىيەتنى مۇتلەقلەشتۈرۈش ئىككى خىل ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ: بۇنىڭ بىرى، ئاشۇ خىل مەدەنىيەتنى مۇتلەق ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىرىدۇ؛ يەنە بىرى، ئاشۇ خىل مەدەنىيەتنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئومومىي لەززەتلىنىش پىرىنسىپىدىن چەتلەشتۈرىدۇ، يەنە شۇ خىل مەدەنىيەتكە ئىنسانىيەت قوبۇل قىلالمايدىغان ئايرىملىقنى يۈكلەپ، ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇش ئارقىلىق ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

مەدەنىيەتتىكى مەركەزسىزلەشتۈرۈش بەزىدە مەدەنىيەت سالاھىيىتى جەھەتتىكى ئېنىقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. مەدەنىيەت سالاھىيىتىدىكى ئېنىقسىزلىق ئىجتىمائىي جەھەتتىن بىر ئادەمنىڭ سىياسىي ئورنىنىڭ ئۇنىڭ مەدەنىيەتتىكى سالاھىيىتى بىلەن چىقىشالماسلىقى سەۋەبىدىن ئورۇن ئالمىشىشى بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى رۇس يازغۇچى سولژېنىتسىننىڭ ئەسەرلىرى ئامېرىكا ئەدەبىياتىغا تەۋەمۇ ياكى رۇسىيە ئەدەبىياتىغا تەۋەمۇ؟ ۋلادىمىر نابۇكوفنىڭ ئەسەرلىرىچۇ؟ بەزىلەر تىلىدىكى سالاھىيەتكە قاراپ سولژېنىتسىن رۇس تىلىدا ئەسەر يازغاچقا رۇسىيە ئەدەبىياتىغا تەۋە دەپ قارىسا، بەزىلەر ئۇنىڭ سىياسىي سالاھىيىتى ئامېرىكا پۇقرالىقىدا ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئامېرىكا ئەدەبىياتىغا تەۋە دەپ قارىماقتا. ۋلادىمىر نابۇكوفنى قايسىسىغا تەۋە قىلىش تېخىمۇ قىيىن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى رۇس ئەدەبىيات روھى بىلەن تويۇنغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى ئىككىلا تىلدا يازغان. كۇتۇپخانىلاردا كۆپىنچە ۋلادىمىر نابۇكوفنىڭ ئەسەرلىرى ئامېرىكا ئەدەبىياتى قاتارىغا، سولژېنىتسىننىڭ ئەسەرلىرى بولسا رۇس ئەدەبىياتى قاتارىغا تىزىلماقتا. مېنىڭچە بۇ خىل ئايرىش ئۇسۇلى يەنىلا نورمال ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە فرانسىيە تەۋەلىكىدىكى چېخ يازغۇچىسى مىلان كوندېرا، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى خەنزۇ يازغۇچى خاجىن، ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى ياپونىيە يازغۇچىسى ئىشىگورو كوزئو قاتارلىقلارمۇ بار. ھازىر مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىششى بىلەن بىرگە ھەرخىل مەدەنىيەتلەرگە ئېتىبار قىلىش پىرىنسىپلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئەگىشىپ، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەر ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەردە قارشى ئېلىنغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۆز دۆلىتىدىن ئايرىلىپ باشقا دۆلەتتە بازار ئىزدەيدىغان يازغۇچىلار كۆپەيمەكتە. ئۇلار ئۆز مەدەنىيەت سالاھىيىتىدىكى ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بىلەن ئۆزلىرىگە خەلقئارا ئورۇن ھازىرلىماقتا. مەدەنىيەتتىكى مەركەزسىزلەشتۈرۈش بىر تەرەپتىن، مەدەنىيەت سالاھىيىتىدىكى ئېنىقسىزلىقتا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرخىل كەسىپلەر ئارىسىدىكى چېگرانى بۇزۇپ تاشلاشتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. قەدىمكى گرېتسىيەدە ماتېماتىكا، تېبابەت، پىسخولوگىيە، كائىناتشۇناسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پەلسەپەدىن ئىبارەت بىر پەننىڭ تارماقلىرى بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ئېنىق پەرق يوق ئىدى. بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندىمۇ ھەرخىل پەنلەر ئارىسىدىكى پەرقلەر ئېنىقسىزلىشىۋاتىدۇ. بۇ خىل ئېنىقسىزلىق پەنلەر بىلەن پەنلەرنىڭ بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى ۋە بىر-بىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى

ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بولماقتا. پىسخىك ئانالىزچىلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبە ئوبيېكتى قىلغان بولسا، پەلسەپە پىسخىك ئانالىز نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى تەڭشىدى. دېمەك، پەنلەر بىلەن پەنلەر ئۆزئارا سىڭىشتى ۋە ئارىلىشىپ كەتتى. ئىلگىرىكى دەۋرلەردە كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئىنتايىن ئاسان ئىدى. ھەتتا كىتابلارنى ماۋزۇسىغا قاراپلا تۈرگە ئايرىغىلى بولاتتى. كېيىنكى زامانىۋىلىقنىڭ ئېنىقسىزلىق پرىنسىپى پەنلەر بىلەن پەنلەر ئارىسىدىكى چېگرانى بۇزۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، كۇتۇپخانا خادىملىرى كىتابلارنى تۈرگە ئايرىشنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىپ، يېڭىچە ئۇسۇل ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. مەسىلەن، «11-سېنتەبىر» ۋەقەسى توغرىسىدا يېزىلغان ئامېرىكىلىق داڭلىق تىلشۇناس ئالىم ئاۋرام نوئام چومىسكىنىڭ «تېررورىزم مەدەنىيىتى» دېگەن كىتابىنى قايسى تۈرگە تەۋە قىلىش ئىنتايىن قىيىن مەسىلە. بۇ كىتابتا ھازىرقى دۇنيا سىياسىيسى تەھلىل قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنى سىياسىي كىتابلار قاتارىغا قويۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ كىتابتا تېررورىزمنىڭ ئاساسى بولغان دىنىي ئەكسىيەتچىلىك ھەققىدە توختالغان جايلار خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنى دىنىي كىتابلار قاتارىغا تىزىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ مەخسۇس دىن تەتقىق قىلىنغان كىتاب ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ كىتابتىكى تەھلىل ئۇسۇلى پىسخىكا تەھلىلى بولۇپ، تېررورىزمنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى پىسخىك ئاساس ناھايىتى ئىنچىكە تەھلىل قىلىنغان، لېكىن ئۇنى پىسخولوگىيە توغرىسىدىكى كىتابلار بىلەن بىر تۈرگە تەۋە قىلىش خاتا، چۈنكى ئۇنىڭدا يەنە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىمۇ خېلىلا كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. كېيىنكى زامانىۋىلىق دەۋرىدىكى ھادىسە بولغان «11-سېنتەبىر» ۋەقەسىنىڭ ئۆزىلا كېيىنكى زامانىۋىلىق دەۋرىنىڭ ھەممە خىل ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان. بۇ تېررورلۇق ھۇجۇمى بىر تەرەپتىن، غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل سىياسىي ئىدېئولوگىيە ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي توقۇنۇشنى ۋە يەنە دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا «11-سېنتەبىر» ۋەقەسىنىڭ ئۆزىلا كېيىنكى زامانىۋىلىق دەۋرى مەدەنىيىتىدىكى ئىنسانىيەت ئۇنىۋېرسال كېسەللىكى بولۇپ، ئۇنى دىنىي ياكى سىياسىي ئىش ۋە ياكى مەدەنىيەتتىكى توقۇنۇش دەپ كېسىپلا بىرسىگە تەۋە قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ پەقەت دىن ئۈچۈنلا قىلىنغان ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشىغا ئوخشىمايدۇ، نوقۇل سىياسىي ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغىمۇ ئوخشىمايدۇ.

يەنە مىسالغا ئالىدىغان بولساق، بىنورمال جىنسىي پىسخىكا توغرىسىدىكى كىتابلارنىڭمۇ بەزىلىرىنى مەلۇم تۈرگە تەۋە قىلىش ئىنتايىن قىيىن، جىنسىي ھەرىكەتتىكى بىنورماللىقلار ئاجايىپ-غارايىپ ۋە خىلمۇخىل بولۇپ، كىشىنى چۆچۈتىدىغان قاتىللىقلارمۇ، كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان غەلىتە بىمەنىلىكلەرمۇ بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغانلىرى خورلاش سەۋدالىقى، خورلىنىش سەۋدالىقى، ئۆزىنى خورلاش سەۋدالىقى، مارىلاش سەۋدالىقى، ئانانىزم، شەھۋەتخورلۇق، سەت گەپ مەستانىلىقى، ئاشكارىلاش سەۋدالىقى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە جەمئىيەتنىڭ ئەڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى ۋە ئالىملار ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلغىنى جىنسىي زوراۋانلىقتۇر. ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن زودىئاك زەنجىرسىمان قاتىللىق دېلوسى، رۇسىيەدە يۈز بەرگەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئەزالىرىنى يېيىش دېلوسى قاتارلىقلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جىنسىي زوراۋانلىقنىڭ جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان ۋەھىمىسى مۆلچەرلىگۈسىزدۇر. جىنسىي زوراۋانلىق تېمىسى بىر ياقتىن قانۇنغا، يەنە بىر ياقتىن پىسخولوگىيەگە چېتىشلىق. بەزىدە ھەتتا ئۇ سوتسىيولوگىيە ۋە پەلسەپە بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن، پاك شىنخۇانىڭ ساقچى-ئوفىتسېرلار مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «جىنسىي بىنورماللىق ۋە جىنايەت»، فۇجيەن ئىلىم-پەن نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان جىڭ جېنپېي، لىن جىنشياڭلار تۈزگەن «بىنورمال پىسخىكا ۋە قانۇنسىز قىلمىش»، شاڭخەي مەدەنىيەت نەشرىياتى نەشر قىلغان ئەنگلىيەلىك يوسېف مايبوكىنىڭ «ئىككى جىنسنىڭ توقۇنۇشى» قاتارلىق كىتابلارنى قانۇن توغرىسىدىكى كىتابلار قاتارىغا كىرگۈزۈش ياكى پىسخولوگىيە توغرىسىدىكى كىتابلار قاتارىغا كىرگۈزۈش ھەل قىلغىلى بولمايدىغان قىيىن

www.uyghurkitap.com



مەسىلە. ياپونىيەلىك داجىڭجېڭ (大井正) يازغان «جىنسىيەت ۋە نىكاھتىكى توقۇنۇش» ناملىق كىتابتا جىنسىي زوراۋانلىق پىسخىكا ۋە قانۇن جەھەتتىن تەتقىق قىلىنىپلا قالماي، يەنە سوتسىيولوگىيە نۇقتىسىدىنمۇ تەتقىق قىلىنغان. فىرانسىيەلىك مىشېل فۇكالتىنىڭ «جىنسىيەت تارىخى» دېگەن كىتابى بىلەن «نۇتقاقلىق ۋە مەدەنىيەت» قاتارلىق كىتابلىرىدا بولسا جىنسىي زوراۋانلىق خاھىشى پەلسەپەۋى جەھەتتىن تەتقىق قىلىنغان. بۇ بىر يۈرۈش كىتابلارنى نوقۇل پىسخولوگىيە، نوقۇل قانۇنچىلىق ياكى سوتسىيولوگىيەگە تەۋە قىلغىلى بولمايدۇ. بەزىلەر بۇلارنىڭ ھەممىسى جىنسىيەت توغرىسىدىكى كىتاب بولغان ئىكەن، كۇتۇپخانىلاردا جىنسىيەت توغرىسىدا ئايرىم جازا تۇرغۇزۇپ، شۇ يەرگە تىزىش زۆرۈر دەپ قارىماقتا. لېكىن بۇنداق ئايرىش بىلەنمۇ مەسىلە ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇنداق تۈرگە بۆلسەك، قانۇن توغرىسىدىكى كىتابلارنى باشقا ساھەلەرگە چېچىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئاپتورلۇق توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئورمانچىلىق بىلىملىرى قاتارىغا، بالىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداشقا ئائىتلىرىنى بالىلار ئوقۇشلۇقى قاتارىغا كىرگۈزۈش دېگەندەك. شۇنىڭ بىلەن ئاساسىي پەنلەر خاس تۈر بولۇشتىن قېلىپ، كىچىك ئاتالغۇلار ئاساس بولۇپ كېتىدۇ.

مېنىڭچە بىز كېيىنكى زامانىۋىلىق دەۋرىنىڭ ئېنىقسىزلىق پرىنسىپى ۋە رېئاللىقتا ماس ھالدا كۇتۇپخانىلاردا كىتابلارنى تۈرگە ئايرىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىشىمىز زۆرۈر. بۇ ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلە ئەمەس. ھازىرقى يۇقىرى تېخنىكا، كومپيۇتېر ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسى ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بىر كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبى بويىچە خىلمۇخىل تۈرگە تەۋە قىلىپ، بۇنى كۇتۇپخانىنىڭ سانلىق ئامبىرىدا كۆرسىتىش، ئىزدەش ئۇسۇللىرىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش قاتارلىقلار. نۆۋەتتە كۇتۇپخانىلاردا قوللىنىلىۋاتقىنى يەنىلا ئاپتورنىڭ ئىسمى ياكى كىتابنىڭ ئىسمى ئارقىلىق ئىزدەش بولۇپ، مېنىڭچە بۇنىڭغا كىتابنىڭ تېمىسى، ئۇسلۇبى ۋە چېتىشلىق دائىرىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئىزدەشنىمۇ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. مەسىلەن مىشېل فۇكالتىنىڭ «نۇتقاقلىق ۋە مەدەنىيەت» ناملىق كىتابىنى پىسخولوگىيە توغرىسىدىكى كىتابلار قاتارىدىنمۇ، سوتسىيولوگىيە توغرىسىدىكى كىتابلار قاتارىدىنمۇ، پەلسەپە توغرىسىدىكى كىتابلار قاتارىدىنمۇ تاپقىلى بولىدىغان قىلىپ قويغاندا، ئۇنى پىسخولوگىيەگە قىزىققۇچىلارمۇ، سوتسىيولوگىيەگە قىزىققۇچىلارمۇ ۋە يەنە پەلسەپەگە قىزىققۇچىلارمۇ تەڭ ئىزدەپ پايدىلىنالايدۇ. بۇ مېنىڭ قىسقىغىنە شەخسىي قاراشلىرىم، بۇ بىزنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىشىمىزنى كۈتمەكتە.

## پايدىلانمىلار


1．王岳川，尚水：《后现代主义文化与美学》，北京大学出版社，1992 年 2 月，(汉文版).

2. 李光成：《文化的结构与灭亡》，上海文美出版社，1998 年 2 月 (汉文版).

3. 特里 · 伊格尔顿：《当代西方文学理论》，中国社会科学院出版社，1988 年，(汉文版).

4. 朱娜弹 · 酷李尔：《结构主义和后结构主义》，三联出版社，1983 年 3 月 (汉文版).


جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

# Journal of Xinjiang University
(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.32, Iss.4 (Total:128) Dec 2011

## Contents

On Classification of Uygur Folk Dastan ............ *Osman. Ismail. tarim* (1)

On the Discovery of Ancient Uyghur Script ............ *Ablikim . Yasin* (9)

On the Political Ideas of Yusuf. Khass. Hajib ............ *Tursuntoxti.Atawulla* (17)

On the Development of Uyghur Education since Reform and Opening-up ............ *Chimen. Nejmidin* (27)

On the Status Quo of Income Distribution and Measures on Narrowing Income Gap ............ *Horinsa. Qasim* (33)

On XJ's Regional Economic Growth and Employment Problems of University Graduates ............ *Helchem. Emet* (40)

Research on the Uyghur Penjgah Muqami ............ *Abdure'op Teklimakaniy* (45)

On the Study of Nava'i in Kashgar ............ *Kerimjan . Abdurehim* (61)

On Uyghur Dastighan (tablecloth) Culture ............ *Gulzeper. Muhemmed* (70)

On Uyghur Nursery Rhymes and Birds Described ............ *Erkin. Dawutoghuz* (75)

On the Tragedies of Uyghur Contemporary Literature and *the Little Coal Boy* ............ *Rishat. Asim* (82)

OnUyghur Folk Custom Factors in Tiyipjan. Iliyof's Poetry ............ *Muhter . Supurgi* (92)

On the Performance Method of Bass Ghijek ............ *Muhemmet. Eli. Abdukerim* (103)

On the Improvement of Witness System of China's Civil Procedure Law ............ *Nurungul. Tuxti* (110)

On the Protection of Intellectual Property of Uygur Medicine ............ *Halide. Enwer* (121)

On Collective Consciousness of University Journal Editors ............ *Dilnur. Rexmitullajari* (126)

On Multinational Library and Its Development ............ *Reyhangul. Turaxun* (131)

Modern Book Classification Should Meet the Demands of the Times ............ *Nazukay. Ablimit* (136)

www.uyghurkitap.com

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурсом языке)

**№.4.2011г (Общий: № 128)**

## Содержание

Классификация уйгурского народного дастана........................................................ Осман Исмаил(1)

Открытие наследства в древней уйгурской письменности........................................ Абликим Ясин(9)

Ополитических идеях Юсуп Хас Хажип................................................ Турсун Тохти Атавулла(17)

Исследование развития образования уйгуров в 30 лет после проведения политики реформы и открытости........................................................................................................ Чимэн Нажмидии(27)

Проанализирование нынешней ситуации распределения доходов граждан нашейстраны и некоторые методы урегулирования разрыва доходов............................................ Хорниса Касим(33)

Оразвитии региональной экономики Синьцзяна и трудоустройстве выпускников вузов............... ........................................................................................................ Халчем Эмэт(40)

Исследование на тему " панджигах_ из цикла 12 уйгурскихмукамов".....Абдурауф Такли макани(45)

Об исследовании Алишер Навои в Кашгаре.......................................... Керимжан Абдурехим(61)

О культуре уйгурской скатерти........................................................... Гульзапар Мухаммэт (70)

Предварительное исследование уйгурских детских песенок и изображенных в них........................ н.................................................................................................... Эркин Давут Огуз(75)

концепции трагедии в современной уйгурской литературе и романе «Малыш, продающий уголь»............................................................................................................ Рищат Асим (82)

Уйгурские фольклорные элементы в поэзиях Тиипжан Элиев........................ Мухтар Супурги(92)

О методах исполнения бас_гежак.................................................. Мухаммэт Эли Абдукерим(103)

Об улучшении статуса свидетеля в гражданском процессуальном праве нашей страны.................. с.............................................................................................................. Нурунгуль Тохти(110)

О защите права интеллектуальной собственности уйгурской медицины..............Халидэ Анвар(121)

Об идеях коллективизма редакторов научныхжурналов.................. Дилнур Рахмптулла Жари(126)

Оразвитии транснациональных библиотек.............................................. Райхангуль Турахун(131)

необходимости соответствии требованию эпохи в классификации современныхкниг...................... ......................................................................................................Назукай Аблимит(136)

# پروفېسسور پەخىردىن ھېسامىدىن

## 帕哈尔丁·伊沙米丁教授



پەخىردىن ھېسامىدىن، ئەر، ئۇيغۇر، 1972-يىلى 7-ئايدا ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. 1990-يىلى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14-ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، مائارىپ مىنىستىرلىقى چەت ئەلدە ئوقۇش فوندىنىڭ تاللىشى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى لومونوسوف نامىدىكى موسكۋا دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. 1996-يىلى 7-ئايدا موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تولۇق كۇرس ۋە ماگىستىر ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى غەلىبىلىك تاماملاپ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئاخبارات كافېدراسىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. شۇ يىلى لېكتور بولۇپ باھالانغان. ئۇ ئاخبارات كەسپى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا تارقىتىش ئىلمى، ئاخباراتچىلىق كەسپىي ئەخلاقى قاتارلىق كەسپىي دەرسلەرنى ئۆتكەن. 1998-يىلىدىن 2001-يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوكتورلۇق نۇقتىسىدا دوكتور ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى تاماملىغان. 2002-يىلى دوتسېنتلىق، 2007-يىلى پروفېسسورلۇق كەسپىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. پەخىردىن ھېسامىدىن ئوقۇتۇش، تەتقىقاتتىن باشقا يەنە، 2006-يىلى 1-ئايدىن ھازىرغا قەدەر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات تارقىتىش ئىنستىتۇتىدا مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

پروفېسسور پەخىردىن ھېسامىدىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش سېپىدىكى 15 يىل مابەينىدە ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتىنى تارقىتىش ئىلمى، ئاخبارات ئەمەلىيىتى، مەدەنىيەت ھالقىغان تارقىتىش، شىنجاڭ ئاخبارات تارىخى، ئاز سانلىق مىللەت ئاخباراتچىلىقى، ئاخبارات مائارىپى قاتارلىق جەھەتلەرگە قارىتىپ، بەلگىلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. دۆلەتلىك دەرسلىك «جۇڭگو ئازسانلىق مىللەتلەر ئاخبارات تارقىتىش ئومۇمىي تارىخى»(خەنزۇچە، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008-يىلى) نى تۈزۈشكە قاتناشتى. ئۇنىڭ يەنە ئۆزى مۇستەقىل تاماملىغان «ئاخبارات زىيارەت يېزىقچىلىق ئاساسلىرى»(خەنزۇچە، جۇڭگو تىياتىر نەشرىياتى، 2007-يىلى)، «شىنجاڭ ئاخبارات تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات»(خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009-يىلى) ناملىق كىتابلىرى نەشر قىلىندى. بۇنىڭدىن سىرت، مەملىكەت ئىچىدىكى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە ئىلمىي ژۇرناللاردا 20 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى.

پەخىردىن ھېسامىدىن 2002-يىلىدىن باشلاپ دۆلەت ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات فوندى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات فوندىنىڭ «شىنجاڭ ئاخبارات تارىخى تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر گېزىت - ژۇرنالچىلىق تارىخى تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ ئاخبارات مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى» قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

پەخىردىن ھېسامىدىن 2004-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ماگىستىرلىق نۇقتىسىنىڭ تۇنجى قارار ماگىستىر ئاسپىرانت يېتەكچىلىككە بېكىتىلگەن. ھازىرغا قەدەر ئاخبارات ئەمەلىيىتى تەتقىقات يۆنىلىشى بويىچە بەش قارار 32 نەپەر ماگىستىر ئاسپىرانتنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. نۆۋەتتە يەنە 19 نەپەر ماگىستىر ئاسپىرانتنى يېتەكلىمەكتە. ئۇ 2009-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيە يېتەكچىسى بولۇپ باھالانغان.

پەخىردىن ھېسامىدىن دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات فوندىنىڭ باھالىغۇچى مۇتەخەسسىسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاخبارات تارىخى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو تارقىتىش ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ چەت ئەلدە ئوقۇغانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ مالىيە-ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات-تارقىتىش ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپلىك پروفېسسورى.

www.uyghurkitap.com


编：阿布里克木·亚森
副　主　编：阿布都肉苏力·克其克阿洪
康巴尔尼沙·买买提阿吉
本期执行编辑：阿不都力木·阿不都热依木
封 面 设 计：买买提·务拜提

باش مۇھەررىر : ئابلىكىم ياسىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: ئابدۇروسۇل كىچىكئاخۇن
قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى
بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى : ئابدىلىم ئابدۇرېھىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت ئەۋبەت




# 新疆大学学报

(哲学社会科学维文版)

(季刊)

(1980年创刊)

2011年12月1日(第32卷第4期)

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

(پەسىللىك ژۇرنال)

نەشر قىلىنغان يىلى: 1980 - يىلى

2011 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (32 - يىللىق 4 - سان)


主管单位：新疆大学
主办单位：新疆大学
出版单位：新疆大学学报编辑部
地　　址：乌鲁木齐市胜利路14号
邮　　编：830046　电话：0991-8582927
电子信箱：xuebao@xju.edu.cn
印刷单位：乌鲁木齐光大公司艺林印务中心
国内发行：全国各地邮政局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
(北京399信箱)
国际标准刊号：ISSN 1005-5878
国内统一刊号：CN 65-1034/G4-W
国外代号：5798(QR)
国内代号：58-13

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
نەشر قىلغۇچى ئورۇن: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830046　تېلېفون نومۇرى: 0991-8582927
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: xuebao@xju.edu.cn
باسقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى «گۇاڭدا» شىركىتى يىلىن باسما مەركىزى
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى خەلقئاراغا تارقىتىدۇ
(بېيجىڭ 399 - نومۇرلۇق خەت ساندۇقى)
خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى : ISSN 1005-5878
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65-1034/G4-W
خەلقئارالىق ۋاكالەت نومۇرى: 5798(QR)
مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاكالەت نومۇرى: 58-13



定价：6.00元

باھاسى: 6.00 يۈەن